
ئەختەم ئۆمەر


# قان رەڭ جىلغا



...ىللەتلەر نەشرىياتى

ئەختەم ئۆمەر

# قان رەڭ جىلغا



مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

血色山谷:维吾尔文/艾合塔木·吾马尔著.—北京:民族出版社,1997

ISBN 7—105—02877—7

Ⅰ.血… Ⅱ.艾… Ⅲ.短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ..I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(97)第 15011 号

民族出版社出版发行

(北京市和平里北街 14 号 邮编 100013)

民族出版社微机照排 北京市艺辉胶印厂印刷

各地新华书店经销

1997 年 11 月北京第 1 版 1997 年 11 月北京第 1 次印刷

开本:850×1168 毫米 1/32 印张:8

印数:00001—10000 册 定价:8.60 元

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر

قاغجىرىغان تىنىق ........................ (1)
خوتۇننىڭ ئاشنىسى ........................ (8)
ئۇيقۇلۇق سەھەر ........................ (15)
قەدىمىي زەرداب ........................ (39)
شائىر ........................ (74)
كېچىنىڭ كۆزى ........................ (81)
تۈگىمەس ئازاب ........................ (107)
لەنجۇ كوچىسىدىكى بىر ئۇيغۇر ........................ (122)
ساماۋى چەمبىرەك ........................ (152)
يۈرەكسىز سۆيگۈ ........................ (155)
قارا جاڭگال ........................ (159)
مەن ياشىغان دۇنيا ........................ (166)

قىرتاق سوققا ........................ (173)

قىز كېتىدۇ ........................ (177)

ئۇرۇمچىنىڭ ئارقا كوچىسى ........................ (191)

كونا پاختا ........................ (199)


نەسرلەر

قۇياش تۇغۇلغان يەر ........................ (228)

كۆيۈك دېڭىز ........................ (235)

ئەسلىمە

مەن ئۇنى ئارانلا ئىككى قېتىم كۆرەلىگەن ... (243)



# قاغجىرىغان تىنىق

پەقەت يىقىلىپ ياتقىنىمنىلا بىلىمەن. بۇ يىقىلىش ئۇيقۇنىڭ بېسىپ كەلگىنىمۇ، كېسىلىمنىڭ تۇتۇپ قالغىنىمۇ ياكى ئۆلۈپ قالغىنىممۇ بىلمەيمەن. ئايىغىمنىڭ ئۇچىنى بىر نەرسە يالىغاندەك قىلدى، ھەقىچان سۇ ياكى قۇم بولۇشى مۇمكىن. سەزگۈلىرىم ئۆلگەندەك قىلىدۇ. بەدىنىمدە گۆشۈم بارمىكىن؟ بەلكى گۆش ئارىلاپ يىپ تارتقان تومۇرلىرىم يۇگۇرۇپ كېتىۋاتقان، زورۇقۇپ ئېگىز لەۋاتقان ئادەمنىڭ تومۇرىدەك قارامتۇل، كۆكۈچ تۇرغاندۇ. ھازىر چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ ياكى ئۆلۈپ بولغاندىن كېيىن روھىم سەيلە قىلىۋاتامدۇ؛ تومۇرۇم باردەك، تېخى قۇرۇپ كەتمىگەندەك. ئۇنىڭدا پەقەت ئېرىق ئاستىغا ئولتۇرۇشۇۋالغان شىلىمشىق لايغا ئوخشاش بىر نەرسە باردەك

قىلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى بۇرۇنقىدەك قىزىلمىكىن دەي دېسەم
مەن يا ئۆلگىنىمنى يا ئۇخلاۋاتقىنىمنى بىلمەي سوزۇلۇپ ياتى-
مەن، پەقەت شۇنى، ئېگىز قۇم بارخىنى ئۈستىدە ياتقىنىمنى
غۇۋا ھېس قىلىمەن. مەن ئۆلۈم بىلەن چۈشىنىڭ ئارىلىقىنى
نېمە دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بۇرۇنمۇ ئاڭلاپ باقمىغان، تومۇرۇم
قۇرۇپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭدا قالغىنى قىزىل قان ئەمەستۇ.
ئۇزاق، ناھايىتى ئۇزاق قىمىر قىلماي يېتىۋېرىپ قېنىمنىڭ
رەڭگى ئېھتىمال يىرىڭدەك ئاقۇچ بىرنېمىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن
بولسا كېرەك. بۇنىمۇ تولۇق راست دېيەلمەيمەن، قان ئارىلاش
يىرىڭ ياكى تولۇق يېتىلىپ بولالمىغان يىرىڭ بولۇشى مۇم-
كىن. ئۇ ئېقىۋاتامدىكىن دېسەم، شەپىسىز، ئاقمامدىكىن دې-
سەم، بىر چاغلاردا (كېچىدىمۇ، كۈندۈزدىمۇ، سۈبھىدىمۇ بىل-
مەيمەن) قىلدىن ئىنچىكە يىپ سۆرەلگەندەك ناھايىتى زەئىپ
بىر شەپە كەلدى. مەن بۇنى شەپە دەپ سەزگۈلىرىمنى يىغىپ
بولغۇچە (سەزگۈلىرىمنىڭ راست بار-يوقلۇقىغا ئىشەنمەي-
مەن) غايىب بولدى. شۇ شەپە راست بولغانمۇ-يوق، ھازىرلا
ئۆتۈپ كەتتىمۇ. بەلكىم ھازىر ئۇنداق شەپە بولمىغاندۇ. قەدىم-
كى بىر شەپىنى چۈشەكىگەن ئوخشايمەن دەپ قالدىم.

قارىغاندا تەنلىرىمنىڭ گۆشلىرى سېزىپ تۈگەپ، سۆڭەك-
لىرىم قاقشال بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. قۇم ئۈستىگە يىقىلغان
چاغلىرىم راست ئېسىمدىمۇ ياكى شۇنى چۈشەكىۋاتىمەنمۇ؟ بە-
دەنلىرىمنى بىر قىز سىلىغان. مەن ئۇيقۇلۇقمۇ، يېرىم ھوش-
سىزمۇ، يەنىلا ئېسىمدە يوق. كۆزۈم ئاجىز كۆرۈش سەزگۈسى-
دە بىر قىزنى كۆرگەن. كۆرۈۋېتىپ كۆرۈش سېزىمىم يوقال-

غان. يەنە كۆرۈۋاتقاندا يەنە كۆزۈم يۇمۇلۇپ قېلىپ قىينىلىپ
ئاچسام يەنە يۇمۇلۇپ قالغان. شۇ تەكرار ئېچىلىش-يۇمۇلۇشلار
ئىچىدە سۇمبۇل چاچ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئالمىدەك يۈزىگە
سايە تاشلاپ تۇرغان بىر قىز لاكىلانغان ئۇزۇن تىرناقلىق قوللى-
رىنى ئاق شايە ئىچىدىن ئاي نۇرىدەك سوزۇپ چىقىرىپ بەدەنلى-
رىمنى سىلىماقتا ئىدى. ھەممە يېرىمگە ئىللىق سېزىم تارقال-
دى. مەندە بىر چاغلاردىكى غالجىرلىشىپ تۇرىدىغان ئەسەبىي
يىگىتلىكىمدىن ئەسەرمۇ يوق، قىزلار تاتىلاۋاتقان تۇرۇقلۇقمۇ.
قىزنىڭ سىلىشىدىن ئويغانمىغان يىگىت، ھەرقاچان ئۆلگەن
يىگىت. دېمەك، مەن ئۆلگەن ئوخشايمەن. ئەمما بۇنىڭغا تەن
بەرگۈم يوق. قارىغاندا يۈرىكىم سەل قىمىرلىغان ئوخشايدۇ.
مەن نېمە بولدۇم؟ ئۆلسەممۇ ئاياللارغا بولغان تەئەللۇقاتىم ئۆل-
مىگەندۇ دەپ ئويلىدىم. بىر چاغلاردا مەدداھىنىڭ ئاغزىدىن ئادەم
ئۆلۈپ دوزاختا كۆيۈپ پاكلىنىپ جەننەتكە كىرگەندە قىز ئالغان
خوتۇنى بىلەن جەننەتتە يەتمىش ئىككى خىل نۇر ئىچىدە ئۇچرى-
شىدۇ. ئەرنىڭ كۆزى بۇ نۇرلاردىن ئالا-چەكمەن بولىدۇ. چۈن-
كى جەننەتتىكى ھەربىر نۇرجەننەتتىن شۇ ئەرگە ئاتا قىلىنغان
بىردىن قىز بولۇپ، ئەر بىرلا ۋاقىتتا خوتۇنىدىن باشلاپ ئاشۇ
يەتمىش ئىككى قىز بىلەن بىرگە بولىدۇ. شۇچاغدىمۇ ئۇنىڭ
يىگىتلىكى بېسىلمايدۇ، قىلچە چارچىمايدۇ. ئاشۇ ھۆر-پەرى-
لەرمۇ يەنىلا قىز پېتى قېلىۋېرىدۇ. ئەر بۇ ئالەمدە يات ئايال
بىلەن بىر قېتىم ھارام مۇناسىۋەتتە بولسا، جەننەتتىكى نېسى-
ۋە-ھۆرلەردىن بىرى ئازلايدۇ، دەپ ئاڭلىغان. توۋا، ئەرئۆل-
سىمۇ يىگىتلىكى ئۆلمەيدىكەن، دەپ خۇشال بولغانىدىم. ئەمدى

ئۆلگىنىمنى بىلمەيمەن، ھەرقاچان ئۆلمىدىم دەپ ئويلايمەن. مانا كۆزۈمنى زورۇقۇپ ئاچتىم. يەنە بىر قىز، ياق ... ئوخشىمايۋاتىدۇ، پەقەت ئورىلىۋالغان ئاق شايىسىلا كۆرۈندى. ئوبدانراق زەڭ سالسام ئۇ قارا سۇمبۇل چاچ ئەمەس، سېرىق بۇدۇر چاچ. ئاق يۈز، قارا كۆز ئەمەس، سېرىق يۈز، يېشىل كۆز. قارا كىرپىكلىرى مەڭزىگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ئەمەس، سېرىق كىرپىكلىرى قايرىلىپ تۇرىدۇ. بىر گۈزەلمۇ؟ بىر جۈپ گۈزەلمۇ؟ بەلكىم ئىككىلىسى بىر گۈزەل. ھەرقاچان بۇ گۈزەل شەرق گۈزىلىدەك كۆرۈنۈپ يىگىتلىكىمنى ئويغىتالماي، غەرب گۈزىلىدەك قىياپەتكە كىرىۋالغان ئوخشايدۇ. ھەي ئاللا، بۇ نېمە كارامەت؟! ئەر ئۆلسىمۇ يىگىتلىكى ئۆلمەيدىغان قىلىپ ياراتقانىكەنسەن، قېنى مېنىڭ يىگىتلىكىم؟ ۋاي توۋا قىلدىم. خۇدا گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن. ئالجىپتىمەن، مېنىڭ ئۆلگەن-ئۆلمىگەنلىكىم ئېنىق ئەمەس. ئۆلدۇممىكىن دېسەم تىرىكتەك، ئۆلمىدىممىكىن دېسەم ئۆلۈمنىڭ ئالامىتى قويۇق. ئاھ، مېنى ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا قويغان ئوخشىمامسەن؟ ئۆلسەم دوزاخقا سالاتتىڭ، چۈنكى مەن سېنىڭ سىناق-پەرمانلىرىڭنى ئادا قىلمىغانلىقىڭ سىرتىدا ئۆزۈمنىمۇ، ئانامنىمۇ خار قىلدىم. ئۇ ياقا يۇرتقا بارماي تۇرۇپ مۇساپىر، خار-زار بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈنلا دوزاختا كۆيىدىغانلىقىم كۆڭلۈمگە ئايان. بۇلارنى كۆڭلۈمگە سالغان ھەرقاچان ئۆزۈڭ. دوزاخقا سالمىغاندىكىن ئېھتىمال ئۆلمىگەندىمەن. سېرىق چاچلىق، يېشىل كۆزلۈك جانانىم مېنى سۇمبۇل چاچلىق، قارا شەھلا كۆزلۈكۈمدەك ماموق قوللىرىدا سىلاۋاتىدۇ. بۇلۇتتەك

كۆكسىنى قاغجىرىغان مەيدەمگە يېقىۋاتىدۇ. قېنى مەندىكى يە-
گىتلىك؟ ئىككى تەنلىك، بىر يۇرەكلىك قىز. ھەي، تىرىك
ياكى ئۆلۈك ۋاقتىمدا ئۇچرىغان بولساڭلار مۇشۇ قومدا سىلەرنى
دېڭىزدىكى بېلىقتەك يايراتماسمىدىم. ئەمدى ئۇنداق قىلالماي-
مەن. مەن ئەسلىدە ئەر ئىدىم. يىگىتلىكىم ئۆلگەندىن كېيىن
مەن ئەرگىمۇ، ئايالغىمۇ ئوخشىمايدىغان، ھاياتنىڭ لەززىتىدىن
مەھرۇم بولۇپ خۇدانىڭ لەنىتىگە قالغان بىر مەخلۇققا ئايلان-
دىم. شۇ تاپتا ئۆلۈكتەك سوزۇلۇپ بىھوش ياتماقتىمەن. ھېس-
سىياتسىز ناجىنس ئىسكىلىت. ياق، ئىسكىلىتمۇ ئەمەس. بىر
يەرلىرىم قاقشال بولسىمۇ ئەپلەشمىگەن يەرلىرىمدىن يەر مەرد-
زىدەك گۆشلىرىم ئۆسۈپ، ئۇنى ئۇزۇن، ئېشەك قويرۇقىدەك
موبلار بېسىپ كەتتى. يېلىنجىغان تىنىقلار قاغجىرىغان زەئىپ
دىماغلىرىمغا تەسىر قىلمايدۇ، ئاھ، گۈزىلىم، ياق، سەن ئال-
ۋاستى. مېنى ئۆلۈك بىلەن تىرىك ئارىلىقىدا ياتقۇزۇپ قويغان،
قويرۇقۇمنى قومغا باستۇرغان دەل ئىككى تەنلىك، بىر يۇرەك-
لىك قىز سۈرىتىدىكى ئىككى يۈزلۈك ئالۋاستى. مېنىڭ يىگىت-
لىكىمنى ئۇ يۇمشاق قوللىرى، شېرىن لەۋلىرى، يۇمران كۆك-
سى بىلەن شوراپ خوراتقان. ئاھ... ئالجىپتىمەن، راست ئال-
جىپتىمەن! چۈشەنگەندىمەن تايىنلىق. مەن ئۆلۈك بىلەن تى-
رىك ئارىلىقىدا قومدا سوزۇلۇپ ئوڭدا ياتقان يېرىم تەنلىك بىر
مەخلۇق. يا قەبرىگە كىرمىگەن ئۆلۈك، يا قەبرىدىن قاچقان
تىرىك. مەن شېھىت بولغان ئوخشايمەن. ئۇنداقمۇ ئەمەستۇر-
مەن. مۇشۇنداق سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇزاققىچە ئۆلمەيدىغان ئوخ-
شايمەن. شامال چىقسا قاپىقىم تارتقاندەك قىلىدۇ. سەزگۈلىرىم

قاپقىمدىن قومۇش ئۈنگەننى بېشارەت قىلدى. قومۇشقا قاغىلار
قونۇۋاپتۇ. ئۇلار كۆزۈمنى ماراپ قاقىلدىشىدۇ. شۆلگەيلىرىنى
ئېقىتىشىدۇ. مەن كۆزۈمنى جىن چىراغدەك پىلدىرلىتىپ ياتى-
مەن. ئۇلار سەل ئەيمىنىدۇ. ئەگەر پەسكە چۈشىدىغانلا بولسا
كۆزلىرىمنى چوقۇپ يەپ كېتىشى تۇرغان گەپ. ئاۋازىم چىقماي-
ۋاتىدۇ، چۇقان سېلىپ ئۇلارنى ئۈركىتىۋېتەلمەيمەن. ئىككى
قولۇم كېرەككە كەلمەيدۇ، تۇتۇۋالالمايمەن. پۇتۇم كېرەككە
كەلمەيدۇ، تېپەلمەيمەن. يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىق سېزىمەن،
شۇ چاغدا يەنە يۈرىكىمنىڭ بارلىقىنىمۇ غۇۋا ھېس قىلىمەن.
كۆزۈمگە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ قان تامچىلىغان تەلەتى پەيدا
بولىدۇ. كېيىن چىشلەيدۇ…

تىنىقلىرىم ھاياتىمدۇ؟ تىنىمىسام ئۆلەردىم. ئۇزاق زامان-
دىن بېرى مەن بىھوش سوزۇلۇپ ياتقان قۇملۇققا تىرىك ئادەم
ئاياغ باسقانمىدۇ؟ ئەگەر تىرىك ئادەم ئاياغ باسسا، ئۇ ماڭا
يېقىنلاپ كەلسە، مېنىڭ گۆشۈمدىن ئوزۇقلانغان يىرتقۇچلار
پېتىرارمۇ؟ ئۆلجىسىغا چىدىماي ئۇنىمۇ قوشۇپ يېقىتارمۇ؟ تى-
رىك ئادەم كەلسە بۇلار پېتىراپ كېتىدىغاندەك. ئۇ ئادەم مېنى
يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قارايدىغاندەك قىلىدۇ. راست، مەن چۈشە-
كمەپتىمەن، خىيالمۇ قىلماپتىمەن. مېنى بىرسى يۆلەۋېتىپ-
تۇ. بىر جۈپ يېشىل نۇر كۆزۈمنى چېقىپ كەتتى. ئۇزاق يىل
ئاپتاپ كۆرمىگەندەك، ھېچنەرسىنى پەرق ئېتەلمىدىم. كۆز
ئالدىم ئاستا-ئاستا سۈزۈلدى. چۆچۈپلا ھوشۇمدىن كەتتىم.
مېنى يۆلىگىنى ئاجايىپ بىر مەخلۇق. بېشى بۆرىگە ئوخشايدۇ،
تېنى چۇپۇرلۇق، ئەمما ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇ ئادەم ئەمەس،

بۇنداق ئادەمنى مەن ھەرگىز كۆرۈپ باقمىغان. ئاڭلاپمۇ باقمىغان. بىر چاغدا يەنە ئاستا-ئاستا ئىلغا قىلالىدىم. ناھايىتى يىراقتا...ۋاھ، مەن يۇلتۇزنى كۆرمىگىلى قانچە ۋاقىتلار بولغاندۇ. يىراقتىن، يىراق كۆكتىن بىر جۈپ يۇلتۇزنى كۆردۈم. يۇلتۇز شۇنچە روشەن كۆرۈندى. كۈمۈشتەك نۇر ئەمەس، بىر خىل كۆك نۇر چاقنايدۇ. يۇلتۇزنى ئوراپ غۇۋا بىر چىراي يەنە كۆرۈنۈپ يەنە يوقايدۇ. بۇلار بىر جۈپ يۇلتۇزدەك ۋە يەنە بايىقى بۆرىنىڭ كۆزىدەك كۆرۈنىدۇ. غۇۋا چىرايلار ئاشۇ كۆك نۇرلۇق بىر جۈپ يۇلتۇزغا يېقىن كۆرۈندى. چەكچىيىپ تۇرغان ئېيىق، يەنە ھېلىقى تۈكلۈك ئۇزۇن تۇمشۇق مەخلۇق يەنە قانداقتۇر غۇۋا چىرايلار چەكچىيىپ قاراشقاندەك قىلدى. كۆك نۇر چاقنىغانچە تىنىقلىرىم پەيدا بولۇپ كۈچەيمەكتە ئىدى.

# خوتۇننىڭ ئاشىسى

—ئىسىت سەندەك نېمىگە خوتۇن بولغىچە ئى كوچىدىكى مەدىكارغا خوتۇن بولسامىمۇ، بېشىغا ئېلىپ خوتۇن قىلار ئىدى، —دېدى خوتۇنى چىرايلىق قوللىرىنى ئېرىنىڭ تاتىرىپ قورۇلۇپ كەتكەن يۈزىگە شىلتىپ تۇرۇپ.

—سەن...سەن...ھېلى باكا بىر قويۇپ ئوتتۇز ئىككى چىشىنى تۆكۈۋېتىمەن ماۋۇ كاسكىنىڭ، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە دەيمەن، —ئېرى ئۇرۇدىغاندەك مۇشتۇمىنى كۆتۈرۈپ دېۋەيلىدى.

—بولسا بىرنى قويۇپ باقە قېنى، ئاناڭ شۇمەك سالغان بولغاندىكىن لەۋزىڭدە تۇرۇپ بىرنى سالە. سېنىڭ مۇشتۇڭ قانداق بولىدۇ بىر كۆرەي. بىرنى قويدۇرالماي كېلىۋاتىمەن ئىتتىكراق قۇتۇلارمەن دەپ، —دېدى ئايالى چىرايلىق مەڭزىنى ئېرىنىڭ ئۆزىگە تەڭلەنگەن مۇشتىغا يېقىن ئەكىلىپ.

—مانا ئەمەسما، بىرنى قويىمەن دەپ بولغىچە كۆكەملىك قىلىپ ئاران تۇرىسەن ئالەمنى مالەم قىلىپ مېنىڭ يۈزۈمنى

چۈشۈرگىلى، ھەممىلا يەردە دات ئېيتىپ ئەرز قىلىپ يۈرەرسەن ھەقاچان؟

—يا ئەرز قىلارمەن، يا قىلماسمەن، بىرنى قويماسمەن قېنى ئەركىشى بولساڭ.

—ئوبدان خوتۇن، ئادەمنى ئۇنداق خاپا قىلما دەيمەن، باكا ئۇرسام ساڭىمۇ، ماڭىمۇ پايدىسى يوق، ئۇرماي مۇشۇنداق چىرايلىق مەڭزىڭگە سۆيۈپ قوياي.

ئېرى ئاغزىنى ئەكىلىشىگە ئاران تۇرغان خوتۇنى يەنە ئاغزىنى قويۇۋەتتى:

—تۇفى! يۈزى قېلىن ئوغرى، سەندەك نېمىنىمۇ ئەركىشى دېگىلى بولامدۇ، يا پىياز ئەمەس، يا لازا. يائەرلەرگە خاس ۋىجدانىڭ بولمىسا سېنىڭ. ئەركىشى دېگەن سەندەك لاۋزا-تېتىقسىز بولماس دۇنيادا، ئىسىت، ئىسىت... نېمىشقىمۇ تېگىپ قالغان بولغىيتتىم بۇ لىڭتاسمىغا. كوچىدىكى هارۋىكەشكە تەگكەن بولسامىمۇ ئېتىنى ئۇن قېتىم قامچىلىغاندا بولسىمۇ بىر قېتىم ئاچچىقى كېلەتتى.

—نېمىشقا هارۋىكەشكە تەگمەي ماڭا تەگكەن. ھە قاچان خىزمەت ئورنۇم يۇقىرى بولغاچقا مائاشىمنى دەپ تەگكەن بولغىيتتىڭ-ھە، —ئەر غالىبلارچە گىدەيدى.

—چىرايلىق ياسىنىپ گالستۇك تاقاپ، چىمەن دوپپا كىيىپ، مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن زىيالىي، ئۇنۋانىم ئالىي ئىنژېنېر دېسەڭ تېگىپتىكەنمەن. ھۆ...ھۆ...ئىسىت زىيالىي، ئىنژېنېر دېگەنمۇ سەندەك بولامدۇ، مەن ئۆلەي.

—ھېلى باكا جۇما، مېنى هاقارەتلىمە.

ئەمدى رەسمىي ئاچچىقى كەلگەن ئەر ئۇرۇش ئوچۇن قولد-
نى كۆتۈرۈپ بولۇپ ئۇرغىلى چىدىماي مۇشتۇمىنى مۇرىسىگە
پاتۇرۇپ ئىتتىرىۋەتتى.

—ۋايجان، ۋاي مەن ئۆلدۇم، ھەي قاتىل، ھەي بۇندىخور
قاتىل، مېنى ئۆلتۈرۈپ يەمسەن، ۋايجان، ئۇردۇڭما؟ !...

ئايال قولاقنى پاڭ قىلغۇدەك چىرقىراپ، توۋلاپ ۋايجانلاپ
كەتتى. سىرتتا تۇرۇپ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغانلار، قوشنىلار: ”خو-
تۇن كىشىنىمۇ شۇنداق قاتتىق ئۇرغان بارمۇ، بۇنى قانداق
ئەركىشى دېگىلى بولسۇن“ دېيىشىپ ئەرنى قارغاشتى. ئايالنىڭ
بوغۇلۇپ خىرقىراپ چىقىۋاتقان ئاۋازى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئې-
زەتتى. ”كىرىپ ئاجرىتىپ قويايلى. ئاچچىقىدا يامان يەرگە
ئۇرۇپ سېلىپ بالانىڭ چوڭى چىقمىسۇن“ دېدى قوشنىنىڭ
ئايالى تىپىرلاپ ئولتۇرالماي.

—غىت قىس. ئەر-خوتۇننىڭ ئىشىغا ئارىلاشما، —دېدى
ئېرى زەردە بىلەن.

ئايال كارىۋات ئۈستىدە تولغىنىپ قار-يامغۇر يىغلاۋاتقىنىد-
دا ئەر ئۇنىڭ بېشىدا ھەم تاپا قىلغان، ھەم يالۋۇرغان تەرىزدە
گەپ ئاچتى:

—ۋاي ئوبدان خوتۇن، جېنىم خوتۇن، مەن بىر خۇش
بولاي، بۇنداق سەت چىرقىرىماڭلار، قوشنىلار ئاڭلىسا سەت
تۇرىدۇ. مېنىڭ ئىككى پۇللۇق يۈزۈم قالمايدۇ. مەن نەدە
سىلىنى ئۇردۇم دەيمەن.

—تازا ئاڭلىسۇن. ئاڭلىسۇن، ھۇ ئۆلمەيدىغان سەت ئوغ-
رى، قېلىن ئوغرى! سېنىڭ نەدە ئىككى پۇللۇق ئىناۋىتىڭ

بارتى. ئۇرمۇدۇم دەپ تېنىۋالالمايسەن، تازا يىغلايمەن، تازا...
ئايال تېخىمۇ قاتتىق ھۆڭرەپ يىغلىغىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ ئۈچ
ياشلىق بالىسىمۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئانىسىغا تەڭگەش بولۇپ
يىغلىغىلى تۇردى. شۇ چاغدا ئۆيگە ۋىجىك، قاراموتۇق، مايمۇن
چىراي بىر ئەر كىردى:
—ۋاي يەنە نېمە بولۇشتۇڭلار ئاداش،—دېدى ئۇ خىجىل
بولغاندەك ئوڭايسىز ھالەتتە تۇرۇپ، ئەر ئۆزىنى كاچاتلاپ
كەتتى:
—كۆر... كۆرمەمسەن ئاداش ماخوتۇننىڭ يوقىلاڭ ئىشقا
ئادەمنىڭ سەپرايىنى ئۆرلىتىپ جېدەل قىلغىنىنى، مانداق ئىت-
تىرىپ قويسام مېنى ئۇردۇڭ دەپ...
—ھە ئۇرمىدىڭمۇ، لامزەللە؟
—مانداق ئىتتىرىپ قويدۇم دەۋاتىسىنا؟ يوقىلاڭ ئىشقا
جېدەل قىلىۋاتىدۇ دەيسىنا؟ سەن زىيالىي، ئالىي مەكتەپنى
پۈتتۈرگەن، ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىڭ بار. ئايلىق مائاشىڭ قېنى
نەگە كېتىدۇ؟ ھەر ئايدا مائاشىڭ قېنى دېسە، ئۇنى-بۇنى باھانە
قىلىپ يوقىتىسەن. مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن. سەن ئۇ باشلىق،
بۇ باشلىققا خۇشامەت قىلىپ توخۇدىن-توخۇ، بېلىقتىن-بېلىق،
ھەتتا يەيدىغان نان، ئىشلىتىدىغان ئوتيېشىغىچە ئۆيىگە توشۇي-
سەن. كېچە-كۈندۈز قولتۇقىدىن چىقمايسەن. ئۆز ئۆيىمىزگە
بىر پۇڭ خەجلىمەيسەن. بالام نېمە يەۋاتىدۇ، خوتۇنۇم ئۆيىنى
نېمە بىلەن تۇتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپمۇ قويمايسەن. سېنىڭ شۇنچە-
ۋالا مائاشىڭ خۇشامەتكە كېتىدۇ. ۋاي سەن خۇشامەت قىلمى-
ساڭ كۈن ئالالامسەن، ئەمىلىڭنى ئېلىۋېتەمدا؟ گورۇپپا باش-

لىقلىق ئەمەل دېگەن جۇڭگودا ئىشەكنىڭ تۇكىدىن تولا . ئەمە-
لىگىدىن ئىلىنغۇتسىمۇ سەن ئىلىم ئەھلى، ئىنژىنېر بولغاندىكىن
بىر كىشىلىك كۇن ئالالايسەنغۇ! ئىدارەڭدىكى باشقىلار خۇشا-
مەت قىلمايدىكەن، يا ئۇلارنى ئىدارىسىدىن قوغلىۋەتمەپتۇ. بىر
سىنىت مائاشى كەملەپ كەتمەپتۇ. يەنە شۇلارمۇ بىر كىشىلىك
جاھاندارچىلىق قىلىۋېتىپتىغۇ. ھەممىسى ئالدىڭدا ھە-ھۇدەپ
قويغىنى بىلەن، كەينىڭدىن مازاق قىلىپ كۇلۇدىكەن، تىللايدى-
كەن. ساڭا ھاركەلمىسە، مەن ساڭا خوتۇن بولغاندىكىن مېنىڭ
نومۇسۇم كېلىدىكەن. ھۇ...ھۇ...

ئايال ئەمدى رەسمىي ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. كىرگەن
مېھمان ئوتتۇرىدا تەڭلىكتە تۇرۇپ قالدى.

—ماڭا قارىسىلا، سىلە ئاغىنىكەنلا، مەن بىر جېنىمغا بۇ
ئۆينى قانداق تۇتىمەن. قورسىقىدا ئۇمىچى بار دېسە راستىكىن
دەپتىمەن، ئالىي مەكتەپتىنمۇ مۇشۇنداق يا ئىلىم، يا ۋىجدا-
نىڭ سۇنۇقى يوق ناجىنىس چىقامدا، ھە.

مېھمان گەدىنىنى قاشلىدى.

—يەنە بۇ ئايلىق مائاشىنى ئېلىپلا جىڭ چۇجاڭ ئۇرۇمچىگە
يىغىنغا بارىدىكەن، مائاشىمنى يوللۇق تۇتىمەن دەيدۇ. ماقۇل
خۇشامەت قىل، ئەمدى شۇنچىۋالامۇ قىلامسەن؟! گېلىڭغا يەپ-
راق خۇشامەتچىلىك قىلمىساڭ ماغدۇرۇڭدىن كېتىپ يېتىپ
قالارسەن ھەقىچان. مائاشىدىن بېرىدۇ دەپ خىيال قىلما، ساڭا
بېرىدىغان بىر سىنىتىمۇ يوق. كىمگە خۇشامەت قىلغان بولساڭ
شۇنىڭ يالىقىنى يالا. مائاشىمنى بالا بىلەن خەجلەيمەن. ساڭا
بېرىدىغان بىرقاچا ئاشمۇ يوق.

— ھاي... ھاي... بۇ بەك ئېشىپ كەتتى، — دېدى مېھمان.
ئەر ئۆزىگە ھىمات تاپقىنى ئۈچۈن دەررۇ بېشىنى كۆتۈردى ۋە مېھماننىڭ يېڭىدىن تارتىپ تۇرۇپ سورىدى: — ئاداش، سەن مېنىڭ جان دوست ئاغىنەم شۇنداقما؟
ئەر مېھمان بېشىنى لىڭشىتتى.
— سەن خوتۇنغا چۇشەندۇرۇپ قويساڭ. مەن مۇشۇ قېتىم ئاشۇ ئادەمنى بىر ئۇزىتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلالىسام بولمىدىمۇ؟ بۇنداق دېسەم باشقىچە ئويلاپ قالما. يېقىندا مېنى ئىنژېنېر بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرمەكچىدى دېگەنىدى. ئەمدى باشلىق ماڭا خەيرخاھلىق قىلىۋاتقاندا بۇنچىلىك يارىشىقىنى قىلمىسام بولامدۇ دەيسەن.
ئۇ بويىنىنى قىسقان ھالدا سائىتىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى.
— ۋوي ئايروپىلان ئۇچۇشقا ئەللىك مىنۇت قاپتۇ. سەن خوتۇنغا چۈشەندۈرگەچ ئوبدان بىر نەسىھەت قىلىپ قوي، ئوبدان ئاداش. مەن سەندىن بىر خوش بولۇپ قالاي. بۇ ئىشلىرىم بىلەن ھېچ كارى بولمايدىغان بۇ خوتۇننىڭ بوگۇن ئۆزىچە بىكاردىن سۈركىشىپ جېدەل تېرىغىنىنى دېمەمسەن. ئەجەب ۋاقتىدا كېلىپ ئەسقاتتىڭ ئاداش، بولمىسا بۇ خوتۇندىن قۇتۇلۇپ بولغۇچە كېچىكىپ قالىدىكەنمەن. ماقۇل ئاداش، مەن ئۇزىتىپ قويۇپلا كېلىمەن.
ئەر شۇلارنى دەپلا ئاغىنىسىنىڭ گەپكە ئۈمەللىگەن ئاغزىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپلا چاپىنىنى كىيىشكە ئۇلگۇرمەي كۆتۈرۈپ يۇگۇرگەنچە ئىشىكنى گۇم قىلىپ يېپىپلا چىقىپ كەتتى. ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېتىلىپ قالدى. ئايال ۋارقى-

رىدى:
—ھەي لامزەللە، نەگە بارىسەن؟ خېتىمنى بەر دەيمەن!
بۇنىڭغا ئېرىنىڭ يۇگۇرۇپ پايپاسلاپ يىراقلاپ كەتكەن ئا-
ياغ تاۋۇشىدىن باشقاجاۋاب بولمىدى. ئايال چۇۋۇلغان چاچلىرى-
نى تۇزەپ ئەر مېھمانغا قاراپ پىخىلداپ كۈلدى:
—قانداق، مەن نېمە دېگەن؟! تاسلا قالدىلا كەلمىگىلى.
—يا ئاللا، رەسمىي بالاكەنسەن، تازا تېپىشىپتىكەنسىلەر،
—دېدى ئەر پېشانىسىگە بىرنى شاپىلاقلاپ.
ئايال بالىنغا قارىدى. بالا يىغلاپ-يىغلاپ يەنە ئۇخلاپ قالغا-
نىدى. ئۇ بالىنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە ئەكىرىۋەتتى.
ئىككى ئاشىق-مەشۇق بىر-بىرىنى يەۋەتكۇدەك بېقىشقى-
نىچە چىڭ گىرەلىشىپ كەتتى.
—كاۋاپ قورۇپ قويغان، ئاۋۋال يەۋالاملا؟
—قويە ئۇنداق بىرنېمەڭنى، ھازىرسەندىن باشقىغا تاۋىم
يوق،—دېدى ئەر تىنىقى يېتىشمەي ئۇنى ئىچىگە چۈشكەن ھال-
دا.
—ئېرىمدىن شۇنداق بىر ئېغىز گەپ ئاڭلىسام كاشكى!

1988-يىل 22-دېكابىر، قەشقەر.



# ئۇيقۇلۇق سەھەر

## 1

سەھەردىكى ئۇيقۇ شەيتان ئۇيقۇسى. ئۇ، ئۇيقۇ ئىچىدىكى ئەڭ لەززەتلىك ئۇيقۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىلىش— مەشۇقىدىن ئايرىلغان ئاشىقتەك كۆڭۈلگە ئېغىر كېلىدۇ. ھېسسىياتى ۋۇجۇدىنى قىزىتىپ تۇرالمايدىغان ياشلار ئۈچۈن بۇ ئۇيقۇدىن تاتلىق يەنە بىرلا لەززەت بار. بۇ ئۇيقۇدىن ئانا مىڭنى تۇۋلاپ ئويغىتالمىغان ياش ئوغۇلنى ئاشۇ لەززەتنىڭ پۇرىقى ئويغىتالايدۇ. بۇمۇبىر شەيتان. بۇ—شەيتان لەززىتى، بۇ پۇراق—قىزدىن كېلىدىغان ئۆتكۈر، خۇشبۇي، يېقىملىق پۇراق. ئۆينى سۇ باسسا كارۋات بىلەن لەيلەپ ئۇخلايدىغان ياش يىگىت قىزنىڭ سۇمبۇل چېچىنى تارىغان شەپىسىدىن ئويغىنىدۇ.

تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قايىم شاراقلىتىپ ئۇرۇلغان ساپايە، يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان مۇڭلۇق بىر ناخشا ئاۋازى بىلەن

تەڭ ئويغىنىپ كەتتى. ”ۋۇي تاڭ ئېتىپتۇ. تىلەمچى ئايال ئويغىتىپ قويمىسا نەۋاققىچە ئۇخلار ئىدىمكىن“ دېگىنىچە يوتقان-دىن بېشىنى كۆتۈردى. دېرىزىدىن چۈشكەن قىزغۇچ كۈن نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى چاقاتتى.

— ئانا، ھەي ئانا، سائىل كەلدى. . . — ئۇ ئۇشتۇمتۇت بىرنېمىنى ئېسىگە ئالغاندەك ۋارقىراشتىن توختاپ گەدىنىنى تاتىلىدى: ”ھەي، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق ئۇنتۇپ قالغىنىم-نى، ئاتا-ئانىلار تۇنۇگۈن ھاممامنىڭ قىزىنىڭ تويىغا كەتكەن ئەمەسمۇ...“

قايىم كۆزىنى ئۇۋۇلىغاچ قوپۇپ، ئىرىنچەكلىك بىلەن كى-يىملىرىنى كىيىپ، قولىنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن، تەكچىدىكى ئاق ناندىن بىرنى ئالدى-دە، ئىشىككە قاراپ كېتىۋېتىپ، ئۆرە ئىشكاپنىڭ ئەينىكىدىن ئۆز سىياقىنى كۆرۈپ مەسلىكى كەلدى بولغاي، پاخپايغان چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويدى.

ئۇ دەرۋازىدىن چىقىۋىدى، كۇتۇۋېرىپ تاقىتى تۈگەپ، قايتىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان ئاق چومبەللىك تىلەمچى ئايال توخ-تاپ قالدى. ئايالنىڭ قولىدا سېرىق تۈچ بىلەن قاپلانغان كۆپ ھالقىلىق ساپايە، ئوڭ مۈرىسىدە ئالا خۇرجۇن بار ئىدى. ”كەل-مىگەن تىلەمچىغۇ بۇ، تۇرقىدىن قارىغاندا ياش ئايالدەك قىلى-دۇ“ دەپ ئويلىدى قايىم.

— خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ، ئىلىڭ، ماۋۇ ناننى ئېلىپ ئاندىن قايتامسىز؟ — ئۇ، ئايالنىڭ نېپىز چومبەل ئىچىدىكى چىرايىنى كۆرۈش ئۈچۈن خېلى سىنچىلاپ قارىغان بولسىمۇ، پەرق ئېتەلمىدى، — ساپايىنى بەك ئوبدان چالىدىكەنسىز، ناخ-

شىڭىزمۇ بەك مۇڭلۇقكەن، يەنە بىر چېلىپ بەرمەمسىز.
— ئالدىرايمەن. يەنە بىر نۆۋەت كەلگەندە چېلىپ بېرەر-مەن.
— نېمىگە ئالدىرايسىز، تەلپىمنى ئورۇندىسىڭىز بەلەن بىر نېمە بېرىمەن.
— باشقا ئۆيلەرگە بارمىسام بولمايدۇ.
— ۋايىيەي، كېلىڭا، كېلىڭ، ھەممىسى ئوخشاش گەپ. كەچكىچە نەچچە ئۆيدىن تىلەيسىز؟ بوپتۇ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش-تىن ئۈيالسىڭىز سورىماي. كۆڭلۈمدىكىدەك بىر چېلىپ بې-رىپ، نېمە تەلەپ قىلسىڭىز بېرىۋېتىمەن...
قايىم سەل پوچىلىق قىلىپ قويغىنىنى سېزىپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. چۈنكى ھازىر دىۋانىلارنىڭ ھالى بەك يو-غىناپ كېتىۋاتاتتى. ھەدېسە قوتاندىكى پاقلانغا، پېشايۋان ئاستى-دىكى تەڭلىمات كىگىزگە، ئۇچىڭىزدىكى چاپانغا دۇئاقىلدىم دەپ بىزىرىپ تۇرۇۋالاتتى. بۇنداقلاردىن قۇتۇلماق ئاسان ئەمەس ئىدى. قايىم سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن گېپىنىڭ داۋامىنى تەۋەككۇل قىلىپلا دەۋەتتى:
— كەچكىچە ھەرقانچە بارسىڭىز 20-30 ئۆيگە بارارسىز. تېخى ۋاقچىراق قالسىڭىز خەق نان ئورنىغا تىل-دەشنەم بېرى-دۇ. چۈشكە، چۈشتىن كېيىنگە قالغان تىلەمچى ئائىلىگە شۇم-لۇق تىلەيدۇ دەپ كىم سىزگە بىرنېمە بېرەر؟! مەن شۇنىڭغا لايىق، تېخى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋپراق بېرەي، كېلىڭا...
قايىم ئايالنىڭ قولىدىن تارتىپ، ھويلىغا ئېلىپ كىردى. شۇ تاپتا ئۇ بىرتىلەمچى ئايالنى نېمە مەقسەتتە بۇنداق قىلىۋاتقان-

لىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

—ھەي، ھوي، ئوھۇش... قانداق ئادەمسىز؟ نېمىشقا قو-
لۇمنى تۇتىسىز؟

—ھە، ھە... نامەھرەم بولىدۇ دەمسىز؟ خاتىرجەم بولۇڭ،
سىزنىڭ قولىڭىزنى يامان نىيەت بىلەن تۇتقىنىم يوق. رەنجى-
سىڭىز بولدى قويۇۋېتەي.

بۇ چاغدا تىلەمچى ئايال ھويلىغا كىرىپ بولغانىدى. ئۇ
سىلكىشلەپ قولىنى تارتىۋاتقاندا، قايىمنىڭ كۆزى ئۇنىڭ بېغى-
شىدىكى "يالت-يۇلت" قىلىپ تۇرغان بىلەزۈككە چۈشتى:
"ۋۇي، ئالتۇن بىلەزۈكمۇ نېمە؟ ياقەي، بۇ قەلەندەرنىڭ قولىدا
ئالتۇن بىلەزۈك نېمە قىلسۇن! مىس بىلەزۈكتۇ ھەرقا-
چان..."

—نەگە بارسىز؟ ھويلىغا كىرگەنىكەنسىز ناخشىغا تەڭ-
كەش قىلىپ بېرەر پەدە ساپايە چېلىپ بېرىشىڭىز كېرەك.
مەنمۇ سىزنى ئوبدان رازى قىلىمەن. ھە، بولمىسا چىققىلى
قويمايمەن.

قايىم شۇنداق دەپ تىلىنى چىقىرىپ، كۆزىنى قىسىپ
قويۇپ، ھويلا دەرۋازىسىنى ئىچىدىن زەنجىرلەپ قۇلۇپ سالدى.
ئايال بىردەم جىمىدە تۇرغاندىن كېيىن، ساپايىنى سوقۇپ
ناخشا باشلىدى:

مەن قەلەندەر شاھىمەن،
شاھلار بېشىنىڭ تاجىمەن.
بارجاھان مېنىڭكىدۇر،
كېزىپ دەۋران سۈرىمەن.

……………………………

لەرزان ئېيتىلغان ناخشا قايىمنىڭ دولقۇنلىنىپ تۇرغان قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ئەپسۇسكى، بۇ قىسقا ناخشا پەقەت قايىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ئېيتىلغاندى.

—ناخشىنى ئەجەب بىلەن ئوقۇيدىكەنسىز. پۇل دەمسىز، ئاشلىق دەمسىز بېرەي، ياكى كىيىم دېسىڭىزمۇ مەيلى. يەنە ئوبدانلىرىدىن بىرنەچچىنى ئوقۇپ بېرىڭا، ھە ئۆيدە لۈيۈڭجى بار، دەيگە[1] ئېلىۋالاي. جۇرۇڭ، ئۆيگە كىرىڭ. ئىچىم پۇشسا ئاڭلاپ، ئىچ پۇشۇقىمنى چىقىرارمەن. ”ئالتۇن تاتايمۇ، يامبۇ تاتايمۇ“ دېگەندەك ناخشىلار يۇرەكنىڭ پىژىلدىغان يېرىگە بارمايدىغان بولۇپ قالدى، —قايىم سۆزلىگەچ شوخلۇق بىلەن مەيدىسىنى سىلاپ قويدى.

تىلەمچى ئايال ئەمدى ھېچقانداق قارشىلىق قىلمايلا ئۆيگە كىردى. قايىم ئۇنىڭ قولىدىكى خۇرجۇننى ئېلىپ، توپا-چاڭ باسقان سۇپىنىڭ بۇرجىكىگە قويدى. ئايال تۆردىكى گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان دۇخاۋا كۆرپىگە چىقىپ بەھۇزۇر ئولتۇردى. ”يالۋۇرۇپ قويسام، ماۋۇ دىۋانىنىڭ ھالىنى كۆر…“ ئىچىدە مەسخىرە قىلدى قايىم.

—ھە، خېنىم، بۇ ئۆيدە باشقا ئادەم بولمىغاندىكىن چۈمبەلنى ئېلىۋېتىپ چالارسىز. مانا لۈيۈڭجىمۇ تەييار، —قايىم ئۇنئالغۇنى ئايالنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، كۇنۇپكىنى بېسىشقا تەييارلىنىپ تۇردى.

---

① ئۇنئالغۇ بىلەن لېنتىنى دېمەكچى.

تىلەمچى ئايال چۈمبەلنى شۇنداق ئېلىۋېدى، روھىيىتى گويا بۇلۇت ئارىسىدىن تولۇن ئاي، لاي سۇ ئىچىدىن ئالتۇن بېلىق چىققاندەك داۋالغۇپ كەتكەن قايىم "ئەجەب چىرايلىق كاساپەتكىنا..." دەۋەتتى ئىچىدە.

ئۇ سېھىرلەنگەندەك قېتىپلاقالغانىدى. تىلەمچى تازا ۋايىغا يېتىپ ھۆسنىگە تولغان گۈزەل قىز بولۇپ، قايىمنىڭ بۇقەدەر چىرايلىق قىزنى كۆرۈشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى. قىز قايىمغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ساپايىنى سوقۇشقا باشلىدى. قايىم بولسا ئۇنئالغۇنى بېسىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزەلمەي ئولتۇراتتى. ئۇ، قايىمنىڭ قولىنى ئاستا ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇن-ئالغۇ كۇنۇپكىسىنى ئۆزى باستى-دە، ساپايىنى سوقۇپ ناخشىسىنى باشلىدى:

كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمە،
كۆڭۈل ھەرجايغا باشلايدۇ.
سەمەرقەنت ئالمىسىدەك
ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ.

سەمەر قەنتتىن ئالما ئالدىم،
قەشقەردىكى يىگىتكە دەپ.
قەشقەرلىكىم ئاش بولمىدى،
كۆڭۈل ئالامنى موككىدە يەپ.

قەشقەردىن راۋاب ئالدىم،

بوم تارىسى پەي،
زوقۇڭ بولسا كەل يارىم،
ئالتۇن جامڭدا تۇتۇپ مەي.
..............................

قىزناخشىسىنى تۈگىتىپ، ئۇنىئالغۇنىڭ كۇنۇپكىسىنى بې-سىۋەتتى-دە، تېخىچە بۇتتەك قاراپ تۇرغان قايىمغا بېقىپ پە-سىڭگىدە كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن:

—قېنى، ماڭا نېمە بېرىسىز؟ —دېدى.

—سىز...سىز...نېمە؟ —قايىم چۈش كۆرگەندەك چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى.

—ۋىيەي، قانداق يېتىم ماۋۇ، مەن نېمىكەنمەن، —قىزنىڭ گۈلدەك چىرايى تۇتۇلۇپ، بادام قاپاقلىرى تۈرۈلدى.

—ياق، ياق...مەن سىزنى ئادەممۇ ياكى...

—مەن ئادەم بولماي نېمىكەنمەن؟ تىلەمچى ئادەم ئەمەسما؟ —قىز ئاچچىقتىن قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى.

—ياق، ياق، خېنىم، مەن ئۇنداق دېمىدىم، مەن سىز بايىلا ئەسكى رومال ئېچىدىكى دېۋانىتتىڭىز، هازىر پەرىزات-تەك. . . —شۇ تاپتا پۈتۈنلەي بىچارە هالغا چۈشۈپ قالغان قا-يىمنىڭ تۈزۈكرەك گەپ تاپالماي قىزغا قارىغىنى قارىغان ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە راستىنىلا قىزنىڭ ئادەملىكىدىن گۇمانلىنىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن بۇيان پەرىزات هەققىدە كۆپ رىۋا-يەتلەرنى ئاڭلىغان. يەنە كېلىپ پەرىزات ئادەملەرگە يولۇققاندا دېۋانە قىياپىتىدە كۆرۈنەرمىش دېگەن گەپ دائىم ئېسىدە ئىدى.

—هە، مەن تېخى مېنى ئادەم سۈرەتلىك ئالۋاستى دېدىمد-

كىن دەپتىمەن. ھەيران بولماڭ، مەن ئادەم. بۇ بىزنىڭ ئاتا كەسپىمىز. پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەردىن ئانامنىڭ قوچىقىدىكى ئۇكامنى ھېسابقا ئالمىغاندا يەتتە ئادەمنىڭ ھەممىسى تىلەمچىلىك قىلىمىز.

— بەك يوقسۇل ئوخشايسىلەر-ھە؟

— ياق، سىلەردەكتىن نەچچىنى سېتىۋېلىشقا قۇربىمىز يېتىدۇ.

— نېمە، نېمە؟ بىزدەكتىن نەچچىنى سېتىۋالالامسىلەر؟

— شۇنداق، بۇ بىزنىڭ ئاتاكەسپىمىز دېدىمغۇ، بۇنى قىلمىساق پىركور بولىمىز.

— سىز…سىز قىلمىسىڭىز بولامدۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

— مەن سىزگە…يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلسام سىزگە كۆيۈپ قالدىم. ماڭا تەگسىڭىز، بۇنداق پەس ئىشنى قىلمىسىڭىز.

قىزنىڭ يۈزلىرى پاللىدە قىزاردى، ئۇ قايىمدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ شۇئان يەرگە قارىۋالدى. قولى بولسا ساپايىنىڭ ھالقىلىرى ئارىسىدا قىمىرلاپ تۇراتتى.

— راست گەپ قىلىۋاتامسىز؟

— خۇدايىم بۇيرىسا، راست گەپ. ئىشەنمىسىڭىز قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ؟ مانا ئالدىمىزدا كۈن تۇرۇپتۇ، تۇزمۇ، قۇرئانمۇ بار.

قايىم ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىچە ئۇياق-بۇياققا پىرقىراپ، ئۆي ئىچىنى بىر ئايلاندى، بۇ ھالنى كۆرگەن قىزنىڭ كۈلكىسى قىستاپ، قولىنىڭ دۇمبىسى بىلەن ئاغزىنى

چىلىك بېسىپ تۇرۇۋالدى. كېيىن ئاغزىنى نەچچە قېتىم ئۆمەل-لەپ، تەسلىكتە ئېغىز ئاچتى:

—مەن، مەن...سىزگە...كۆيگىلى نەۋاخ.

قايىمنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

—ۋوي...سىز مېنى بۇرۇن كۆرگەنما؟

ئۇلار بارا-بارا يېقىنلىشىپ، بىر-بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇ-تۇشتى.

—ئۆتكەن يىلى كەلگىنىمدە سىز ماڭا قويماق ئەپچىقىپ بەرگەن... شۇندىن تارتىپ...

قىزنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. چۈنكى يىگىتنىڭ نەپىسى-دىن چىققان ئوتلۇق تىنىق ئۇنىڭ يەنە سۆزلىگىدەك دەرمانىنى قويمىغانىدى.

## 2

—هوي ئاتىسى، ئوغلىمىزنىڭ كۆڭلى شۇ بولغاندىكىن تويىنى قىلىپ قويمىزمۇ يا؟ —زىۋىدىخان قورقۇمسىراپ تۇ-رۇپ دېدى.

—يوقال، سەنمۇ كۆزۈمدىن. ھەممىنىڭ قاغامېگىسى يېگەن ساراڭلار. بارغانچە ئەقلىڭدىن ئازغىلى تۇرۇۋشتۇڭ. ئۇنداق ئې-شەك ئەمگەن دەيۈزنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى تۈزۈك. ئاتا-بو-ۋامدىن تارتىپ ئاچلىقتىن ئۆلسەكمۇ خەققە بويۇن قىسقان ئە-مەسمىز. پۇشتۇمدىن مۇنداق بىر ناكەسنىڭ تامغىنىنى بۇرۇن

بىلگەن بولسام، ئىتنىڭ كۈچۈكىنى كۆمگەندەك ئەسكى تامنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋەتمەسمىدىم. تۇۋا...تۇۋا قىلدىم، خۇدايىم. ھېچ-بىر ئادەمنىڭ كەينىدىن كۈلگىنىمنى بىلمەيمەن. قارىمامدىغان ماڭا كەلگەن كەلگۈلۈكنى ئەمدى. ئاللائالدىدا قەسەم قىلىمەن-كى، مېنىڭ ئۇنداق ئوغلۇم يوق. . . — ئاتا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. ئاۋازى بوغۇلۇپ، ھەتتا ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمىغۇدەك كۇسۇرلاپ قالدى، — ئاشۇ، ئاشۇ دىۋانىلارغا بالا بولۇپ كەتسۇن. ئۇ ھەرقانچە باي بولۇپ كېتىپ، يامبۇدا ئىشىك تاقىسىمۇ، تاپقان دۇنياسىنىڭ ھەممىسى ھارام.

سايىم بوۋاي سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆزىنى تۇپە-لىق يەرگە تاشلاپ، ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈز-كۆز-لىرى توپىغا مىلەنگەن بولۇپ، قوللىرى توپىنى مۇجۇقلايتتى، پۇتلىرى خۇددى كىچىك باللاردەك تىپچەكلەيتتى. ئۇ، دەم-دىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى-دە، توپىغا بۇلانغان ساقاللىرىنى تىترىتىپ يىغا ئارىلاش ئېيتتى:

— خەلقى ئالەم ئالدىدا ماڭا نى ئات، نى نومۇس. مەن ئەمدى يۇرت ئىچىدە يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن؟ پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغاندا يۇرتنى تاشلاپ يىراق يەرگە كېتەيمۇ؟ ھۇ ئەقىلسىز بەدرەك، سېنىڭ كۆيۈپ-پىشقىنىڭ ئاخىر بېرىپ ئاشۇ دىۋانىنىڭ قىزى بولدىمۇ؟ نى-نى ئادەملەرنىڭ قىزلىرى يارىماي، ئاشۇ دىۋانىنىڭ قىزى يارىدىما؟ ھۇ كۆڭلى پەس...

بوۋاي يىغلايتتى، قاقشايتتى، خۇداغا نالىلەر قىلىپ ئوغ-لىنى قارغايتتى، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ

چىشلىرى كىرىشىپ خارتىلداپ قالدى.

## 3

قايىم تىلەمچىلەر ئائىلىسىگە كېلىپ ھەيرانۇھەس قالدى. تىلەمچى قىزنىڭ ئىسمى سائادەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى دۆلەت-باي ئەللىك ياشلاردىكى دوغىلاق ئادەم ئىدى. ئانىسى ئاغىچخان بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە ئېگىز بوي، چىرايلىق ئايال ئىدى. بۇ ئائىلىدە بىر يورۇق سەككىز ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، ھەممىسى لىم ياغاچلىرىغا نەقىش چېكىلىپ، سۇرۋاسا قىلىپ يېپىلغان؛ ئۆيلەرنىڭ تاملىرىمۇ ئېسىل نەقىشلەر بىلەن بېزىلىپ، گىلدا سىرلانغان؛ ھەرخىل نۇسخىدىكى ئوتقاشتەك گىلەملەر ئازادە مېھمانخانىنى تېخىمۇ ھەشەمەتلىك تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. ئۆيدە يەنە زامانىۋى پاسوندىكى ئىشكاپ، تېلېۋىزور، ئۇنئالغۇ دېگەن-دەك ئۆي جابدۇقلىرىمۇ تولۇق ئىدى. قايىمنى ھەممىدىن بەك-رەك ھەيران قالدۇرغىنى مېھمانخانا ئۆينىڭ ئالتە يېرىم گەز ئۇزۇنلۇقتىكى تېمىنىڭ پۈتۈنلەي ئەينەك بىلەن قاپلانغانلىقى بولۇپ، ئۆي ئىچى ئەينەكتە ئەكس ئېتىپ، ئۆينى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كۆرسەتەتتى.

بۇ ئائىلىدىكىلەر ھەر ئايدا ئونبەش كۈن ئات ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ، ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، كونا كىيىملەرنى كىيىشىپ، باشقا يۇرتلارغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىدىكەن. بۇ مەز-گىلدە بىرسى ئۆيدە قېلىپ، بىر نەچچە ئەر-ئايال ھەقەمسايىلە-

رى بىلەن ئائىلە ئىشلىرىغا قارايدىكەن. تىلەمچىلىكتە چىققانلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تاپقىنىنى سېتىپ پۇل قىلىدىكەن، قالغان ئونبەش كۈننى دەم ئېلىش، ئويۇن-تاماشا بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن.

دۆلەتباي قىزى سائادەتنى مۇشۇ "جاپاسىز" كەسىپنى ئۆگىنىش ھەم ئۆزلىرى بىلەن تەڭ "ھۈنەر" قىلىش شەرتى بىلەن قايىمغا نىكاھلاپ بېرىپ، ئۇنى ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋالدى. تويدىن كېيىن بۇ ئائىلىدىكى سائادەت بىلەن قايىمدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ يىراق يۇرتلارغا بىر ئايلىق ئوقەتكە چىقىپ كەتتى. سائادەت ئاتىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، شېرىن ئاينى ئۆتكۈزگەچ، قايىمغا بىر يۇرۇش تىلەمچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگەتتى. كۈنلەر شۇنداق تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىكى، مۇرادى ھاسىل بولغان بۇ ئىككى ياش بىر-بىرىگە قانمايتتى، شېرىن سۆھبەتلەرنىڭ ئايغى چىقمايتتى. ھەتتا قايىم ئۆز ئائىلىسى، ئاتا-ئانىسى، ئاكا-سىڭىل قېرىنداشلىرى ھەم يېقىن دوستلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنۇتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئوي-پىكرى ۋە ۋۇجۇدى سائادەتكىلا باغلانغان بولۇپ، دىلبىرىنىڭ قوندۇزدەك چېچىنى سىلاپ، پۇراپ تويمايتتى. سائادەت بولسا قايىمنىڭ مەيدىسىگە مەڭزىنى قويۇپ، ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشايتتى. بەزىدە قايىم شوخ پەدىلەرگە دۇتار چېلىپ مۇھەببەت ناخشىلىرىنى توۋلايتتى، سائادەت كېپىنەكتەك كىيىنىپ، گىلەم ئۈستىدە چىكىپ دەسسەپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. بۇنداق چاغلاردا قايىم، چۈمبەلگە پۈركەنگەن ھالدا كىشىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ساپايە چېلىپ تىلەۋاتقان بىچارە قىزنىڭ مۇشۇ سائادەت

ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك كۆز ئۈزمەي ئۇزاق-ئۇ-زاق قاراپ كېتەتتى.

بىر كۈنى، قايىم ھېرىپ-تەرلەپ، تۆشەك ئۈستىگە ئۆزىنى اشلىدى. سائادەتمۇ تۆپىلەپ ئۆزىنى تاشلاپ، نازۇك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ چېكىسىدىكى تەرنى سۈرتتى.

— ھەي... شېرىن ۋىسال پەيتلىرىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئا-ران ئۈچ كۈن قاپتۇ، — دېدى قايىم چوڭقۇر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — ھېلىقى جەندە كىيىملەرنى كىيىپ، ئەسكى خۇرجۇن-نى دولامغا سېلىپ، ساپايە سوقۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىشىكىگە بېرىشنى ئويلىسام، پۈتۈن تېنىم تىكەنلىشىپ، يۈرىكىم ئاغزىم-غا تىقىلىپ، ئەسكى تام بېسىۋالىدىغاندەك بولۇپ كېتىمەن!

— ئەسلەپ شۇنداق بولىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن، ما-گىزىنىدىن بىرنېمە سېتىۋالغاندەك، دەيدىغاننى دەپ، بەرگەننى ئېلىۋېرىدىغان بولىسىز-دە، كۆنۈپ كېتىسىز.

— مۇشۇ بەستىم بىلەن خەقنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارسام، ئۇلار ماڭا بىرنېمە بېرىشنىڭ ئورنىغا تىل-دەشنەم بېرىشى تۇر-غان گەپ.

— نەچچە قېتىم ئېيتسام يەنە ئۇقمىغىنىڭىزنى قاراڭ، ھې-لىقى ساقال-بۇرۇتنى قاملاشتۇرۇپ تاقاپ، ياساپ قويسام ھەر-گىز چانمايسىز. خەقنىڭ ئالدىدا بىچارە، كېسەلمەن بوۋاي سى-ياقىدا تۇرۇشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز بولىدۇ. قېنى دوراپ بېقىڭا، مەن كۆرۈپ باقاي، — دېدى سائادەت قايىمنىڭ قولىدىن تار-تىپ.

قايىم ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى:

—بەك ھېرىپ كەتتىم، بىردەم ئارام ئالغىلى قويۇڭا!

—ئاشۇ كۆزىڭىزنىزە، قولۇمنى بىر تىقىۋەتسەم تازا! ئادەمگە قارايدىغان بولسىڭىز نەشتەرنىڭ ئۆزى، — دېدى سائادەت ناز بىلەن قايىمنىڭ كۆزىگە لېۋىنى تەگكۈزۈپ.

—ھەي سائادەت، سىلەر شۇنچىۋالا باي بولغاندىكىن ئەمدى تىلەمچىلىكنى تاشلىساڭلار بولمامدۇ، نومۇس قىلمامسىلەر؟

—ھىم، نومۇس قىلمامسىلەر دەمسىز؟ سىز خەقلەرنىڭ ئوغرىلىق، پارىخورلۇق، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق ۋە قاتىللىق قىلىپ، ھەتتا ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ۋەج يىغىۋاتقىنىنى، خەقنى قاقشىتىپ ئۆزىنى سەمرىتىۋاتقىنىنى كۆرمىدىڭىزما؟ بىز خەق بەرسە ئالىمىز، بەرمىسە خاپا بولمايمىز. خەققە ئوخشاش چىرايلىق سۆزلەپ بۇلىۋالمايمىز. قارا نىيەتلىك بىلەن بايلىق توپلىمايمىز. ئەجەب ئاشۇنداقلار نومۇس قىلماي بىز نومۇس قىلامدىكەنمىز؟. بۇ بىزنىڭ ئاتا كەسپىمىز. مەن سىزگە دەپ قوياي، سىز مۇشۇ گەپنى ھازىرقىسى بىلەن تۆت قېتىم دېدىڭىز، ئەجەب بۇرۇن نومۇس قىلىشنى، ئاتا-ئانىڭىز ۋە يۇرتىڭىز…نى ئۇنتۇپ، مۇشۇ ھۈنەرنى قىلىشقا رازى بولغانتىڭىز. ئەمدىلىكتە بىزنى، بىزنىڭ ئاتا كەسپىمىزنى پەس كۆرۈۋاتىسىز. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ كەسىپ ئاتامغا چوڭ ئاتىسىدىن، چوڭ ئاتىسىغا بوۋىسىدىن قالغان ئىكەن. ئاتا كەسپىنى ئەۋلادىغا قالدۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇش—ۋارىسلىق قىلىش زاماندىن زامانغا كېلىۋاتقان قائىدە. قانداق قىلىمىز ئەمدى. تەقدىر پېشانىمىزغا شۇنداق پۈتۈۋەتكەن تۇرسا. ئاتام بىزگە ئۆگەتتى، بىز بالىلىرىمىزغا

ئۆگىتىدىغان گەپ. مېنى سىزگە بېرىشتە، ئاتام بەك كەڭ قورساقلىق قىلدى دەڭا! بولمىسا بىزنىڭ يوسۇنىمىزدا، باشقا يەرگە قىز بەرمەيدۇ، باشقا يەردىن قىز ئالمايدۇ. بىزگە ئوخشاش ئوقەت قىلىدىغانلار بىلەن ئۆزئارا قۇدا بولۇشىدىغان گەپ. سىز پەقەت بىز بىلەن ئوقەت قىلىشقا ماقۇل بولغىنىڭىز ئۈچۈنلا ئاتام مېنى سىزگە بەردى. ئاڭلاڭ، مەن سىزگە مۇنداق بىر چۆچەكنى سۆزلەپ بېرەي: بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئادالىتىدىن پۈتكۈل خەلقى خۇشال، باي-باياشات ياشايدىكەن. كىشىلەر بۇ پادىشاھقا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدىكەن. بىر كۈنى كەچتە پادىشاھنىڭ خانىشى ئېرىگە ئۆزىنىڭ بويىدا قالغانلىقىدىن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا ئالاھىدە ئۆزى كەپتۇ. ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كېلىشىگە، ھۇجرا ئىچىدىن پادىشاھنىڭ بوش ئەمما ئېنىق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

— ھەقدوس! ناخشۇەن پىرىم، سېخىي جەننىتى، خۇدا رەھمىتى، غېرىبىنىڭ قەدىمى يەتتى، بالانىڭ قەدىمى يەتمىگەي ئامىن! خۇدا رەھمەت قىلغاي…

بۇ غەلىتە گەپلەردىن خانىش ھەيران بولۇپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ماراپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، پادىشاھ شاھانە تونىنىڭ پېشىنى چوڭ ئېچىپ، تامنىڭ ھەر بىر تەكچە، نۆۋەيلىرىدىن پارچە-پارچە نانلارنى ئېلىپ، ناننى ئالغاندا، بايىقى گېپىنى ياندۇرۇپ دەپ، پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ، پېشىگە سېلىۋاتقۇدەك. خانىش كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشنى كۆرۈپ، داڭ قېتىپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن، ئېرىنىڭ ھەرىكىتىنى يەنە داۋاملىق

كۆزىتىشكە باشلاپتۇ، بىر دەمدىلا پادىشاھنىڭ پېشى پارچە نانغا لىق تولۇپتۇ. ئۇ، پىچىرلاپ بىر مۇنچە دۇرۇت ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاستا بېرىپ تەختكە ئولتۇرۇپتۇ-دە، پېشىدىكى ناندىن ئۇنىڭدىن بىر چىشلەپ، بۇنىڭدىن بىر بۇردا يەپ، ئاللاغا شۇ-كۈر-سانا ئېيتىپتۇ.

خانىش كىرەيمۇ-كىرمەيمۇ دەپ، ئۇزاققىچە ئارىسالدا بو-لۇپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاخىر پادىشاھنى خىجىل قىلىپ قويماي، دەپ ئاستا كەينىگە يېنىپتۇ... خانىش بۇ سىرنى ھېچكىمگە تىنماپتۇ، بىراق، بۇنىڭ زادى قانداق سىر ئىكەنلىكىنى بىلگۈ-سى كېلىپ، زادىلا تۇرالماپتۇ. يىل ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ بىر كۈنى كېچىسى پادىشاھ بىلەن بىر تەكىيگە باش قويغان چاغدا، بۇنى تەسلىكتە سوراپتۇ، شۇئان، پادىشاھنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇزۇنغىچە بىر نەرسە دېمەي، شۇك بولۇپ قاپتۇ، خانىش تولا يېلىنىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، ئاخىر مۇنداق دەپتۇ:

—خوتۇن، بۇنى سورىمىساڭ ئوبدان بولاتتى، بىلىپ قاپ-سەن، دېمەي بولمىدى. مەن ئەسلى دېۋانىنىڭ ئوغلىمەن...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خانىش ئەنسىز ۋارقىراپ تاشلىغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قاپتۇ. ئەمما، شۇئان ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئۇنىڭ گېپىنىڭ داۋامىنى كۈتۈپتۇ. پادىشاھ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ-تۇ:

—مەن كىچىكىمدىن تارتىپ، ئاتامنىڭ ئاشۇ تىلەپ تاپقان نېنىنى يەپ، تەربىيىسىدە چوڭ بولۇپ، تىلەمچىلىك قىلىپ يىغقان ۋەجىدە ئالىي مەدرىسلەردە ئوقۇپ، بۈگۈنكىدەك پادىشاھ

بولغانمەن. مانا شۇ سەۋەبتىن، ئاتامنى، ئەسلى-نەسلىمىزنى، ئۆتكەن كۈنىمىزنى ئۇنتۇپ قالماي دەپ پات-پات يوشۇرۇنچە مانا مۇشۇنداق قىلىمەن. كاتتا، شاھانە تائاملارنى يېسەممۇ، ئاغزىمغا قاتتىق نانچىلىك تېتىمايدۇ. بۇنانلار ناۋات تېتىيدۇ. سەن بۇ سىرنى ھېچكىمگە تىنغۇچى بولما!

خانىش ئېرىنىڭ سەمىمىيلىكىدىن، ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ...

سائادەت سۆزلەپ بولۇپلا قايىمىنىڭ بويىنىغا گىرەسالدى:

—قانداق؟ پادىشاھمۇ قىپتىكەنغۇ بۇئىشنى! ئەمدى بىز قىلساق بولمامدىكەن؟ بايا دېگىنىمدەك، بىزنىڭ ئىشىمىز ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلغاندىن مىڭ ياخشى.

—ئۆزەڭ دېدىڭ، پادىشاھمۇ كېيىن ھېلىقى ھۈنەرنى تاشلاپ پادىشاھ بوپتىكەنيا؟

—بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئوخشىمايدۇ، بىز ئۇلارغا ئوخشىمايمىز. بىزنىڭ پېشانىمىزغا پۈتۈلگىنى مۇشۇ بولغاندىكىن، بىزدە نېمە چارە؟

سائادەت شۇنداق دەپلا ئۆزىنى تۇتۇۋالماي ئېسەدەپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى قايىمغىمۇ يىغا ئۇلاشتۇردى. ئاخىر ئۇمۇ سائادەتنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئۈنسىز ياش تۆكۈشكە باشلىدى...

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، دۆلەتلەر ئوقەتتىن قايتىپ كەلدى.

ئۇلار بۇ قېتىم بەش تاغار قوناق، سەككىز تاغار بۇغداي،

ئۈچ تاغار پاختا، بىر تاغار گۆرۈچ، 15 تاغار ھەر خىل نان، 30 قۇر كونا-يېڭى كىيىم، 15 جۈپ قىشلىق-يازلىق ئاياغ، توققۇز پارچە كىگىز، 12 قوي، ئۆچكە تېرىسى، 397 كوي نەق پۇل، يەنە بىر مۇنچە ئارغامچا، توقۇناق، كەكە، كەتمەن، پىچاق دېگەندەك نەرسىلەرگە ئىشلەپ كەلگەننىدى، شۇ كۈنى ئاخشىمى، دۆلەتباي ئالدىغا بىر تاۋاق قوناقنى ئەكىلىۋېلىپ، قوناق تىزىپ، ئوقەتنىڭ ھېسابىنى چىقاردى. كېيىن، ئۇ، پىرىنى سېغىنىپ بۇي-ئىسرىق سېلىپ، ياغ پۇرىتىپ بىرمۇنچە دۇئا-تەكبىر ئوقۇدى. قايىم بىلەن سائادەتكە ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىشنى بۇيرىدى. قېيناتىسىنىڭ كەسكىن بۇيرۇقى قايىمنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىرىۋەتتى. ئۇ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدى، شۇنداقتىمۇ، قېيناتىسىنىڭ سۆزىنى يىرىۋېتىشكە ئامالسىز ئىدى.

ئەتىسى تېخى تاڭ ئاتماستىنلا سائادەت ئۆزىنىڭ تىلەمچىلىك كىيىمىنى راۋۇرۇس كىيدى-دە، بۇلۇڭدا مەيۇس ئولتۇرغان قايىمغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. ئاۋۋال ئۇنىڭ ئات يايلىدەك يىرىك، ئۆسكىلەڭ قارا چېچىنى ماشىنىدا ئېلىشقا باشلىدى. چېچى ئېلىنىۋاتقان قايىم گويا يۈرىكى سۇغۇرۇلۇۋاتقاندەك ئازابلىنىپ كەتتى. ”ھەي كۆڭۈل، ھەي قايىم، بەرجەس بىرىگىت تۇرۇپ، كۆڭۈلنى دەپ تىلەمچىلىك كوچىسىغا كىرىپ كېتەرسەنمۇ؟...“ دەپ ئويلىدى ئۇ.

سائادەت، تاشقى قىياپىتىگە ماس بولمىغان نازۇكەرەشمە بىلەن، چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن قايىمنىڭ مەڭزىگە ”چوككىدە“ بىرنى سۆيۈپ قويدى.

— دەسلەپ شۇنداق بولىسىز، كېيىن كۆنۈپ كېتىسىز،
— دېدى ئۇ قايىمنىڭ ياسىما ساقىلىنى تاقاۋېتىپ.

قايىم ئېغىر قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ، ئەينەكلىك ئۆيگە كىردى. ئۇ كۆردىكى، ئېسىل گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن بۇ ئازادە ئۆيدە يىرگىنىشلىك بىر جۇلدۇر كىيگەن دىۋانە كۆزىنى پىلدىرلىتىپ تۇراتتى. ئۇ قانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى زادىلا تونۇيالماي قالدى ۋە چۈشۈممىكىن دەپ يۈزىنى چىمدىپ كۆرۈۋىدى شۇھامان ئاغرىقنى سەزدى. مەينەت، چىگىشلىشىپ كەتكەن ياسالما ساقال ئاستىدا ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان سىلىق يۈزلەر كۆرۈنمەيلا قالغانىدى. "ياپىر، ئادەم پاكىز، چىرايلىق كىيىملەر بىلەن ئادەمكەن جۇمۇ؟" دەپ ئويلىدى قايىم. شۇچاغدا، ئۇنىڭ سول مۈرىسىگە ئۈستى-ئۈستىلەپ يامىلىۋېرىپ ئەسلى ھالىتىنى ئاللىبۇرۇنلا يوقاتقان، يىرتىق ئاغزىدىن ساپايىنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر خۇرجۇن چۈشتى. قايىم گويا بويىنغا يىلان يۆگەشكەندەك شۈركىنىپ كەتتى. سائادەت ئۇنىڭ بويىنغا ئېسىلىپ، ساقاللىق يۈزىگە ئامراقلىقى تۇتقان ھالدا ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچىنى سۆيدى. شۇ تاپتا ھېچكىممۇ ئۇنى يېڭىلا تويى بولغان ياش جۇۋان دېمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئاللىقاچان ھالىدىن كەتكەن قېرى مەزلۇمنىڭ سىياقىغا كىرگەنىدى.

## 4

سائادەت بىلەن قايىم بوستانلىق بىر يۇرتقا كېلىپ توخ-

تاپ، ئىككىسى مەھەللىنىڭ ئىككى بېشىدىن چۈشىدىغانغا كې-
لىشتى-دە، سائادەت چۈمبەلگە پۈركىنىپ، كەچ قالغان بازار-
چىدەك ئالدىراپ مەھەللىگە كىرىپ كەتتى. قايىم بولسا ئازابلىق
تۇيغۇ ئىچىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. ”مۇھەببەت،
سائادەت... كۆڭۈل، ئاھ، قايىم! مۇھەببەت سېنى راستىنىلا
مۇشۇ كويغا سالدىمۇ؟ ئاھ، سائادەت! سەن نېمىشقا بۇ ئاتا
مىراس ھۈنىرىڭدىن كېچەلمەيسەن؟ سەن بۇ ھۈنىرىڭنى مەندىن
ئەۋزەل كۆرەمسەن-ھە؟ خەق ئالدىدا بويۇن قىسىشنى راۋا كۆر-
مەيدىغانلىقىمنى بىلىسەن. مەن سېنى ھەرقانچە بولسىمۇ مېنى
بۇ ئىشقا زورلىماس، ئاتا-ئانىسى زورلىسىمۇ قىزى زورلىماس
دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەمما ھېچقايسىڭلار مېنى قىلچە ئاياپ
قويمىدىڭلار. مېنىڭ ھەممە نەرسەمدىن كېچىپ سىلەرنىڭ ئۆ-
يۈڭلەرگە كەلگىنىممۇ يېتىپ ئاشاتتى...“ قايىم تىترەپ تۇرغان
قوللىرىنى ئاستا سوزۇپ، يالغان ساقىلىنى يۇلدى؛ خۇرجۇنىنى
مۈرىسىدىن ئېلىپ، جەندە كىيىملەرنى سېلىپ، يەرگە قويغان-
دىن كېيىن، سائادەت كىرىپ كەتكەن مەھەللە تەرەپكە بويىنىنى
قىسقان ھالدا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مار-
جاندەك ياش تامچىلىرى ئاقماقتا ئىدى. ئۇ قەدەملىرىنى تەستە
يۆتكەپ، دۈۋىلىشىپ تۇرغان نەرسىلەردىن يىراقلىدى. بىراق
ئون قەدەم ماڭمايلا يەنە توختاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، يەنە
ھېلىقى نەرسىلەرنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى ۋە بىر-بىرلەپ
قولىغا ئېلىپ بۇرنىغا يېقىن تۇتۇپ پۇرىدى، ئاندىن سائادەت
كەتكەن تەرەپكە قارىغىنىچە، قولىدىكى نەرسىلەرنى قايتىدىن
بىر پۇرىۋېتىپ، يول ياقىسىدىكى ئېرىقتا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان

سۇغا تاشلىدى. بۇ ئاپرېلنىڭ باشلىرى بولۇپ، يۇزنگە چاچرىغان مۇزدەك سۇ ئۇنى ئەندىكتۇرۇۋەتتى. سۈزۈك ئاسماننىڭ شەرق تەرىپى قان رەڭگىگە كىرگەن بولۇپ، ئېرىققا تىكىلگىنىچە ئولتۇرغان قايىمنىڭ يۈزىدىكى تامچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ سۇغا قوشۇلماقتا ئىدى.

## 5

— ئاتىسى، كۆزلىرىنى ئاچسىلا. ئوغۇللىرى ئەقلىنى تېپىپ، سىلىدىن كەچۈرۈم سوراپ كەپتۇ، كۆزلىرىنى ئاچسىلا، —زىۋىدىخان قار-يامغۇر ياش تۆكۈپ تۇرۇپ سايىم بوۋاينىڭ بېشىنى ئاستا يۆلىدى.

سايىم بوۋاي كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان هالدا ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بېشىدا بالا-چاقا، ئۇرۇق-تۇغقان، ئاغىنە-بۇرادەر ۋە قولۇم-قوشنىلىرى ئۇنىسىز كۆزيېشى قىلىپ تۇرۇشاتتى. ئۇ قايىم ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە ئازابلىنىپ يىقىلغانچە ئۆرە بولالمىدى، گېلىدىن هېچنەرسە ئۆتمەيتتى، كېسىلى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشماقتا ئىدى. پات-پات: ”قايىم، ئوبدان بالام... قايىم... ئوغلۇم...“ دەپ جۆيلۈپ ۋارقىرايتتى.

مانا بۈگۈن بوۋاينىڭ كۆزىنىمۇ ئاچماي، زۇۋانىمۇ سۈرمەي ياتقىنىغا ئۈچ كۈن بولغانىدى. قايىم ئۇنىڭ باش تەرىپىدە تىزلىنىپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئۇمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش ئۇرۇقلاپ،

تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغانىدى.

بۇۋاينىڭ گېلى توساتتىن "خالاپ-خالاپ" قىلىپ، ئارقىدىنلا "قايىم، قايىم، ئوغلۇم..." دەپ تۇۋلىغان زەئىپ ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇنىڭ كۆزىمۇ يېرىم ئېچىلغانىدى.

— ئاتا، جېنىم ئاتا، مانامەن...قايىم يىغا ئارىلاش ئاۋازدا تۇۋلاپ، ئاتىسىنىڭ تارشىدەك قېتىپ، مۇزلاپ كەتكەن قولىنى چىڭ تۇتتى.

بۇۋاينىڭ كۆزلىرى ئاستا-ئاستا چوڭ ئېچىلىپ قايىمغا تىكىلدى. بۇ كۆزلەردىن ھېچقانداق بىر ئىپادىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇ قايىمغا ئۇزاق تىكىلىپ، گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، شۇئان قاتتىق يۆتەل تۇتۇپ، ئىككىنى يۆتەلدى-دە، كۆزلىرى چەكچەيگىنىچە ئېڭىكى چۈشۈپ قالدى.

— ئاتا... ئاتا!...

## 6

سەھەر. شەبنەم گۆرىستانلىقنىڭ ئۈستىنى بىلىنەر-بىلىنمەس نەمدىگەنىدى. بىرسى دۆۋىلەنگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان قەبرە توپىسىنى قۇچاقلىغىنىچە قىمىر قىلماي ياتاتتى. بۇ قايىم بولۇپ، تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يۇمىلاق يۈزى ياغاقلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنى قايىم دېسە، بۇرۇن بىلىدىغانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىشەنمەيتتى. ئۇ، قەبرىستانلىقنىڭ بىر چېتىدىكى قېرى توغراق دەرىخىگە قونۇۋالغان قاغىنىڭ قاقىلدى-

شى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئاتىسى قازا قىلغان بىر ئايدىن
بۇيان ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى مانا مۇشۇ تەرىقىدە بېقىپ
يېتىۋاتاتتى.

قايىم ئويغىنىپلا پۇتىنى ئېغىر بىر نەرسە بېسىۋالغاندەك
ھېس قىلدى. پۇتىنى مىدىرلىتالمىغاندىن كېيىن، كۆزىنى ئۇ-
ۋىلاپ قاراپ، ئاياغ تەرىپىدە بىر ئايالنىڭ ئۆز پۇتىغا بېشىنى
قويۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ كۆزلىرىنى قايتا-قايتا
ئۇۋىلاپ، ئۇخلاپ ياتقان ئايالنىڭ سائادەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن-
دە، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا تىلەم-
چىلىك كىيىملىرى يوق بولۇپ، ئورنىغا قارا سوكنادىن يارا-
شىملىق پەلتو كىيگەن، بېشىغا ئاق داكا ياغلىق چەككەن،
بېلىگە ئاق باغلىغانىدى.

قايىمنىڭ مىدىرلىشى بىلەن سائادەتمۇ ئويغىنىپ كەتتى.
ئۇنىڭ نۇرلۇق، قارا كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، يۈز سۆڭەكلىرى
بىلىنىپ قالغان چىرايى سېرىق كۆرۈنەتتى. ئۇ ئويغىنىپلا قا-
يىمغا قايغۇلۇق نەزەردە تىكىلدى.

— سىزدىن ئايرىلغاندىن بۇيان بۇگۇنكىدەك تاتلىق ئۇخلاپ
باقمىۋىدىم. ئاتىمىز. . . — دەپلا بېشىنى سالدى ئۇ.

— نېمىشقا كەلدىڭ؟ — قايىم يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇ-
تۇپ، بوزۇلغان ئاۋازىنى يېرىم-يارتا چىقىرىپ سورىدى.

— سىزنى دەپ. . . — سائادەت بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، قا-
يىم ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا سىمابتەك لىغىرلاپ تۇرغان ياشنى
كۆردى.

— تالاغا چىقىدىغاندا كىيىدىغان كىيىملىرىڭ قېنى؟

—ئۇنى ... ئۇنى ... ئەمدى ماڭا سىز بولمىسىڭىز ... باشقا ھېچنېمىنىڭ لازىمى يوق، بىلمەيتىكەنمەن... بولدى ئەمدى، ئۇ-نى سورىماڭ! سىزدىن خۇش بولاي! —سائادەت شۇنداق دەپلا قايىمنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

قايىم ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرىدىكى توپىلارنى ئاستا سۈرتىۋې-تىپ، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ياغلىقىنى ئاۋايلاپ ئارتىپ قوي-دى. ئۇ توختىماي مۇنداق دەپ پىچىرلايتتى:

—مەن ئۈمىدىمنى ئۈزگەنىدىم ... ئەمما سېنى چۈشىمىگەن بىرمۇ كېچە يوق... بىردەممۇ يادىمدىن چىقمىدىڭ. قاچامدىكى، قوشۇقتىكى ئاشتىمۇ سەن قاراپ تۇرىسەن، سائادەت... سائادەت، جېنىم سائادەت، پەقەت كۆز ئالدىمدىن كەتمىدىڭ... ئۈمىدنى ئۈزگەن، ئەمما سېنى سېغىنمىغان چاغلىرىم يوق...

1985-يىل فېۋرال،
1987-يىل نويابىر،
قەشقەر.



# قەدىمىي زەرداب



## 1

بامداتقا ئەزان چىققاندا تېخى تولۇق يورۇق چۈشمىگەنىدى. ئەمما ئاي نۇرى كېچىدىكىدىن خېلى غۇۋالىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاق قوشقاچلار قارىيىپ تۇرغان جىگدە، سۆگەت، تېرەكلەر ئارىسىدىن ئاندا-ساندا ۋىچىرلاشقىلى تۇردى.

— بۈگۈن يەنە بازارلىغىلى بارامىلا، — دېدى ئايلىخان جاينامازنى راسلاپ، رومىلىنى تۈزەشتۈرگەچ.

— كاللاڭ نەگە كېتىدىغاندۇ خوتۇن. مەن ئاخشام ئەتە يۇنۇس ئۇستامنىڭ ئۆيىدە چاي بولىدۇ، شۇ يەردە كەچكىچە ھەلقە-سۆھبەت بولىدىغان گەپ دېمىدىمۇ، — دېدى سەيدۇللا قارىم غۇۋا يورۇپ تۇرغان جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا خوتۇنىنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمەي ئاق رومال سالغان بېشىغا قاراپ.

ئۇ، تەرەتنىڭ دۇرۇتلىرىنى ئوقۇغاچ مەسە كالىچىنىڭ ئىچىنى

كولاشتۇرماقتا ئىدى.

—تالىپلارنىمۇ ئېلىۋالامسىلە؟

—بۈگۈن ئەتىگەندە نېماندلاق ۋىتىلداق بولۇپ قوپقانسىلە، بىلىدىغان گەپلەرنىمۇ سورىغىلى تۇردۇڭلىغۇ. ھاشىم، ھۆرەكلەرنى ئويغىتىڭلا، بامدات ۋاقتىدىمۇ ئۇخلايدىغان بولۇۋالدى. مەن گەپ قىلسام بوش گەپ قىلمايمەن، ئۆزىنى سوراشسۇن. تۈنۈگۈن ھاشىم بامداتقا مەسچىتكە چىقمىدى، باكا مەن…

—ئۆيدە ئوقۇدى دىدىميا مەن سىلىگە.

—مەسچىتكە چىقسۇن، خوتۇن كىشى بولمىغاندىكىن. ساۋاب تاپسا ئۆزىگە، بىزگە ھېچنېمە ئەمەس. ئۆيگە يانمايمەن. ھاشىم ئېشەكنى توقۇپ كەينىمدىن مەسچىتكە ئېلىپ بارسۇن.

—ۋايىەي، ئەمدى مائىشنى كۆ. ناشتا ناۋا قىلىپراق بارارسىلە تېخى، قاقپودا بېرىۋالماي.

—ماۋۇ ئۆزۈن مەھەللىدىكى بارىتاخۇننىڭ قويى چەتنەپ قوزا تاشلىۋېتىپتىكەن، چىراق①قىلىدىكەن. مەسچىتتىن يېنىپ ئۇيەرگە داخىل بولۇپ داستىخاننى يىغقۇچە بىرۋاخ بولىدۇ. ھۆرەككە، يەنە ھاشىمغا دەڭلا، ھەر بازار كۈنى بازارغا قاترايدىغان بولۇۋالدى. مەن يەنە بازارغا بارغىنىنى ئاڭلاپ ياكى كۆرۈپ قالسام كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن. ھۆرەك بىرۋاخ نامازنى بولسىمۇ راۋۇرۇس ئوقۇپ خۇداغا يېغىنسۇن، بارغانچە قارا بېسىپ كەتمىسۇن.

—مەنمۇ تېخى…

---

① چىراق— نەزىرنىڭ بىر تۈرى.

— ھە، سىلىمۇ ئالدىنقى بازاردا بارغاندىكىن، بۇ بازاردا كېۋەز تېرىڭلا. ھاشىم بىلەن ھۆرەكنى ئالدىڭلىغا سېلىپ چىد-قىپ تېرىڭلا. تالىپلار ھەممە ئىشنى قىلىدۇ، دەپ مۇشۇكەمدى-زە ئاق نانچى بولۇۋالدىڭلا.

— ئەمىسىچا، كىرسىن تۈگەپتۇ، گۈرۈچ تېخى يوق. يەنە توقاچ سوپۇندىن بىرنى ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇماڭلا.

— ۋاي ماقۇل-ماقۇلە. يائاللا، مەن بىسمىللا دەپ مۇشۇ بوسۇغا داۋاندىن بىر ئاتلاي.

سەيدۇللا قارىم ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ پاكار ئىشكتىن ئېڭىشىپ ئاستا چىقتى. ئۇلگۈرچەكلىك ئىشىك غىچىلداپ يېپىد-لىپ ھاسىنىڭ توكۇلدىشى بىلەن مەسە كالاچتىن چىقىدىغان "خىرت-خىرت" ئاۋاز ئاستا يىراقلاپ كەتتى.

— قېرى ئۇلگۈر، ئۆزۈك كۇندە بازارغا قاترايسەن، يەنە بىزگە يول قويمايسەن. بارمىغىنىمنى كۆ. ئاۋۇ توخۇ پوقىلار تېخى قىمىرلاي دېمەيدۇ...

ئۇ، سۇپىدىن ئۇمىلەپ چۈشۈپ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ سىلاشتۇرۇپ قىزىنىڭ بىلىكىنى تۇتتى:

— قوپە ھوي، قوپە پاسكىنا، بامدات ۋاقتىدىمۇ ياتامسەن. قوپ، ناماز ئوقۇ. مۇشۇنداق چۈشكىچە ئېرىڭنىڭ تېقىمىغا ئوسۇرۇپ ئۇخلىغاچقا تۈت كۇندە كۆتۈڭگە تەپتى. خوتۇن كىشى دېگەن ئەتىگەن-سەھەر قوپۇپ، سۇ ئىسسىتىپ پاكىز تەرەت ئېلىپ ئەركىشىنىڭ تەرتىگە سۇ ئىسسىتىدىغان، ئەر كىشى مەسچىتتىن يانغىچە ھويلا-ئارام، ئۆيلەرنى سېرىپ-سۈپۈرۈپ چىنندەك پاكىز تۇتۇپ، ناشتىلىق تەييارلايدىغان، دەپ مىڭ

قېتىم كاپشىپ ئاغزىمنىڭ ئون قات تېرىسى چۇشۇپ كەتكەندۇ. مانا ئاخىر گېپىمنى ئاڭلىماي 15 كۈندە بوغچاڭنى قولتۇقلاپ، پوتلاڭنى ئېقىتىپ كېلىپ ئولتۇرىسەن. قوپە.

—ۋايجان، ۋايجان، ئەجەب تويدۇم. ئەتىگەن ئىت پوق يېمەستە ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي كاس-كاس ئىتقا ئوخشاش قاۋايدۇ.

—مەن قاۋىمىسامچۇ، مۇشۇنداق كۈن چۇشكىچە سېسىق يوتقاندا يېتىپ، ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە قوتان قېرىسى بولۇپ سېسىپ ئولتۇرارسەن. قوپە ئورنۇڭدىن. ئەتىگەن قوپۇپ ناماز ئوقۇپ، دىلىڭدىكى قارىنى ئاقارتىپ كۆڭلۈڭگە ئىنساپ تىلە. ئېرىڭنىڭ ئىنساپىغا دۇئا قىل. خۇدا ئىسسىقچىلىق سېلىپ ئەتە-ئۆگۈن كېلىپ ئەكىتەمدۇ تېخى. هى... هى... هى...

—ئوهۇش. تامايىم يوق ئۇنداق ماز پاينەكتىن. كىمنى ئالسا ئېلىپ چېكىسىگە تېڭىۋالسۇن.

—هەي ئەقلى يوق ئىت خۇيلۇق ئازگالچى، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئېرىڭنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئاغزىڭدىن كىرىپ بۇرنىڭدىن چىقىپ ئېرىتىپ يېنىشىۋالمىساڭ ئەمدى سېنى كىم ئالىدۇ؟ ئاۋاتتا بىر ئەرگە تېگىپ چىققان چوكاننى ئەر ئالغاننى كۆرگەنمىتىڭ. ۋاي بىلمەپتىمەن، ئۇقماپتىمەن دەپ چىرايلىق گەپ قىلىپ ئاستا ئۆيىگە كىرىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشمىسەڭ، مەن يەنە قىزىمنى كىم ئالار، كىمگە بېرەرمەن، دەپ قېرىغاندا نەدە دوڭغاسلايمەن. ئولتۇرۇپ-ئولتۇرۇپ، ئاندىن پەيلى شەيتان ئازدۇرۇپ كۇسىدا بىرگەپ چىقسا تېخىمۇ سېسىپ، ئىت-ئېشەكتىن خار بولۇپ، ئالاي دەيدىغان ئادەممۇ چىقمايدۇ.

— مەن ئىغىر كەلگەن بولسام گىپىڭنى ئوچۇق دە، بولمى-
سا، تولا ۋالاقلىما. نى-نى خەقنىڭ قىزلىرى ئەردىن چىقىپ
تازا پۇخادىن چىققۇدەك ئويناپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى
قانداق خەقلىدۇ.
— قوپە قانجۇق، ساڭا گەپ قىلىدىغان ئاغزىم يوق. ناماز
ۋاقتى ئۆتەي دىدى. ناماز ئوقۇ...
— ماقـۇل. ماقـۇل. بىردەم چىـقە جـۇگـۇ، بىشىمنى
ئاغرىتماي.
ئانا دوڭغاسلاپ چىقىپ كەتتى.
ئۇ ئىچىدە بىر نىمىدەپ كوتۇلداپ هويلىدىكى ئىغىلغا ياذ-
داش سىلىنغان ئوغلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى:
— بالا باقماي بالانى بىقىپتىكەنمەن. خۇدادىن ئىنساپىنى
بەرگەيسەن دەپ بەش ۋاخ نامىزىمدا دۇئا قىلىمەن. قىرىغۇچە
هوشىنى تاپمىسا، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغان نىمىلەر هەر كۈنى
ئويغاتمىغۇچە نامازغا قوپمىسا. زاكىدىكى ۋاقتىدا بالىكەن، ئۇ-
نىڭدىن كىيىن بالا-قازاكەن.
ئۇ ئىشىك ئالدىدا بىردەم كوتۇلداپ، ئۆيدىن چىقىۋاتقان
خىرقىرىغان ئاۋازدىن باشقا تاۋۇش سەزمىگەندىن كىيىن ۋارقى-
رىدى:
— هەي هاشىماخۇن، هەي هاشىماخۇن، قوپە ئورنۇڭدىن،
بامدات ۋاقتى ئۆتۈپ كىتەي دىگىلى تۇردى.
ئۆيدىن ئۇيقۇلۇق ئىنجىقلاپ ئۆرۈلگەن تاۋۇش چىقىپ يەنە
بوش خىرقىرىغان ئاۋاز كەلگىلى تۇردى. ئانىنىڭ خۇيى تۇتتى:
— هەي هاشىماخۇن، قوپ دەيمەن. ئاتاڭ ئىشەكنى توقۇپ

كەيىنىمدىن بارسۇن دەپ مەسچىتكە كەتكىلى نىكەم. ھېلى بام-
داتقا كېچىكىپ قېلىپ ئاتاڭدىن تىل ئىشتىسەن، قوپ دەيمەن.
كېچىسى يېرىم كېچىدىن ئۆتكۈچە ئۇخلىمايسەن، ئەتىگىنى كۈن
چۈش بولغۇچە قوپمايسەن.

—ھە، مانا…مانا. ۋاتىلدىما. مانا قوپتۇم.

—ھېلى كېچىكسەڭ ئاتاڭنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، ئادەم غول
يەردە تىللىسا ئىزاتارتىسەن. بۈگۈن بازار.

—ھە…ھە…راست بازار. ھە، ۋۇي…ۋۇي يادىمدا يوق.

—ھېلى بازارلىق پۇل دېسەڭ دەشنەم يەيسەن. ھەي خۇدا-
يىم، ساقال ئەستاغپۇرۇللىغا يەتكۈچە يا خوتۇن بىلەن ئۆي
تۇتۇپ ئۆزەڭنىڭ كۈننى ئالمايسەن. بىز گۆرگە كىرىپ كەت-
سەك قەبرىمىزگە بارارسەنمۇ. ئاكام رەھمەتلىك قىرىق ئۈچ
خوتۇن ئاپتىكەن. ھازىر بەشنى ئاپسەن، نەچچىدە توختارسەن-
كىن. يا تاغاڭنى دورامسەن. تۇۋا، تۇۋا قىلدىم خۇدايىم…

—خۇدا بۇيرۇغان بىر كۈنى توختارمەن ئانا. چىشىڭ بوغ-
دايدەك قاپتۇ، بولدى قىل.

—تۆتىنچى خوتۇنۇڭ بىلەن يېنىشىمساڭ خۇدا راۋا كۆرمەي-
دۇ بالام. قالغانلىرىدىنغۇ بىردىن بالاڭ بار. ئايشەك بىچارە
قوشكېزەكتىن تۆتنى تۇغۇۋەتتى ئەمەسمۇ. بىر بالا دېگەنغۇ ئۇن-
داق-مۇنداق قىلىپ ئۆلمىسە چوڭ بولۇپ قالىدۇ. ئايشەك بى-
لەن يېنىشىمساڭ قىيامەت كۈنىسى تۆت بالاڭنىڭ تىرنىقى كاند-
يىڭدا قوپىسەن. تۆت بالا بىلەن ئايشەكنى كىم خوتۇن قىلىدۇ.
ئەمدى…

—بېشىمنى ئاغرىتما، ئويغىتىپ قويغاندىكىن كېتە جۇگۇ.

ئېغىرنى يەر كۆتۈرىدۇ، رىزقىنى خۇدا بېرىدۇ. ئۆلمىسە چوڭ بولىدۇ. ئۆلسە خۇدانىڭ جېنى. ئاۋاتتا ئەقلىمگە كېلىپ خوتۇنى بىلەن يېنىشىپتۇ، دېگەننى كۆرۈش تۇگۇل ئاڭلاپ باقمىدىم. نى-نى قىز باللار تېگەلمەي يۈرسە، بالاڭغا نەدە تۇكۇرۇۋەتكەن تۇكۇرۇكنىڭ گېپىنى قىلىدىكەنسەن…

ئانا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ كەينىگە ياندى.

— ۋاي خۇدا، — دېدى ئۇ خېلىلا ئاقىرىپ سۇزۇلگەن كۆكتىكى غۇۋا ئايغا قاراپ، — ئۆزەڭ ئاسان قىلارسەن پەرۋەردىگارىم بەندىلەرنىڭ مۇشكۇلاتىنى. شۇ باللىنىڭ كۆڭلىگە ئىمان، ئىنساپ بەرگەيسەن. بۇكەمنىڭ باللىرى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىغاندۇ…

## 2

هاشىم ئېشەكنى ئۇدۇل مەسچىتكە ھەيدىمەي قامغاق، قومۇشلار پاكار ئۆسكەن شورلۇق بىلەن ”چولاق مەھەللىسى“گە ماڭدى. قومۇشلار ئارىسىدىن ئۈركىگەن تورغايلار ئۇچۇپ يەنە قومۇشلۇققا شۇڭغۇپ تۇراتتى. سالقىن ساپ ھاۋا ئۇنى خېلىلا روھلاندۇرۇپ قويدى. يىراقتىكى پاكار دۆڭدىن قىرغاۋۇل خورىزنىڭ قىچقارغان ئاۋازى كەلدى. ئۇ بىر ئېگىزلىككە كەلگەندە ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈپ غوژمەك ئۆسكەن كۆك يانتاق، ئوغرى تىكەن ئارىسىدىن قاپ تاغار ئالدى. تاغارنى كۆتۈرۈشكە مېكىياننىڭ بوش قىق-قىقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئېشەك سې-

رىق، يوغان چىشلىرىنى چىقىرىپ يانتاق چېچەكلىرى بىلەن شالدىر بويىنىڭ مېۋىسىنى ئاۋايلاپ يالماپ يېگىلى تۇردى. ھاشىم قاپ تاغارنى ئاستا ئاچتى. بىر قىزىل خوراز بىلەن كەندىررەڭ مېكىيان تۇگۇلۇپ ياتاتتى. قارا مېكىيان پۇتلىرى تۇگۇلگەن پېتى قېتىپ قالغانىدى...

— ئەستاغ، كاساپەت ئۆلۈپسەن-دە، تۇمشۇقۇڭنى چىلاك بو- غۇۋەتتىممۇ، يا كانىيىڭدىن بەك سىقىۋەتتىممۇ. ھەقىچان بەك چىرقىرىغىنى سەن بولغىيتتىڭ گۇيىنىڭ توخۇسى. تاس-تاماس قالدىم شەرمى-ساز بولغىلى. ھاراقمۇ ھارام، سەنمۇ ھارام، يەۋېرىدۇ مەسلەر. ئاخىر ھەممىسى ھارام، توڭگۇزلار.

ھاشىم مەسچىتكە يېقىن دۆڭنىڭ باغرىدىكى قومۇشلۇققا قاپ تاغارنى باسمىداپ قويۇپ ئاندىن مەسچىتكە كىردى. كېچە- كىپراق كەلگەن ئالتە-يەتتە ئادەم سەپ بولۇپ بامداتقا تۇرغان- دى. ئۇ ئىتتىكلا سەپكە كىرىۋالدى. مېھراپتا دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرغان ئاتىسى ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ قويدى. ھاشىم كۆزىنى يۇمدى.

— ئېشەك سۇيدۇكىگە بېرىدىغان پۇلۇم يوق. بۈگۈن كېۋەز تېرىيسەن. بازارغا بارغىنىڭنى ئاڭلاپ قالسام ئوشۇقۇڭنى چې- قىپ ماڭالماس قىلىپ قويۇپ تايىنلىق باقىمەن، — دېدى سەي- دۇللا قارىم تۆت ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئاڭلاپ قالمىسۇن، دەپ پەس ئاۋازدا. ھاشىم قاپاقلىرىنى تۈرۈپ يەرگە قارىۋېلىپ ئاتى- سىنى يۆلەشتۇرۇپ ئېشەككە مىندۇرۇپ قويدى.

ئاۋاتتا يېقىنقى بىرقانچە يىلدا ھەر سەيشەنبە بازار بولىدى- غان بولدى. بۈرۈنقى سەيشەنبە بازار ئەسلىگە كەلدى. بازار

دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يېزىلاردىن دېھقانلار بازارلاپ كې-لىدىغان بولغاچقا كارامەت قىزىپ كېتىدىغان بولدى.

كونا زاماندىن قالغان قاتار كەتكەن قېرى قاپاق تېرەكلەر بازارنىڭ ھەممە يېرىگە تارالغان. قاپاق تېرەك تۈۋىدىن يىل بويى سۇيى ئۈزۈلمەيدىغان يوغان ئۆستەڭ ئېقىپ ئۆتىدۇ. قېرى قاپاق تېرەكلەرنىڭ قوۋزاقلىرىنى باش بارماق پاتقۇدەك ساناقسىز چو-قۇرلار قاپلاپ كەتكەن. قاپاق تېرەكلەرنى قاسساپلار يوغان مىخ-لارنى قېقىپ كانارا قىلىشۋالغان، مال بازىرىدا ئۇلاغ باغلايدىغان قوزۇق ياكى تۇۋرۇك قىلىشىۋالغان، قاتارى قويۇلغان ياغاچ، تۇنكە بوتكا دۇكانلارغا يەنە بىردىن تاملىق رول ئوينايدۇ. قاتارى ئاشخانىلاردىن تارقالغان پولۇ، لەڭمەن، شورپىلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. قارايغان، دۇمچەيـ-گەن، قاتقان ئادەملەر بىر-بىرىنى قىستىشىپ، سەت گەپلەر بىلەن كالىسىنى، ئېشىكىنى تىللاپ ماڭىدۇ. قەدىمىي ياغاچ ھارۋىلار قىستاڭچىلىقتا بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ غىچىرلاپ ماڭىـ-دۇ. ئادەملەرنىڭ ھەر خىل ۋارقىراشلىرى، ئۇلاغلارنىڭ مە-رەش-مۆرەشلىرى ھەپتە جىم تۇرىدىغان تېرەكلىك بازارنى قاي-نىتىۋېتىدۇ.

ھاشىم كىرلەشكەن ئاق دوپپىسىنى پېشانىسىگە چۈشۈرۈپ كىيىۋېلىپ، قاپ تاغارنى يۈدۈپ ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ، ئىتتىرىـ-لىپ زاسۇي بازىرىغا كېلىپ قالدى. پەردازسىز يېزا ئاياللىرى زاسۇيپەزلەرنىڭ ئالدىدا باللىرى بىلەن غىدىر تاۋاقلاردا تەرلەپ ئولتۇرۇپ زاسۇي يېيىشكىلى تۇرغاندى. ھاشىمنىڭ قوي پاقال-چىقىدىن تۆتنى يېگۈسى كېلىپ ئاغزىغا سۇ يىغىلىپ كەتتى.

ئەمما يانچۇقىدا پۇل يوق. ئۆشنىسىدىكى توخۇنى سۇ قىلمىسا
زاسۇيپەزنىڭ ئالدىدا كەچكىچە قاراپ تۇرسا بىر تاۋاق شورپىسى-
نى بېرىشى مۇمكىن. ئۇئىتتىرىلىپ، ئىتتىرىپ يۈرۈپ توخۇ
بازىرىغا باردى. ئۆشنىسىدىكى قاپنى قويىاي دەپ تۇرۇشىغا سەر-
پۇش تۇمىقىنى قىستۇرۇپ گەدىنىگە كىيىۋالغان بىرسىگە كۆزى
چۈشۈپ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. "يا پەر-
ۋەردىگارا ئۆزەڭ ساقلىدىڭ"دەپلا پەم بىلەن كەينىگە ياندى.
ئۇنىڭ يىگىنە ئۇچىدەك قارا تۆشۈكچىلەر بىلەن تولغان يۈزى
تېخىمۇ قارىيىپ، پېشانىسى قۇرۇپ قالغان قوغۇن شاپىقىدەك
قورۇلۇپ كەتتى. ھېلىقى مولۇندەك چىراي كۆز ئالدىدا بايىقى-
دەك كۆرۈنۈپ تۇردى. مىس رەڭ ساقال-بۇرۇتلىرى جەدە ئات-
نىڭ ماڭلاي تۈكىدەك دىردەيگەن، تۈكلەرماراپ تۇرغان يوغان
ئىلمەك بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى كېڭەيگەن، كالپۇكىنى كۆتۈرۈپ
تۇرىدىغان تۇۋى سېسىپ كەتكەن سېرىق داغ چىشلىرى خىرىس
قىلىۋاتقان غالجىر ئىتنىڭ ئۆزى. رەسمىي غالجىرلىشىپتۇ. خۇ-
دا ساقلار. راست، غالجىر ئىتنىڭ ئۆزىلا. شۇنداق، ئاشۇ ماش
كۆزگە ئىلىنىشىپ قالسا، ئاشۇ ھىڭگاي چىشلىرىدا چايناپ پۇر-
كىۋېتەر ئىدى. كۈچۈم يېتىپ قالسىغۇ تېگىمگە بېسىۋالارمەن،
ئەمما ھازىر ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. قاۋان توڭ-
گۇزدەك چىرقىراپ ئېتىلىپ كەلسە، ئۇنىڭ ئەلپازىدىنمۇ
پۇت-قولۇمدا جان قالماس. بىر-ئىككى مۇشت، كاللا يېگەندىن
كېيىن ئاچچىقىم كەلسە مېنىڭمۇ پەي-بېغىشىم قاتار، ئەمما
ئىزا يامان. نومۇس ئۆلتۈرەر مېنى. ئاۋاتنىڭ چوڭ موللىسى-
نىڭ ئوغلى توخۇ ئوغرىلاپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ... ۋاي-ۋاي

بولدى، بۇ گەپنى مەن ئويلىماي بىرى دەۋاتقاندەكلا. خۇدايا، يەنىلا مېنى ساقلاپسەن. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ ئەلەم-دە. بەش يۈز كويغا ساتمىغان داڭلىق خورىزىنى، يۈز كويلۇق مېكىيىنىڭ يېتتۇرسە ھەركىم شۇنداق بولىدۇ. مەن جېنىمدىمۇ شۇنداق بولىمەن. مىڭ كويلۇق زىيان بولدى-دە. ئۇ بۇ توخۇلىرىنىڭ تۇخۇمىنىڭ بىرىنى ئون كويدىن ئېلىپ، كۆرۈك توخۇنىڭ كۆتىگە سۆيگۈدەك بولۇپ تەستە چىقارتقان. داڭلىق توخۇنىڭ ئۇرۇقى. مۇشۇ خورىزى ئارقىلىقلا ئاۋات-مەكىت تەۋەسىدە خو-رازلارنى پاخشى قىلىپ بەش مىڭ كوي ئۇتۇۋالغان. مېكىيىنى-نىڭ تۇخۇمىمۇ ئۇنىڭ ئەجرىگە يارىشا پۇل تېپىپ بەرگەن. توختى قوتۇرنىڭ خورىزى دېسە، قەشقەر تەۋەسىدىكى توخۇچى-لارنىڭ تونۇمايدىغىنى قالمىغان. ھەي…ھەي، تەس، چىدىيال-مايدۇ بىچارە، چىدىمايدۇ. ئۇنىڭ توخۇسىنى ئوغرىلىمىسامىمۇ بولۇپتىكەن. ئەمىسە كىمنىڭ توخۇسىنى ئوغرىلايمەن. مەھەل-لىدە ئادەتتىكى توخۇلار قالمىدى، قالسىمۇ بوش يەردە قالمى-دى. ھەپتىدە بىر بازار—باغلىنىۋالغۇدەك ھاراق ئىچىۋالمىسام بۇ چۆلدە كۆڭلۈم خۇش بولغۇدەك نېمە ئىش بار. ھەممىسى ئىچىۋاتسا، مەن قانداق چىدايمەن. ئاتام دېگەن پوق ساقال تېخى پۇل بەرمىسە. مانا ئەمىسە… ھەي…ھەي، بۇ توخۇنى بازاردا ساتالىغان بولسام بەش بازار ھاراق ئىچكۇدەك پۇل بولاتتى، بولمىدى. ئەلەمباي دېگەن توزاقچى ھەقچان ئىككى شىشە ئېلى داۋۇت①بېرىپ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ تۇرىدۇ.

① ئېلى داچۇ دېمەكچى، يەرلىكلەر شۇنداق ئاتىۋالغان.

چىدىماقتىن باشقا نېمە ئامال. بەكرەك دېسە، ئوغرىلىنغان توخۇ-
نى نەگە ئاپارساڭ ئاپار دەر. ئۇ ئوغرى ئاز كەم يۈز توخامنى
شۇنداق ئېلىۋېلىپ، پىشۇرۇپ يەنە بىزگە بىر پاچىقىنى بەش
كويدىن ساتقاندۇ. گۆرىڭدىن توڭگۇز قوپىدىغان ئىمانسىزدىن
ئۆتە ئىمانسىز-دە، سەن. ھارام بولغان توخۇلارنىمۇ ھاراقكەش-
لەرگە قىممەت پۇلغا يېگۈزدۇڭ. ئىسىت...، ئادەمنىڭ ئۆمرى
دېگەن مۇشۇنداق نېمىمۇ ئەمدى. ھاراق ئىچمەيدىغىنى ئاز.
ھەممە ھاراقكەش قىمارۋاز، ھەممە قىمارۋاز ھاراقكەش. قىمار-
ۋاز ھاراقكەشلەرنىڭ ھەممىسى ئوغرى. ھەممىسىدىن چوڭ قى-
مارۋاز ھاراقكەش ئاشۇ مايمۇن چىراي ئەلەمباي. ھاراقكەشلەر-
نىڭ ئۇنىڭغا قەرز بولمىغانلىرى يوق. ھەممە قىمارۋاز ئۇنىڭغا
قەرزدار. ھەممىسى ئۇتتۇرۇپمۇ، ئۇتۇپمۇ ئاشۇنىڭدىكى قەرزدىن
قۇتۇلالمايدۇ. ھەممىسى، ياق، ھەممىمىز ئاپىرىپ ئاشۇنىڭ
قوينىغا تۆكىمىز. تىنىپ كەتتى ئۇ ھاراقكەش. ئوغرى قىمار-
ۋازلارنىڭ قان-تەرىدىن تىنىپ كەتتى بۇ يىڭنە يېگەن قىلتىرىق
ئوغرى. ھارام دۇنيا قارنىڭدىن تېشىپمۇ چىقمىدى. قاچان
قارىسا ئون يەپ بىر بەرمىگەندەك. يەنىغۇ خۇدايىممۇ تەڭشەپ
تۇرىدىكەن. مال-دۇنيايىڭ بەدىنىڭدىكى ھەر بىر تۈكۈڭگە ئال-
تۇن قوڭغۇراق ياسىتىپ ئاسساڭمۇ ئاشىدۇ، ئەمما گېلىڭدىن
كەپتەر گۆشى بىلەن ئۇماچتىن باشقىسى ئۆتمەيدۇ، توڭگۇزنىڭ
بۇرنىدىن ئېقىپ چۈشكەن كاساپەت. يەنە كۆزۈڭ پىتلىق چاپان
گادايلارنىڭ يانچۇقىدىكى سېرىق سىنتىنىڭ پۇچۇقىدا. ئۆلسەڭ
گۆرىڭگە ئەكىرەلمەيسەن. خەپ ئەلەمباي، تىرىكلىكىڭدە دەر-
دىمنى ئالالمىسام ئۆلگەن چېغىڭدا بولسىمۇ قەبرەڭگە سىيىپ

قويمىسام...

هاشىم شاپاق دوپپىسىدا بىردەم يۈزىنى بىردەم چاقا باسقان گەدىنىنى سۈرتۈپ ماڭدى. ئۈرۈلۈپ-سوقۇلۇشتىن ئۆشنىسىدىكى توخۇ پات-پات بوش قىق-قىقلاپ قويىدۇ. ”ئۆلە... ئۆلەرسەن گۇينىڭ توخۇلىرى، تايىنلىق ھەممىڭ ھارام بولە، ئەلەمبايىنىڭ قازىنىدا تازا قايىنىساڭ، قېينانام قويغان ھېسىپنى يېگەندەك تۇتۇپ ئولتۇرۇپ يەمىز مەستلەر. يەڭلار، ئىچىڭلار مەستلەر، ياشاڭلار مەستلەر“.

هاشىم كېتىۋېتىپ بىرسىگە بەكرەك سوقۇلۇپ كەتتى.

—كۆزۈڭگە بېقىپ ماڭساڭ بولمامدۇ ئۈيدەك ماڭغۇچە.

—كۆزۈمگە بېقىپ ماڭغاچ مۈشۈنداق بۇقىدەك تۈرتۈپ ماڭىمەن...

هاشىمنىڭ تىلى تۇتۇلغاندەك بولدى. ئاغزىغا بىرمۇنچە گەپلەر كېلىپ بوغۇزىدا غىققىدە تۇرۇپ قالدى، يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. جەدە ئاتىنىڭ ماڭلاي تۇكىدەك سېرىق ساقال، ئىلمەك بۇرۇن، ماش كۆز بۇ ئادەم خۇددى توختى قوتۇرنىڭ ئۆزى. يائاللا ئەجەب ئوخشايدىكىنا ماۋۇ ئەبگا...ئۇ ئادەم هاشىمنى ئۈرىدىغاندەك پوپوزا قىلىپ بىرمۇنچە تىللاپ كەتتى. ئەمما هاشىمنىڭ قۇلىقىغا ئۇن كىرمىدى. ئۇ ئادەمنىڭ بوينىغا ئېسىۋالغان گىژىلداپ چىقىۋاتقان قارا كۆن قاپلىق رادىئوسىنى شەرەتلەشلىرىدىن هاشىم ئۆزىنىڭ رادىئوغا سوقۇلغانلىقىنى بىلدى. ئەبجەق رادىئونىڭ ئاستىغا گېزىت قەغىزىگە يۆگەلگەن تۆت تال باتارېيە قارا رېزىنكىدە چىڭ تېڭىلغانىدى. بۇ ئادەمگە ئەگەشىپ رادىئو ئاڭلاۋاتقان بىر قانچە پادىچى تەلەت ئادەملەرمۇ

ئەرۋاھى ئۇچۇپ رادىئو ئاڭلىغانىنىڭ ھەققىنى تۆلىگەندەك راد
ئىگىسىگە بولۇشۇپ ھاشىمنى تىللاپ قويۇشتى. ھاش
"ئۇي"، "بۇقا"دەك گەپ قىلماستىن ئادەملەرنى تۇرتۇپ ك
تى. ئارقىسىدىن تېخىمۇ سەت گەپلەر ئاڭلاندى. ئەگەر با
چاغ بولۇپ، ئۆشنىسىدە ماۋۇ مەرەز بولمىغان بولسا تازا ئىك
كاللا قويۇپ يوغان بۇرنىنى ماكچايتىۋەتمەسمىدى. لېكىنز
ھازىر شۇنداق ياقا سىقىشتىڭمۇ، بولدى، ئىت تالاشتۇرغان
كۆرگەندەك بىر مۇنچە ئادەم ئولىشىپ كېلىپ تاماشا كۆرىدۇ
ئۇنىڭدىن كېيىن قاسقان شەپكە كىيگەن ساقچىلار پەيدا بولۇ
نېرى-بېرىسىنى سۇرۇشتۇرمەيلا كالتەكلەپ ئاپىرىپ باغلا
تاشلاپ قويىدۇ. ئۇغۇ مەيلى، يا كەچكىچە يا ئۈچ كۈندىن كېيى
چىقىرىۋېتىدۇ. لېكىن ئادەم يىغىلغان يەرگە ئامراق توختى
قوتۇر كېلىپ قالسا ئىش چاتاق. بىلىپلا قالسا تېرەمنى تەتۈ
سويۇۋېتىدۇ، يا كۆزۈمگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ خوتۇنۇمنى ئوڭد
سالىدۇ... ئۇ، قاپاق تېرەكنىڭ تۈۋىدە ئادەم جۇغلىشىۋالغان
يەرگە كېلىپ قالدى. ساناقسىز كۆزلەر تېرەك تۈۋىدە غېرىبچە
ـسىغا سېلىنغان چاپان ئۈستىگە قويۇپ قويغان كىچىك بى
ئۈنئالغۇغا ياۋايىلارچە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قاراپ قېلىشقا
نىدى. پەردازسىز يېزا ئاياللىرى، قويۇق ساقال، قورۇقلا
ئارىسىدا تۆشۈكتەك بولۇپ قالغان كۆزلىرىنى مىت قىلما
قاراپ تۇرغان ئەرلەر، قارا توپا-لاي بولۇپ كەتكەن قوللىرىنى
ئاغزىغا تىقىۋالغان بالىلار، بويىنىغا يوغان سېرىق مارجان ئېسى
دەمدەك ئوسما قويۇۋالغان ئۇزۇن چاچ چوكانلار، قۇلىقىغا ئال
قات ئۇرۇقى ئېسىۋالغان، كۆكسى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان قىز

لار چۇشىدە كۆرمىگەن نەرسىگە قارىغاندەك قاراپ قالغانىدى.
كىر-توپا باسقان ئۇنئالغۇدىن يېزا دۇتارچىسىنىڭ ۋارقىراپ
توۋلىغان قوپال مۇھەببەت ناخشىسى چىقماقتا ئىدى. ئۇنئالغۇ
يېنىدا كەتمەن شەپكىسىنى كۆزىگە كىيىۋالغان باشقا يەرلىك بىر
ياش بالا گېزىت قەغىزىگە ئورالغان نەشىنى چېكىپ كۆزىنى
يۇمۇۋېلىپ ناخشىنى بېرىلىپ ئاڭلىماقتا ئىدى. ئۇ، ئادەملەرگە
قەرز ئىگىسى قەرزدارغا قارىغاندەك مەنسىتمەي قارايتتى. ئۇ،
بۇ ئادەملەرگە ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈپ بېرىۋاتقاندەك مەغرۇر قا-
رايتتى. ھاشىمۇ توپا باسقان كىرپىكلىرى ئارىسىدىن كۆزىنى
چوڭ ئېچىپ ئۇنئالغۇغا تىكىلدى. ”ياخۇدا، ئەمدى ما كارامەتنى
كۆر. مۇنداق نەرسەڭمۇ بارمىدى تېخى. نەدىن تاپقاندۇ ماۋۇ
تەرەت چالمىسى... يا چوڭ يەرلەردىن ئوغرىلىغانمىدۇ. ئۇن كا-
لىنىڭ پۇلىغا كېلەمدىغاندۇ.“ ھېلىقى كەتمەن شەپكە، ئادەم-
لەردىن تويغاندەك تاماكىسىنى چۆرۈۋېتىپ، ئۇنئالغۇنى كۆتۈ-
رۈپ، چاپىنىنى بىر شىلتىپ مۈرىسىگە تاشلىدى. چاپاندىكى
توپا ئۇنىڭ بېشىغا سورۇلدى. ئۇ پەرۋايى پەلەك ھالدا تۆت
ئەتراپقا قارىدى. ئاندىن مال بازىرى تەرەپكە بۇرۇلۇپ، قولىدى-
كى ئۇنئالغۇنى ئالدىغا بىر شىلتىپ قويۇۋېدى، ئادەملەر غالجىر
ئىتتىن قاچقاندەك بىر-بىرىنى ئىتتىرىپ مۆڭگەشلەپ ئۇنىڭغا
كەڭرى يول ئېچىپ بەردى. شۇ ئارىدا بىر چوكان:
—ۋىيىەي، پۇلاڭشىتىۋەتسىمۇ چىقىۋېرىدىغان خىش قې-
لىپكەن-ھە بۇ،—دېدى كۈلۈپ.
كەتمەن شەپكىنىڭ كەينىدىن ھاشىمنىڭمۇ ئەگىشىپ مې-
ڭىپ بىردەم ناخشا ئاڭلىغۇسى، توغرىسى ئۇ خىش قېلىپنى

بەكرەك كۆرۈۋالغۇسى بار ئىدى، ئەمما نەپسى تاقىلداپ بوتكىغا بارغۇسى كەلدى. ”يەنە كۆرۈۋالارمەن. ھۆكۈمەت ياسىغان شەيتانچاقلار ئاۋاتقا كەلمەي قالامتى...“

بازارنىڭ كانىيى قاتتىق ئىسقىرتىپ چىرقىرىغاندىن كېيىن، ئىت قوغلىغان گاچىدەك تەتەتلەپ سۆزلەيدىغان ھاڭغوت ئاۋاز بىرسى سۆزلىگىلى تۇردى:

— بارلىق... بارلىق... ھاراقكەش، جېدەلخور، قىمارۋاز... لۇكچەكلەر دىققەت. بارلىق... خورلار دىققەت. ھازىر ئاۋات شاڭلىق[①] ھۆكۈمەت قانۇننى ئاڭلىتىمىز... بۇ قانۇنغا شاڭلىق ھۆكۈمەتنىڭ باش شاڭجىڭى[②] بارات شاڭجاڭ، يەنى باشاڭجاڭ شەخسەن ئۆزى تەستىق سالغان.

— سۆزلە ئېلى پوقاق. سۆزلەپ بولۇپلا كانىيىڭنى ئۆچۈرۈپ بوتكىغا ئاران ئۈلگۈرىسەن، — دېدى ھاشىم خىرىلداپ كۈلۈپ.

كانايدىن ئېلى پوقاقنىڭ تەتەتلىشى ئاڭلىنىپ تۇردى:

— بالدۇر مۇشت ئاتقانلارغا ئون كوي جەرىمانە، ئۇرۇۋەتكەنلەرگە ئوتتۇز كوي جەرىمانە قويۇلۇپ، ئون بەش كۈن سولاپ، خالا چىقارغىلى سېلىنىدۇ. ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ ھاراق بوتكىسىدىن ئون قەدەم نېرىغا بېرىپ يېتىپ قالغانلار، بازارغا تەرەت قىلىپ قويۇپ شەرمى ھايادىن چىققانلار مەستلىكىدىن يېشىلگۈچە تېرەككە باغلاپ قويۇلىدۇ. بازار ئەتراپىدىكى زىرائەتلەرنى پايخان قىلىپ پاھىشۋازلىق قىلغانلار زىرائەتنىڭ

---

① شاڭلىق — يېزىلىق
② شاڭجىڭى — يېزا باشلىقى

بۇزۇلۇش ئەھۋالىغا قاراپ زىيان تۆلىگەندىن باشقا ئايرىم سولاپ قويۇلۇپ سەۋەب سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. قىمارۋازلار تۇتۇلۇپ قالـ
ـسا كۆساردىن باشقا ھەممە نەرسىسى مۇسادىر قىلىنىپ، شىھىتـ
ـلىك جاڭگىلىدا بىر ھەپتە زەيكەش ھاشىرى چاپىدۇ...ھازىر باشاڭجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا شاڭلىق ھۆكۈمەت ساقچىلىرى جىددىي سەپەرۋەرلىككە كەلدى. ئۆزەڭلارغا ھىزى بولۇڭلار...

—ھا...ھا...ھا...جۇرە ھاشىم، ئىلى پوقاقنىڭ سەپەرۋەر-
لىكىدە بۇگۈن باغلىنىۋالغۇدەك ئىچىۋالمىساق بازار بىزگە مازار بولىدۇ.

بىر توپ ئىگىز-پەسلەر كىلىپ ھاشىمنى سۆرەشتۇرۇپ ماڭدى.

## 3

يىڭىدىن نەقىشلەپ ھەل بىرىلگەن پىشايۋان ئاستىدا تاتلىق غەيۋەت باشلىنىپ كەتكەنىدى. تۆردە يوغان سىرىق سەللە ئورىـ
ـغان سەيدۇللا قارىم ئولتۇرغان بولۇپ، قىزىل، پارقىراق مەڭـ
ـزىنى ئورىغان كۆركەم چار ساقىلى توختىماي تىترەپ تۇرىدۇ، چوڭقۇر بىغىر كۆزلىرى ياشىرىپ پارقىراپ كەتكەن، ئاپئاق، چىرايلىق تىزىلغان يالغان چىشلىرى ئۇنىڭ پۈتۈن سالاپىتىگە بوۋايلار ئارىسىدىن كەم تىپىلىدىغان گۈزەللىك ئاتا قىلغان. ئالدىدىكى چەل بولغان بەقەسەم يوللۇق داستىخاندا ئاق نان كۆمتۈرۈپ قويغان قويرۇقى بىلەن پىشۇرۇلغان پاقلاننىڭ سىـ

نى. مېغىز، ھەسەل، مۇرابىا، مېۋىلەردە چىۋىنلار ئۇچۇشۇ
يۈرۈشىدۇ. تولۇق غاجىلانماي قويۇلغان قوۋۇرغا سۆڭەكلەرد
ئۇششاق سېرىق ھەرىلەر ئۇياق-بۇياق مېڭىشىپ يۈرۈشىدۇ
ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئون ئىككى تالىپى كۆزلىرىنى يۇمغىنىچ
كىچىك سەللە ئورىغان باشلىرىنى سىڭايان قىلىپ پۈتۈن ئىشتە
ياقى بىلەن ئۇستازىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماقتا. تالىپلارنىڭ ئەڭ
ئاخىرىدا ئولتۇرغان ئەڭ كىچىك، سەللىسىز ئاق دوپپىلىق
سەككىز ياشلىق تالىپ بالا ئىچى پۇشقاندەك ھېلى ئۇياققا، ھېلى
بۇياققا قاراپ ئۇجمىگە قونغان قۇشقاچلارغا تۇمشۇقىنى سوزۇپ
قويىدۇ. ئۇنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرغان مۇكچەيگەن بوۋايلار ئې-
گىز-پەس قەبرىلەردەك دولىسىنى چىقىرىپ سۇكۇت ئىچىدە
ئولتۇرۇپ سەيدۇللا قارىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىماقتا. سورۇندىن
ئورۇن تەگمىگەن ياش، ئوتتۇرا ياشلىق ئىزىك چىراي ئادەملەر
قول باغلاپ قېرى توغراقلاردەك ئېگىز-پەس تورۇشماقتا. يۈز-
لىرى تەر ھەم مايلىشىپ كەتكەن قاراقات كەلگەن ساھىبخان
ئايال كالا قويرۇقى چىۋىن قورۇغۇچتا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن
سەيدۇللا قارىمنىڭ زەللىسىدىكى چىۋىن، ھەرىلەرنى قورۇۋا-
دى، سەيدۇللا قارىم ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

—تىللاخان، قورۇمىسىلا، خۇدا ياراتقان جانلىقلارنىڭ
ھەممىسىنىڭ ئۆز رىزقى-نېسىۋىسى بولىدۇ، بىرىنىڭكىنى بە-
رى يېۋالالمايدۇ. بۇلارمۇ ئۆز تىلىدا خۇدا دەيدۇ...

—قارىمنىڭ گېپىنى بۆلمىسەڭلا بولمامدۇ.

شاپ بۇرۇت، ئات يۈز كەلگەن ساھىبخان ئەر خوتۇنىغ
ئالايدى.

—چۈش چىچىپ...

ئەر زەردە بىلەن قولىنى شىلتىپ ئايالىنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى. تىللاخان خىجىل بولۇپ كەينىگەياندى.

—شۇنداق قىلىپ...ھە...نىمە دەۋاتاتتىم...

سەيدۇللا قارىم دائىم پۇرۇلۇپ تۇرىدىغان تۇمشۇقىنى قويىنىدىكى كىر لۆڭگىسى بىلەن سۈرتۈپ سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزلىدى:

—سۇلايمان داموللام: ئاۋاتلىقلارنىڭ تەڭدىن تولىسى مېنىڭ مەسچىتىمگە توپلاندى، سەيدۇللا قارىم ئاخىر مەسچىتىدە ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇيدىغان بولدى، ئەگەر ئۇ ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالمايدىغان بولسا جامائەت ئۇنىڭدىن قاچمايتتى، ۋەھاكازا دەپ جۆيلۈپ، مېھراپنى پىتنە-پاساتخانا قىلىپ، پېقىرنى ئامىمىغا قارا مۈشۈك كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇنى خۇدا راۋا كۆرەمدۇ؟ ھۆكۈمەت دېگەن خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن قۇرۇلغان ھۆكۈمەت. ئۇنىڭ قەھرى تۇتۇپ قىلىچىنى قىنىدىن چىقارغاندا ساقاللىرىم قىرقىلىپ، مەسچىتلەر چېقىلدى، پېچەتلەندى. مانا ئەمدى خۇدانى تونۇپ، مەسچىتنى كەڭ ئېچىپ، ئىماننىڭ نۇرى ھەممە مۇسۇلماننىڭ دىلىنى يورۇتقان، پېقىردەك ئەھلى ئۆلىمالارنىڭ ئازار يېگەن دىلىغا كۆڭۈل قويۇپ ئۆز قوينىدىن ئورۇن بەرگەن، كاتتا زىياپەتلەر بېرىپ، ئېسىل ماشىنىلاردا چوڭ شەھەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ، مۇشۇنداق مەمۇرچىلىقلارغا ئېرىشكەن كۈننى قەدىرلەشنى دەۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىن ئۈچۈن، ئىمان ئۈچۈن ئەمەسمۇ. ھۆكۈمەت دىنىي ئۆلىماغا ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن رىزىق بېرىۋاتقان ئىكەن، ئۆلىمامۇ ھۆ-

كۇمەتنىڭ ئەمرىنى تۇتمىسا تۇزكور بولىدۇ. سۇلايمان دامول
دېگىنى ئەھلى-جامائەتنى قايمۇقتۇرۇپ يۈرگەن ئىلىمسىز بە
شەيتان. بىر قاغىنىڭ ماڭا يەتكۈزگىنىنى ئاڭلاپ قويۇڭلار
خوتەننىڭ قايسى بىر يۇرتىدىكى قايمۇققان خەلق ئۇنىڭ يالغان-
ياۋىداقلىرىغا ئىشىنىپ، ئۇنى پىر-ئۇستاز دەپ تونۇپ، ئوقەت
ماڭغان رەۋەندىگە يۇرتنىڭ ئۆشرە-زاكىتى دەپ ئۈچ يۈز چارە
بۇغداي ئەۋەتىپتۇ. رەۋەندە بىر ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئوقەت بۇغد
يىنى، كەينىگە يۇرت-جامائەتنىڭ كۆڭلىنى بېسىپ ئەكېلىپ
—ۋاي ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم داموللام، مەن بۇ تەرەپكە ئو
قەتكە ماڭغان. يۇرت-جامائەت بىزنىڭ ئەقىدىمىز، كۆڭلىمىز
دەپ ئۈچ يۈز چارەك بۇغداي ئەۋەتتى، تاپشۇرۇپ ئالغايلا،—
دەپ ئۇنىڭ پېشىنى سۆيۈپتۇ. بۇ ئاچكۆز، نائىنساپ ۋاي ئوب
دان، دەپ دۇئا قىپتۇ. تالىپلىرى بۇغداينى چۇشۇرگىلى تۇرۇپ
تىكەن، رەۋەندە ئۆزىنىڭكى بىلەن ئۆشرە-زاكاتنى ئايرىپ كۆر
ستىپ قويۇپ، نائىنساپنىڭ قۇرۇق چېيى بىلەن ۋەزخانلىقنى
ئاڭلاپ، بىر كەمدە چىقىپ قارىسا، تالىپلار ھەممىنى ئەكىرىپ
كۇيىقاپقا بېسىۋاپتۇ. رەۋەندە بېشىغا مۇشتلاپ يىغلاپ يۈرگو
دەك. كۆردۈڭلارمۇ، مۇشۇمۇ تەقۋادار بىر ئەھلى ئۆلىمانىڭ
ئىشىمۇ... مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قايسى ئەھكاملىرىدا باركەن. ئۇ
نىڭ تېخى يەنە شەرمەندىلىكىنى ئاڭلىمايسىلەر. تالىپلىرىم پات
مىدى، دەپ ھويلىسىنى يولغا كېڭەيتىۋېلىپ هارۋا پاتماس قى
لىپ قويۇپتۇ. بۇ يولدىن ئۆتىدىغان ئون ئىككى ئائىلىلى
يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇن بىچارىلەر شاڭجاڭغا ئەرز قىلىپ
ھاكىمغا ئەرز قىلىپ قاقشاپتۇ. ھېچقايسىسى بۇ شەيتانغا يۇ

كېلىپ بىر نېمە دېيەلمەي، بۈگەپ ئاخىر ناھىيىنىڭ خەنسۇ شۈجىسىغا يېتىپتۇ. ئۇ دېگەن خەنسۇچە يېزىقتىكى قۇرئاننى بۈرۈنلا ئوقۇغان، ئۇيغۇرچىنى تازا بىلىدىغان يامان ئادەمكەن. بىر كۈنى ئون كادىرنى باشلاپ بۇ شەيتان يەتمىش تالىپقا دەرس بېرىۋاتقان مەدرىسخانىغا كەپتۇ-دە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم داموللام، — دەپ تىنچلىق-ئامانلىق سوراپلا:

— بىزنىڭ ناھىيىدە ئىككى چوڭ "كاپىر" باركەن، بىرسى مەن، بىرسى سىزكەنسىز، — دەپلا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ شەيتان ھاڭ قېتىپ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، ئىزا-ئەلەم بىلەن كېچىچە تامنى چېقىپ يولنى ئېچىپتۇ. ئەمما ئىككى ھەپتە دەرد ئاغرىقى بولۇپ ياتتى...

— خوپ بوپتۇ.

— ئەجەب يامان ئادەمكەن.

— قالتىس دانا خەنسۇكەن...

ئاڭلاۋاتقانلار باركاللا ئېيتىشتى.

سەيدۇللا قارىم قويىنىدىن زەنجىرلىك سائەتنى ئېلىپ قاراپ:

— بۈگۈنكى مەسلى-مەرىپەتنى مۇشۇنچىلىك قىلساق بولا. پېشىنىنىڭ ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. دۇئا قىلساق بولاما؟ — ئۇ كۆزى قىسىلغان ھالدا ساھىبخانىغا قارىدى.

— سەل تەخىر قىلسىلا قارىم، سەل. بۈگۈن ناھايىتىمۇ ئوبدان مەسلى-مەرىپەت قىلىپ بەردىلە. مېنىڭ كىچىككىنام كۆڭلۈم بارتى.

ساھىبخان ئەر شاپ بۇرۇتىنى سىيلاپ قويۇپ، قوينىدى بىر تۇتام پۇل ئېلىپ سەيدۇللا قارىمدىن باشلاپ تالىپلارنى ئەڭ ئاخىرىدا — دۇمچەيگەن بوۋاينىڭ باش تەرىپىدە ئويناپ ئول تۇرغان سەككىز ياشلىق تالىپقىچە پۇل قويدى. قارىم كۆزىنى يېرىم يۇمغان، ئېڭىكىنى مەيدىسىگە تەگكۈزگەن ھالدا دۇرۇد ئوقۇغاچ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ھەر بىر تالىپنىڭ ئالدىغا قويۇل غان پۇلغا قاراپ ئولتۇردى.

— بالام ساڭمۇ قويدىمۇ؟ — دېدى سەيدۇللا قارىم سەككىز ياشلىق تالىپقا.

— ئۈچ كوي قويدى، — دېدى بالا ئىشتىنىنىڭ لېپىزىنى مۇجۇپ تۇرۇپ.

— بەرمەي قاراپ تۇرسەنيا، ھەممىمىزنىڭ تاپشۇرغىنىنى كۆرمىگەندەك. بۇ دېگەن قائىدە، — دېيىشتى تالىپلار بالىغا ئا-لىيىپ. بالا ئىشتىنىنىڭ لېپىزىنى تېخىمۇ چىڭ مۇجۇقلاپ، كۆزىنى چوڭ ئېچىپ سەيدۇللا قارىمغا قارىدى.

— ئەكىلە بالام، بۇ — قائىدە.

بالا ئىشتىنىنىڭ لېپىزىدىن پۇرلىشىپ ھۆل بولۇپ كەت-كەن پۇلنى ئېلىپ بەردى.

## 4

ئەتراپىنى ئېرىق قىرى بىلەن چۆرىلىتىپ ئۈچ رەت تې-رەك، سۆگەت، جىگدە قويۇلغان مەھەللە يىراقتىن ھۆرىخانىنىڭ

كۆزىگە ئوت كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇكىدە دەرەخ ئورىۋالغان كۆمەلاچ تاملىق ئۆينىڭ دۇملىمە قوش قانات ئىشىكىنىڭ كونىراپ قارىيىپ كەتكەن شالىلىرى جىگدە، سۆگەت شاخلىرى ئارىسىدىن مارىغاندەك قاراپ تۇرىدۇ. باشقا خەقنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرى قىيا ئوچۇق، بەزىلىرى ئېتىكلىك، بەزىلىرىدە يوغان قۇلۇپلار كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئىشىك ئالدىدىكى يۇمشاق سېغىز توپىنى توزىتىپ ئۈچ كۈچۈك بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۇياقتىن-بۇياققا يۈگۈرگەندە يولدا دانلاپ يۈرگەن توخۇلار قاشاڭلىق بىلەن لىككىدە قاشقا چىقىۋېلىپ، يەنە يولغا چۈشۈۋالىدۇ. ئاشۇ ئۆيگە بېرىۋالغۇچە بىر كىم كۆرۈپ قالمىغىيدى، دەپ ئەنسىرىگەن ھۆرنىخاننىڭ ئۆيگە يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكى سېلىپ كەتتى. ئۇ بېشىنى يەيدىغان ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويۇپ بازارغا قاچمىغان بولسا تېخى. ئۇ ئىشىكتىكى ھالقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنسېرى ئىشىكتە بىر قۇلۇپ باردەك، بىر قۇلۇپ يوقتەك تۇيۇلۇپ غەملىرىنى كۆپتۈرۈپ باردى. ئۇ بىركىم كۆرۈپ قېلىشتىن قورقۇپ، چوڭ يول بىلەن ماڭماي قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئانا ئېرىقنىڭ قىرى بىلەن كەلگەنىدى. ”يا خۇداغا شۇكۇر، ئوغرى سىيتەك ھەنىم بولسا ئۆيىڭدە باركەنسەن“ ئۇنىڭ ئىشىكتىكى قۇلۇپسىز ھالقىنى كۆرۈپ ھاردۇقى چىققاندەك بولدى. قوناقلىقتىن ئاستا بېشىنى چىقىرىپ باشقا ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى كۆزەتتى. بىر ئۆينىڭ ئىشىكىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم بىر مەللە مېكىياننى قوغلاپ چىقتى. توخۇ يولغا چىقىپ يەنە كەينىگە يېنىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھېلىقى ئادەم ھەدەپ ئاغزىنى بۇزۇپ قوغلىدى:

—— ھۇ ئاناڭنى، ئېلىنمىغان... ئىگىچە-سىڭىلىڭ قېشىغا با-
رامتىڭ. ئاخشام تۇتۇپ قويۇڭلا دەپ شۇنچە دېسەم...
ئۇ ئادەم ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى جالاقىدە يېپىشىغا گېپە-
مۇ ئوچۇق ئاڭلانماي قالدى. ھۆرىخانغا ئۇ ئادەم مېكىيىننى
ئەمەس، ئۆزىنى تىللاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ يۈزلىرى قىزىرىپ كەت-
تى. يولدىن ئۆتۈۋالغۇچە بىر كىم ئۆيدىن چىقماي تۇرسا بولات-
تى. ئۇ ئەمدى پۇتىنى ئېلىپ تۇرۇشىغا يەنە بىر ئىشىك ئېچى-
لىپ ئاۋۋال بىر بوز ئېشەك ئارغامچىسىنى تارتىپ يولغا يۈگۈ-
رۈپ چىقتى. ئاندىن ئارغامچىغا چىڭ ئېسىلغان ئون ياشلىق
بىر يالىڭاچ ئوغۇل بالا تارتىشىپ چىقتى. دەرھال كەينىگە
يانمەن دەپ پۇتى پاتقاققا كىرىپ كەتكەن ھۆرىخاننىڭ ، ئەتىگەن
مايلاپ كىيگەن چىرايلىق بەتىنكىسى، يېڭى پايپىقى ئوشۇقىغىچە
لاي بولۇپ كەتتى. قوناق شالدىرلاپ كەتتى. بالاچاپىقىنى ئۇۋۇ-
لاپ شۇنداق قاراپ قويۇپ، راھەتلىنىپ توپا توزىتىپ يۇملاۋات-
قان ئېشەككە قارىدى. ھۆرىخان جىلە بولدى. ”ھۇ، بېشىڭنى
يەيدىغان سەت شۇم، يا بىر دەم تۇرۇپ چىقماي، يا بالدۇرراق
چىقماي. ۋاي خۇدايىم، بۈگۈن ئەتىگەندە پىشلوكۇنغا ئۇچرىغىلى
تۇردىما. ئىشىم ئوڭغا تارتمامدۇ نېمە؟“ ئۇنىڭ سول مەڭزى
ۋىژىلداپ ئېچىشتى. شۇنداق سىلىۋېدى، قولىغا سۇس قان
سۇۋۇلۇپ چىقتى. ئۇ دەررۇ يانچۇقىدىن كىچىك يۇملاق ئەينە-
كىنى چىقاردى. يۈزىنى قوناق يوپۇرمىقى جىجىۋەتكەنىدى. يۈ-
زىدە ۋىلىلداپ ئىنچىكە قىزىل سىزىق پەيدا بولدى. ”سىيتەك
ئوغرى، يۈزۈڭنى چىشلەپ مەنمۇ قانىتىۋەتمەيدىغان بول-
سام...“

— سەت توگۈرۈلۈق نىمانداق تەستە ئاچىسەن گىشىكىگنى،
— ھۆرىخان تۆت ئەتراپقا ئالاق-جالاق بولۇپ گىتتىك بوسۇغىدىن ئاتلىۋىدى، سىيىت يالىڭاچ، قوڭۇر تۆك باسقان مەيدىسى بىلەن توسىدى.
— مانا بولدىما ئوغرى، — ھۆرىخان سىيىتنىڭ بوينىغا ئې- سىلىپلا مەڭزىنى قاتتىق چىشلىمەك بولۇپ بوش چىشلەپ قويۇ- ۋەتتى. سىيىت يەنىلا ئۈنچىقماي، سارغۇچ پىستان كۆزىنى ھۆرىخانغا سۇرلۇك پارقىرىتىپ قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۇزۇن، قىرلىق بۇرنى ئۇششاق تەردىن پارقىراپ كەتكەن، قوڭۇر ساقال- لىرى قىياقتەك ئۆسۈپ، گۆشلۈك كالپۇكلىرى كۆرۈنمەي قال- غانىدى.
— نىمانداق ئالتەشەنى ئۇتتۇرۇۋەتكەندەك سەت قاراپ تۇرى- سەن. سەتلىكىنى. ئانامنى ئازدۇرۇپ بولالماي مۇشۇ ۋاق بو- لۇپ كەتتى شۇ. ئىش قىلىپ ۋەدەمدە تۇرۇپ كەلگىنىمگە جان بوۋىكام دەپ تەلپىكىگنى ئاسمانغا ئاتساڭ بولىدۇ. ۋاق قالدىم دەپ تېخى كېۋەزلىكمۇ كېۋەزلىك، قوناقلىقمۇ قوناقلىق ئۇدۇل مېڭىپ بازارغىمۇ بارماي كەلدىم. قارىغىنا مانا، بىچارە بەتىنى- كەممۇ رەسۋا بولدى... ھېرىپ ئۆلەي دېدىم. ئۆيۈڭگە كۆتۈرۈپ ئەكىرمىسەڭ كىرمەيمەن. ھە... ھىم. مانا...
ھۆرىخان يەنە ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئۇچكە چاققاندەك سۆيۈپ كەتتى.
— ھە، مولۇندەك قاراپ تۇرماي كۆتۈرۈپ ئەكىرە. سەتلى- كىنى. ۋاي تاۋى نازۇك غوجامەي.
سىيىت يەنىلا تەبەسسۇمسىز، مەيدىسىنى تاتىلاپ ئارقىسىغا

— ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ قويدى.
—سېنى هازىر كۆتۈرۈپمۇ، كۆتۈرمەيمۇ ئۆيگە باشلىيال
مەن، —دېدى بوش ئەمما توڭ-قوپاللىق بىلەن. هۆرنىخانن
نەپسى تاقىلداپ خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى قۇشقاچقا تىك
گەن مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك قېتىپ قالدى. قىزىرىپ ئىسىل
كەتكەن يۈزلىرى شاپپىدە ئۆزگەردى.
—سەن، خوتۇنۇم ئازنىلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىدۇ د
مىگەنمىدىڭ؟ —دېدى ئۇ قورۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى تەس
مىدىرلىتىپ پەس، تەھدىت ئاۋازدا.
—سېنى ئېغىر تاماق ۋاقتىغىچە ساقلىدىم، بىر خالتا مو
خوركام تۈگىگىچە ساقلىدىم، ئاخىر بولماي بازاردىن تاماكا
ئەكەلدىم. يېڭىسىنى...
—هە، مۇنداق دەڭ تېخى ۋۇي سەت، يۈزسىز. شۇڭا
كۇسار بىلەنلا تالاغا چىقىپ كېتىشكەنسەن-دە. مەن تېخى يوتقاندىن
قوپماي ياتقان ئوخشايدۇ دەپتىمەن. هۇ ئىت، توخۇ. مەن كۆرد-
مەن ئۇنى.
هۆرنىخاننىڭ كۆزىدىن غالجىرانە دۈشمەنلىك چاقناپ كەت-
تى. سېيىت ئۇنىڭ بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى.
—مېنى قويۇۋەت ۋاپاسىز توخۇ. مەن ئۇ رەسۋا ئازگالچاڭ-
نى بىر كۆرۈپ يۈزىگە شالاقىدە بىر تۈكۈرۈۋالمىسام هېسابا
ئەمەس.
هۆرنىخان يۇلقۇندى، سىلكىشلەپ سېيىتنىڭ قولىنى تاتى-
لىدى.
—نەگە بارىسەن سارالڭ. بۇ سېنىڭ ئۆيۈڭ ئەمەس، مېنىڭ

ئۆيۈم. نېمانچە بېشەملىك قىلىسەن...

— مەن ئۇنىڭ چېچىنى ژۇڭدايمەن. مەندىن قانچىلىك ئو-شۇق، بىر كۆرىمەن. ئۇنىڭ چاتىرقىغا پۇتۇمنى تىقىۋېتىمەن. سېنىڭ تاپقان ئازگالچاڭنى چاتىرقىدىن يىرىپ تاشلىۋېتىمەن. چېچىدا ئىلاڭگۇچ ئۇچىمەن.

سېيىت ئۇنىڭ بويىنىدىن قامالالاپ تاغارنى چۆرۈگەندەك چۆرۈۋەتتى.

— هۇ ئۆزىنى بىلمەيدىغان پاسكىنا. سەن مېنىڭ خوتۇنۇم-مىدىڭ. نېمانچە يوغان سۆزلەيسەن گەپ قىلمىسام...

هۆرىخان توپىغا دومىلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرى، پاكىزلەپ كىيگەن كىيىملىرى بۇلغىنىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن ئالدىرىماي تۇردى. ئۇ پۇتۇنلەي بېسىلىپ قالغانىدى. كۆزلىرى-دىن ئەلەملىك ئۇچقۇن، ئاغزىدىن مەسخىرە كۈلكىسى تۆكۈلدى.

— هىم، بىلدىم. قەسەمخور هايۋان. ئالىمەن دەپ ئېرىم-دىن بۇزدۇڭ، ئالمىدىڭ. بوپتۇ دېسەم، ئاخىر كېلىپ ئالدىڭدا مۇشۇنچىلىك خارلىققا قالدىمۇ. نامەرد، ئەركەك تۈكى يوق ئىت. مەرەز...

— يوقال كۆزۈمدىن قانجۇق.

هۆرىخان يۈزىدە ماڭدىمۇ، پۇتىدا ماڭدىمۇ، خۇدىنى يوقى-تىپ، قايان ماڭغىنىنىمۇ بىلمەي يۈگۈردى. بىر تونۇش ناخشا ئۇنى سەگىتتى.

جاهاندا نېمە ياخشى،

ئاتا بىلەن ئانا ياخشى.

ۋاپاسىز خوتۇنۇڭدىن،
ۋاپادار ئاشىنا ياخشى.
..........باغ ئىكەنۇ باغ ئىكەن،
ئەنجان تاملىق باغ ئىكەن.
تۇل خوتۇنغا چاقچاق قىلسام،
ماڭا مەيلى بار ئىكەن...
......

ناخشا — بىر ھەسرەت-نادامەت، بىر ھېسسىياتلىق مۇھەب بەت كۈيى ئىدى. ئاھاڭىمۇ ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق بىر-بىرىگە ماس كەلمەيتتى. ئەتراپنى قويۇق كەندىر پۇرىقى قاپلاپ، كەتكەنىدى.

—مەستكەن بۇ بىچارە شەيتان.

ئۇ يەنە يىغلىۋەتتى. ئۇ ھوشىنى تېپىپ رەسمىي يىغلىدى. يەنە ھەر مۇقامدا ناخشا ئاڭلاندى. يادىغا قايسى ناخشا كېلىپ قالسا شۇنى توۋلاپ تۇردى.

......

زاغرىخان باتۇر،
زەدىنى قايناتۇر.
بىر دەم بولمىسا،
كۆزنى ئويناتۇر...
لاي...لاي...لاي......قىزىل خوراز چوقۇدى،
ئاق مېكىياننىڭ تاجىسىنى.
بىر كۈن بىرەر ھۆكۈمەت،
پارىخورنىڭ جاجىسىنى.

......

ھۆرىخان ئىشىكنى ئېچىپ كىردى. سوپىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان، چىرايى سارغىيىپ كەتكەن ئوسمان مەيدىسىنى شاپىلاقلاپ ناخشا ئېيتماقتا. كۆزىدىن توختىماي ئېقىۋاتقان ياش سېرىق گۆشسىز يۈزىنى يۇيۇپ، كىرلىشىپ، پۇرلىشىپ كەتكەن كۆڭلىكىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. ئالدىدا كونا قاپاق چىلىم توپىغا مىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن توپا باسقان ئۇزۇن چېچى كۆزلىرىنى توسۇۋالغانىدى.

— ئوسمان، نېمانداق بولۇپ كەتكەنسەن؟

ئوسمان كۆزىنى ئېچىپ بىردەم جىمىدە قاراپ قالدى. بىردىنلا ھۆرىخاننى قۇچاقلىۋېلىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى:

— ئەجەب ۋاقتىدا كەلدىڭ ھۆرىخان. بېشىمغا كۈن چۈشكەندە كۆڭۈل سوراپ كەلدىڭمۇ. مەن تۈگەشتىم. ھەممە-ھەممە نېمەمنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم. ئۆيۈمنى، يېرىمنىڭ كۆكىدىن تارتىپ ئۇتتۇرۇۋەتتىم. ئەمدى بۇ يۇرتنىڭ نېنى ھارام بولدى ماڭا. ئامەت قېچىۋېدى، خوتۇنۇممۇ باللارنى ئېلىپ ئانىسىنىڭكىگە كەتتى. ھەممە نېمەمنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم...

ھۆرىخانمۇ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى.

— مەنمۇ... مەنمۇ... ھەممە نېمەمنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم.

— ئىچىمدىكى دەردىمنى قارنىمغا بىر پىچاق سالسام چىقىپ كېتەرمۇ.

— مەنمۇ قارنىمنى يېرىۋالغۇدەك بولۇپ كەتتىم.

— مېنىڭ دەردىمگە يەتكىلى كەلدىڭمۇ. مېنى ئۇنتۇپ كەتتىمىكىن دېگەن مەن.

— دەردىمنى تۆككىلى كەلدىم. قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن.

— ئىككى كۈن بولدى ئاغزىمغا گىيا سالمىدىم. ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدىم.

— مانا يە. ئاخىر ئىككىمىزنىڭ رىزقى بىر ئوخشايدۇ.

هۆرىخان قويندىن پىششىق قوي گۆشى، سامسا، تۇخۇم چىقاردى.

— ۋاي جېنىم هۆرەم، هۆرەم، ساڭا قانداق خوتۇن يېتەر... ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ. يەنىلا كونا ئاشنىغا ھېچنېمە يەتمەيدۇ.

— جېنىم ئوسمان... ئوسمان... راست دېدىڭ. ئۇ چاغدا كىچىككەنمىز. كىملەرنىڭ قويندا ئېغىنىدۇق. بالىلىق بولدۇق. كىچىك ۋاقتىم ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ.

ئىككىسى توپىغا يۇمۇلىنىپ پومداقلىشىپ كەتتى. هۆرىخاننىڭ قولىدىكى گۆشمۇ توپىغا مىلىنىپ كەتتى.

## 5

كۈن مەغرىبكە بويۇن قىسىۋىدى، قاپاق تېرەكلەرنىڭ سايىسى كۈن چىقىشقا ئۇزاردى. بازاردىن سودىسىنى تۈگەتكەن، ھېرىپ ئاچقان، زېرىككەنلەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاپاق تېرەكنى بويلاپ سەپ بولۇپ مەست تاماشاسى كۆرۈپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقتا ئىدى. هاراق بوتكىلىرىدىن چىقىپ يولغا، قىرغا،

لايغا، ئاشخانىغا، يايمىغا يىقىلغان مەستلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزا ساقچىلىرى ئۆدۈللۈق سۆرەپ ئەكىلىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ، قول-چاق تەستە يېتىدىغان قاپاق تېرەكلەرنى قۇچاقلىتىپ باغلاۋاتتى. يىقىلماي بازارنىڭ ھەممە يېرىدە تايتاڭلاپ، شالىنى ئېقىتىپ، ئاغزىنى بۇزۇپ يۈرگەنلەرنىمۇ ساقچىلار تۇتۇپ كېلىپ باغلاپ قويىدۇ. ساقچىغا ئۇچرىماي قالغانلىرىنى خەق سۆرەپ قاپاق تېرەككە ئەكىلىپ بېلىگە باغلىغان تانىدا، ئېشەك ھارۋىسىنىڭ تۆش بېغىدا تېرەكنى قۇچاقلىتىپ باغلاپ قويۇپ، لەنەت ئوقۇپ كېتىپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرى قاتارى تېرەك قۇچاقلاپ تۇرغان مەستلەرنى تازا تەرلىتىپ قىزىتىۋەتكەنىدى. بىر مەست ھەدەپ تېپچەكلەپ پۇتىدا توپا چېچىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى:

—ھەي ئاۋاتلىقلار... خەپ ئاۋاتلىقلار، مېنى قويۇۋەت... مەن مەست ئەمەس. قويۇۋېتىش، ھېلى بىكار ھەممىڭنىڭ خوتۇننى... مەن بولالمىدىم. بەك قىستاپ كەتتى. ھېلى ئىشتانغا چىقىرىۋېتىمەن، مېنى قويۇۋەت...

ئۇ، تېرەككە بىر-ئىككىنى ئۇسۇۋېدى، پېشانىسى بىلەن بۇرنى تەڭ يېرىلىپ قان چىقىپ كەتتى. ئۇ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى:

—خەپ جۇما ئاۋاتلىقلار. ھۇ خوتۇن تالاقلار، مېنى ئۇردۇڭمۇ، ئۇرغان قولۇڭغا رازى بول جۇمۇ. خەپ بىر بوشىنىۋالاي، ھەممىڭنىڭ خوتۇننى... قارىنىڭنى يېرىۋەتمەيدىغان بولسام. خەپ تېرەك، ساڭا ئوت قويۇۋەتمەيدىغان بولسام ئوغۇل بالا دېگەن نامىمنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن... ئۇ چاغدا ئۇزۇن چاچ سې-

لىپ، دەمدەك ئۇسما قويۇپ جالاپ بولۇپ كېتىمەن، پۈتۈن ئاۋاتىكى ئەركەكلەرنى بۇرنى-قۇلىقىغا كەلگۈچە تويغۇزىدىغان جالاپ... ها... ها... ها...

ئولىشىۋالغانلار پاراقلاپ كۈلۈشتى.

— سىيىۋەتتى. هۆ... پوق— ...بىر بالا توۋلىۋەتتى. پەسلەپ قالغان ئىشتانىنىڭ ئېغى هۆل بولۇپ ئايىغىدىن ئاققىلى تۇردى. پەتىلدىگەن ئاۋاز بىلەن سېسىق بۇس تارالدى. تاماشا كۆرۈۋاتقانلار:

— هۇ رەسۋا، مەرەز، — دېيىشىپ ئاغزى-بۇرنىنى يۆگەپ نېرى قاچتى.

يەنە بىر تېرەكنىڭ تۈۋىدىن پاراقلاپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بىر مەست ھە دەپ تېرەكنى چوكۇلدىتىپ سۆيگىلى تۇرغانىدى:

— ھە، مانا بولدىما. سۆيە. سەنمۇ سۆيمەمسەن. تاتلىق، جېنىم، ئامرىقىم مەن ساڭا رەسمىي چىن يۈرىكىمدىن كۆيۈپ قالدىم. سېنى ئويلىساملا ئىچىم پىژژىدە ئوت ئېلىپ كېتىدۇ. مەن كەچكىچە سۆيسەم سەن مۇزدەك قاراپ تۇرامسەن. مانا بوپتۇ، مەن كۆيگەندىكىن مەن يەنە سۆيەي. مەيلى بۇرۇن باشقا ئادەمنى قۇچاقلىغان بولساڭمۇ مەن سېنى ئالاي، ئۇنچىۋالا يالۋۇرتما...

مەست تېرەكنىڭ قوتۇرماچ قېتىپ كەتكەن قوۋزىقىنى توختىماي سۆيۈپ، تېرەككە توختىماي چەمەك سېلىپ تۇردى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرى سۈرۈلۈپ قاناپ كەتكەنىدى.

— ھە دەپ يالۋۇرۇپ شۇنچىنى سۆيسەم، زۇۋان سۈرمەيسەن. زۇۋانىڭغا بىرنېمە كەپلىشىپ قالدىمۇ. پاسكىنا ئازگال-

چە، رەسۋا. كەچكىچە قوچاقلاپ تورۇۋېرىسەن، يا سۆيمەيسەن، يا قويۇۋەتمەيسەن. يوقال كۆزۈمدىن، سەندەك جادۇگەردىن تويـدۇم. ئىككىنچىلەپ ساڭا ئالدىمنى قىلىدىغان بولسام ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي.

ئالما ئاتتىم دەرياغا،
لەيلىۋېلىپ چۆكمەيدۇ.
سەن يارىمنىڭ ئوتلارى،
يا ئۆچمەيدۇ، كۆيمەيدۇ.
.........
يائاللا، يارازاق،
يا قامغاق، يا زاغراق.
كەچكىچە قوچاقلاپ
سۆيسەم، يا كولمەيدۇ.
يا سۆيمەيدۇ، قوچاقلاپ تورۇۋېرىدۇ.
لاي... لاي... لاي...

ھاشىم تېرەكنى قوچاقلىغانچە بېشى سىڭايان بولۇپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئاغزىدىن يانغان قوسۇق بىلىكىدىن سىرىلىپ بېـقىن، ساغرىلىرىغىچە چاپلىشىپ قېتىپ قالغان، ئىسسىقتىن يۈز-كۆزلىرى تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكەن، ئاغزىنىڭ ئەتراپىغا چاپلاشقان قوسۇقلارغا چىۋىنلار قويۇق قونۇۋالغانىدى. ئايىغىدىـكى قوسۇقنى بىر قارا ئىت يالىغىلى تۇرغانىدى.

ئۇنىڭ يېنىغا باغلانغان يەنە بىر مەست ھەدەپ ۋارقىراپ، ئاغزىغا كەلگەننى قارغاپ تىللىماقتا. ئۇنىڭ تاسمىسى ئۈزۈلۈپ كېتىپ ئىشتىنى ساغرىسىغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، كوسىرىـ

ـنىڭ كەينى سۆكۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇششاق باللار ئۇنىڭ كا
ـىسىغا شاپاق، قوغۇن ئۇرۇقى ئېتىپ كۇلۇشمەكتە. ئۇ ھەدەپ
تىللايدۇ:

— ھۇ ئاناڭنى. ھېلى بوشىنىۋالسام بوينۇڭنى ئۇزۇۋېتە
مەن، ھارامدىن بولغانلار... خەپ ھۆكۈمەت، ھاراقنى ئېمىشقە
ياسىدىڭ. مېنى ھاراق قەرزىگە بوغۇپ قويدۇڭ. مېنى قەرزگە
بوغۇۋەتتىڭ. سەن ھاراق ياسىمىساڭ مەن ئىچمەيتتىم. قەرزمۇ
بولمايتتىم. تېرەككە باغلانمايتتىم. كۆتۈمنى ھەرىمۇ چېقىۋال-
مايتتى. سېنىڭ ھارىقىڭنى ئىچىپ خوتۇنۇمنىڭ ئالدىدا تىلىم
يوق. ئىككى پۇللۇق يۈزۈم يوق. ھۆ...ھۆ...ھۆ...

تېرەك بېشىدا ئۇۋىلىغان قاغا ئۇزۇپ-ئۇزۇپ قاقىلداپ قو-
يۇۋېدى، ئۇ مەست قاغىنى تىللاپ كەتتى.

ئىككى ساقچى مال بازىرى تەرەپتىن بىر مەستنى ئاللىقازان
ئېتىپ كۆتۈرۈپ كەلدى. مەست ھەدەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقى-
رىماقتا. تېپىچەكلىمەكتە.

— ھۇ ئاۋاتلىق ئوغرىلار. كېچىچە ھەممىڭنى يەر يۇتۇپ
كېتەر. ھەممىڭ خۇدا قارغىۋەتكەن مۇناپىقلار... ھەممىڭ بۇ-
زۇق. خۇدا شۇڭا سەنلەرنى ئىلگىرى باستۇرمايدۇ. نېنىڭ پۇ-
تۇن بولمايدۇ. ئۆلگۇدەك ئىشلىسەڭمۇ بىر يىپىڭ ئىككى بولماي-
دۇ. ھۇ ئالدامچىلار. خۇدانىڭ ئاسىيلىرى. بۇ گېپىم راست،
ھەممىسى راست. مەن مەست ئەمەس، مېنى قويۇۋېتىش. مېنى
قويۇۋەت. مەن مەست ئەمەس. قايسىڭ مېنى تېرەككە باغلىساڭ
خوتۇنۇڭ بىلەن تۇتۇلۇپ قالمىسام ھېساب ئەمەس.

بىر ياش ساقچى ئۇنىڭ ئاغزىغا تېپىۋەتتى.

ئۇنىڭ ئاغزى قاناپ كەتكەن بولۇپ، ئاغزىدىن قان ئارىلاش شالى قۇيۇلماقتا. ھەدەپ ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۈمەكتە…

ساقچىلار ئۇدۇللۇق مەستلەرنى تېرەككە باغلىماقتا. خەقمۇ ئەكېلىپ تېرەككە باغلىماقتا. بازاردىكى ھەر بىر تۈپ تېرەك بىردىن مەستنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بازارغا كەلگەن سان-ساناقسىز ئادەملەر تېرەك تۈۋىگە—مەست بازىرىغا كېلىپ تاماشا كۆرۈۋاتىدۇ. كۈن ئۇپۇققا ھاياجان بىلەن قىزىرىپ، ئېسىلىپ ئولتۇرماقتا. قىزغۇچ نۇر تېرەكنى، ئادەملەرنى، تۇپراقنىمۇ قىزىللىققا پۈركىدى. بىر خىل قىزىللىق ھەممە نەرسىنى، مەستلەرنىمۇ، ساقلارنىمۇ، تۇپراقنىمۇ، تېرەكنىمۇ مەستتەك كۆرسىتىدۇ.

1989-يىل ئىيۇن، مەكىت،

1989-يىل 3-ئۆكتەبىر، لەنجۇ.



# شائىر

شىۋىرغان. سوغۇق ئۇنىڭ يۈزىگە شوخىدەك سانجىلاتتى. ئادەملەر شالاڭلىشىپ قالغان كوچىنى قار كۆمۈۋەتكەنىدى. كوچا چىرىغىنىڭ نۇرىدا مۇز كېپەكچىلەر قىيپاش شۇڭغۇغانلىقى كۆرۈندى. تومشۇق ۋە پېشانىسى قورۇلۇپ تارتىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ قولىنى ئاستا يانچۇقىدىن چىقىرىپ، يۈز كۆزىنى سىلىدى. مۇز توپچىلىرى چالا ئېرىپ ئالىقىنىغا چىقتى. قار پەسكە شۇڭغۇۋېتىپ يەنە پەستىن كۆككە قاراپ شۇڭغۇغىلى تۇردى. يەردىكى ئۇيۇغان، ئۇيۇمىغان قارلارمۇ كۆتۈرۈلدى. دەسلەپ شالاڭ كېپەك بولۇپ كۆتۈرۈلدى، كېيىن ئالىقاندەك، كېسەكتەك مۇزلارمۇ قومۇرۇلۇپ، شىددەت بىلەن كۆككە شۇڭغۇدى. يولمۇ قومۇرۇلۇپ، پارچە-پارچە بولۇپ كۆتۈرۈلدى.

—يوللار بۇنداق بولسا، ئادەملەر قايسى يولدا ماڭىدۇ؟ يول پارە-پارە بولۇپ، كۆككە كۆتۈرۈلسە، مەن كۆتۈرۈلىمەن؟ ماڭا قاچان نۆۋەت كېلەر؟ پۈتۈن كۆتۈرۈلەمدىمەن ياكى پارچە-پارچە بولۇپمۇ...؟ ها...ها...ها...ها...—ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتىمەن، دەپ يايراپ كەتتى. ئەمما ئاۋازىنى ئۆزى ئاڭلىمىغاندەك ھېس

قىلدى-دە، ئاغزىنى تۇتۇپ باقتى. ئاغزى ئېچىلىشى كېرەك ئىدى. قارىغاندا كۆلگەندە ئاغزى ئېچىلماقچى بولغان بولسا كې-رەك، ئەمما ئۆسەك ساقاللىرىنى ئۇيۇتۇپ، بۇرۇتى بىلەن قو-شۇۋەتكەن مۇز ئۇنىڭغا ئاغزىنى ئېچىش ئىمكانىيىتى بەرمىگەن ئوخشايدۇ، — كىمگە گەپ قىلىمەن؟ كىم ئاڭلايدۇ؟ ئۆزۈمگە گەپ قىلغاندىكىن ئاغزىمنى ئېچىش ئىنساننىڭ تۆرەلگىنىگە ئوخشاش ھاماقەتلىك.

قارلار، يوللار، مۇزلار، بىنالار، ستولبىلار پارە-پارە بولۇپ كۆككە شۇڭغۇماقتا. ئۇنىڭ تىنىقلىرى تېزلەشتى. ”ۋاھ، نېمە دېگەن كاتتا لېرىكا بۇ! مىڭ پارچە ئېسىل كىتاب يېزىپمۇ بۇنداق لېرىكىنى يېزىش قولۇمدىن كەلمەس. پۈتۈن ئويدۇرمىلار بۇزۇپ تاشلانغان. يېڭىلىق دېگەن مانا شۇ. بىز ئەخمەق. تەبىئەت، پەقەت سەنلا ئۇلۇغ شائىر“. ئۇ ئۇھ تارتتى. غايەت زور بىر كاللەك مۇز ئۇنىڭ ئىچىگە گۇلدۇرلەپ كىرىپ، ئىچىنى قاتۇرىۋەتتى. ھۇشقۇرتۇپ تۇرغان شىۋىرغان ئۇنىڭغا ئوتنىڭ تەپتىدەك ئىللىق تەگدى. ”دېمەك، تەبىئەت ئىچىمدىنمۇ ئىسسىقكەن، مەندىكى پۈتۈن ھارارەت تۈگىگەن ئوخشايدۇ، بۇمۇ بىر يېڭى لېرىكا، تەسىرلىك لېرىكا“ ئۇنىڭ ئالدىدا بىر تۇپ قېرى تېرەك كۆرۈندى. ئۇ تېرەكنى قۇچاقلىماقچى بولۇۋىدى، تېرەك ئارقىسىغا قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتىغا كۈچلۈك ئىككى قول ئېسىلىپ تارتتى:

— مېنى تارتىپ ئەكىرىپ كېتەمسەن؟ قوينۇڭغا ئالامسەن؟ پۇت دېگەن بەرىبىر پۇت. قوزۇق ئەمەس، باغرىڭغا قېقىلمايدۇ، ئۇ ئۇپۇققا قارىدى، قار تىزىغا يېقىن چىققانىدى، — ھىم،

قوينۇڭغا ئالامسەن؟ شۇنداق، بەربىر ئالىسەن. ئەمما پۇتۇمدىن تارتىپ ئەكىرمە، قولۇمدىن تارت، — ئۇ تېرەككە ئۇسسۇۋالدى، — قۇچاق ئاچسام قاچىسەن، تاشلىۋەتسەم سۆيۈسەن. نېمە دېگەن قوپال سۆيۈش بۇ، ھەقىقىي سۆيۈش مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىن. چىن سۆيگۈ ئىزدەپ ئۆمرۈمنى ئۆپراتتىم، سەن شۇ بولساڭ، ساڭا مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولاي، — ئۇ تېرەككە يۆلىنىپ، ئاستا-ئاستا چۆكتى.

سامسىنىڭ مەززىلىك ھىدى كەلدى. مۇزدەك سۇيۇقلۇق ئۇنىڭ ئاغزىغا تولدى. قىزىل، سېرىق، يېشىل سامسىلار ئۇچۇپ، بەزىلىرى كۆككە، بەزىلىرى پەسكە شۇڭغۇدى. كېيىن ھەممىسى بىرلا شۇڭغۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا كەپلەشتى.

— يارەببىم، سامسىمۇ شۇنداق سوغۇق بولامدۇ؟ — ئۇنىڭ قورساقلىرى غۇرت-غۇرت قىلدى، — مانا دېمىدىممۇ ئەڭ ئىپلاس، پەس دۇشمەن يۈرىكىمنىڭ تۆۋىنىگە چاپلاشقان، خېلى كۈنلەر يېسەڭمۇ ھېچ گەپ يوق. شۇنچىلا سامسىنى يەپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتىڭ. تويمىغۇر، مەڭگۈ توياماس، قېنى كۆرۈپ تۇر، مەن سېنى يەنە قانچە كۈن غىزاسىز قويۇپ، زۇۋانىڭنى ئۆچۈرىمەن. سەن مېنى بويسۇندۇرىمەن دەيسەن، مەڭگۈ بويسۇندۇرالمايسەن...

— ئابدۇخالىق، ھەي ئابدۇخالىق، تۇرە ئورنىڭدىن! — ئۇنىڭ كۆزىگە ئىششىغاندەك قىزىل بىر چىراي چېلىقتى:

— نېمە دەيسەن!

— تۇرە ئورنىڭدىن ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتماي، سەرسان بولۇپ يۈرگىنىڭ ئاز كېلىپ، توڭلاپ ئۆلۈپ بېرەي دەمسەن؟

تۇرە!

ئابدۇخالىق تېرەككە يۆلىنىپ داڭ قېتىپ قاراپ قالدى. ئەۋلىيا ئەزەم تېرىكىپ ئۇنى يۆلىمەكچى بولدى.

—قولۇڭنى تەگكۈزمە!

—نېمىشقا؟

ئابدۇخالىق يەرگە قارىدى. ئۇ قېتىپ كەتكەن قولىنى قارغا چوڭقۇر پاتۇردى.

—ماۋۇ ئاپئاق، چىرايلىق قارنى كۆرۈۋاتامسەن؟ ئۇنىڭ قانچىلىك پاكلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغانلىقىڭ ئۈچۈن، ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ.

—دەل مۇشۇ قار سېنىڭ جېنىڭنى ئالىدۇ. بىر مەشھۇر شائىر ئاچلىقتىن كوچىدا توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ دېسە، بۇ ساڭا ئەمەس، بىز ئەدىبلەرنىڭ يۈزىگە ئۆمۈرلۈك داغ.

ئابدۇخالىق ئېچىلىپ كۈلدى:

—مېنى ئۆلدى دېگەن گەپ يالغان! مەن مۇشۇ قاردا مەڭگۈ ياشايمەن. سەن پاتقاقنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈر. ئۇنىڭ ئۆزى داغنىڭ قېنى تۇرسا، ئۇنىڭ يۈزى بولامدۇ؟

—ماقۇل، سەنلا پاك. ماۋۇ پۇلنى ئال، قورقما، ساڭا سەدىقە ئەمەس، ئۆزەڭنىڭ هالال قەلەم هەققىڭ—شائىرنىڭ قەلەم هەققى. ئاڭلىسام كۈنلەپ-كۈنلەپ ئاچ قاپسەن. بۇنىڭغا كىيىم ئال، ئىسسىق تاماق يە.

—ياق، ياق، ئۆزەڭ ئال، مەن پاتقاقتىن هېچ نېمە ئالمايمەن. بۇ قارنى كۆردۈڭمۇ؟

—سەن شائىر، ئەي دەلدۈش ساراڭ!

—مەن شائىر ئەمەس، بىر ئەخمەق.
—يو٘ر، ئاچلىقتىن، سوغو٘قتىن ئوٚلەي دەپسەن، ئاۋو٘ سام-
سىخانىغا كىرىپ، ئىسسىق ئولتو٘رو٘پ توٚت سامسا يە، قىزىق
چاي ئىچ، ئەسلىڭگە كېلىسەن.
—مېنى مېھمان قىلامسەن؟
—ھەئە
—يو٘زو٘مگە داغ چو٘شو٘رمە.
—ئەۋلىيا ئەزەم تېرىككىنىدىن بوغو٘لو٘پ، تاتىرىپ كەت-
تى-يو٘، يەنىلا ئوٚزىنى تو٘تو٘ۋالدى.
—ماقو٘ل، مەن پو٘ل خەجلىمەي، ئوٚز پو٘لو٘ڭغا ئېلىپ بې-
رەي.
—ئىت بىلەن ئادەمنىڭ پەرقى بولىدو٘.
ئەۋلىيا ئەزەم ۋارقىراپ كەتتى:
—دەل تاپتىڭ، كوٚرو٘ۋاتقىنىڭ ئىتنىڭ كو٘نى بولو٘ۋاتىدو٘.
توڭلاپ ئوٚلوٚش ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان ئىتنىڭ ئوٚزى سەن!
—ھەر ئىككىمىز ئىت، بىرىمىز ئەلنىڭ ئىتى، يەنە بىرى-
مىز گوداڭ يالايدىغان ئىت. مەن ئاچلىقتىن ئوٚلو٘ۋاتقان ئىت.
سەن يالاق يالاپ سەمرىۋاتقان ئىت.
ئەۋلىيا ئەزەم غەزەپ بىلەن ئابدو٘خالىقنى تەپتى. ئابدو٘خا-
لىق قارغا يو٘مىلاپ كەتتى. ئەۋلىيا ئەزەم تىللىغىنىچە مېڭىپ
كەتتى. ئابدو٘خالىق قار ئادەمگە ئوخشاپ قالدى. ئو٘ ئوٚمىلەپ
تېرەككە يوٚلىنىۋالدى-دە، قارغا بو٘لانغان ئاغزىنى ئېچىپ
كو٘لدى:
—سانسىز جامائەتنىڭ ئالقىش ساداسى ئىچىدە دىكلاماتسىيە

قىلغاندەك لەززەتكە تولدى ئادەم.

قار تېخىمۇ ئەدەشكە باشلىدى. ئابدۇخالىق خەنجىرىنى چىقىرىپ، مەيدىسىنى ياردى. ئۇ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، قىپقىزىل قۇرلارنى يازغىلى تۇردى.

— ھەي، ئابدۇخالىق، تۇرغىنە ئورنۇڭدىن، بايا كاللام قىزىپ ئازار بېرىپ قويدۇم، مېنى كەچۈر.

قار ئاستىدا ئەۋلىيا ئەزەم پەيدا بولدى. ئۇ خىجىللىقتا ھىجىيىپ تۇراتتى.

— ۋاي ئېپلاس، ئازار بەرگىنىڭ بىلەن خۇشال قىلغىنىڭنى بىلمەيسەن، بايا خۇشال قىلغان ئىدىڭ، مانا قاردىن سورا، مەن باياتىن كۈلگەن. مانا ئەمدى ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن. مەن ئاجايىپ شېئىر يېزىۋاتقاندىم......

— سەندىن ئۆتۈنەي، قانداق قىلسام تاماق يەيسەن؟

— مېنى ئارامىمدا قوي.

— مېنى ئۇنچىلا يامان كۆرمە.

ئىككىسى بىر-بىرىگە تىكىلىپ قېلىشتى. ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى:

— ساڭا يامانلىق قىلغىنىمنى بىلمەيمەن. لېكىن سەن مېنى مەرەزنى كۆرگەندىنمۇ يامان كۆرىسەن.

ئابدۇخالىق تېلىقىپ كۈلۈپ كەتتى:

— ھەي بىچارە مەلئۇن، سەن ئەدەبىياتنى بۇلغاشتىن توختىغان كۈنى، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، سەن بىلەن تازا راھەتلىنىپ غىزا يەيمەن، ھەتتا ساڭا كۆيئوغۇل بولىمەن.

ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ ھاسىراپ كەتتى:

— مېنى ئەدەبىياتتىن قوغلاشقا ھەددىڭ ئەمەس. مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا شېئىرىيەتنىڭ چوققىسىنى ياراتتىم، يېڭىلىق ئېلىپ كىردىم.

— سەن شېئىرىيەتكە يات يېڭىلىق ئېلىپ كىردىڭ. شېئىرىيەتتە يالاقچىلىقنىڭ چوققىسىنى ياراتتىڭ.

ئەۋلىيا ئەزەم يائوقى كۆزىگە قادالغان ياۋا توڭگۇزدەك چىرقىراپ كەتتى:


— سەن ... سەن شائىر ئەمەس، قىپقىزىل ساراڭ ... ئىپلاس، دەلدۈش، ئىتتىن خار بولۇپ، ئاچلىق ۋە سوغۇقتىن ئۆل، جەسىتىڭ كوچىدا قېلىپ ئىتقا يەم بولسۇن!

ئۇ قارغىغىنىچە تەلۋىلەرچە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئابدۇخالىق خىرىلداپ كۈلدى:

— ھە مانا ئەمدى بولدى، مەن ئۆلمەيمەن. قارا ئىت، تېنىمنى قەلەم، قېنىمنى سىيا قىلىپ، پۈتكۈل قارلىق دالىغا شېئىر يازىمەن. ئاخىر قارغا ئايلىنىپ كېتىمەن. قېنى سەن ئۆلدى دېيەلەمسەن؟

ئۇ يۈرىكىدىن ئوخچۇپ چىقىۋاتقان مىسرالارنى ھاياجان بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىپ، تېرەككە يۆلىنىپ ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن ئۆزى ئېيتقاندەك ئاپئاق قارغا ئايلىنىپ كەتتى.

1991-يىل 3-ئاي.



# كېچىنىڭ كۆزى

## 1

كەچىنىڭ سالقىن شامىلى باراقسان مەجنۇنتال ياپراقلىرىنى يەلپۈپ تۇراتتى. غۇۋا چىراغلارغا ئۇششاق ھاشاراتلار يىپپىشىۋالغانىدى. قىلۋىدىن ئۇرۇلغان راھەتلىك شامال شاۋكەتنىڭ چاچلىرىنى توزىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئىلاجى بار سەۋرى قىلىش ئۈچۈن شامال كەلگەن تەرەپتىكى روشەن يۇلتۇزلارنى ساناشقا باشلىدى. مەكتەپنىڭ ئالىملىق بىغىدىن قىز-يىگىتلەرنىڭ شېرىن تاۋۇشلىرى قۇلىقىغا توختىماي كىرىپ تۇراتتى. سۈت ئالمىنىڭ خۇش ھىدى ئۇنىڭ دىمىنى تۇتقۇزۇۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى بىسىۋېلىپ، چىشىنى چىشلەپ يۇلتۇز ساناشنى داۋام قىلدى. قىزلارغا خاس يەڭگىل ئاياغ تاۋۇشى ئۇنى يۇلتۇز ساناشتىن توختىتىپ قويدى. بىر قىز نازۇك بەللىرىنى تولغاپ پەلەمپەيدىن مەغرۇر چۈشۈپ، بۇ يەردە يۇلتۇز ساناشتىن

توختاپ قالغان كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پەقەت
ھېس قىلىپ باقمىغانىدەك، شامال ئويىنىتىپ ئارام بەرمىگەن
چاچلىرىنى يەنە شۇنداق مەغرۇر سىلكىپ يېنىدىنلا ئۆتۈپ كەت-
تى. ئۇ، قىز يېنىدىن ئۆتكۈچە قىزنىڭ نېپىز شايى كۆڭلىكى
ئىچىدىكى مۈڭگۈزدەك كۆكسىگە ئاچكۆزلەرچە تىكىلدى، ئۆتۈپ
كەتكەندىن كېيىن بولسا تولغان ساغرىسىغا قاراپ قالدى.

—ما كاساپەتنى. قايسى مەلئۇننىڭ قولىدا تولغۇنىدىغاند-
سەن، لېكىن بىزنىڭ بېلىققا يەتمەيسەن.

ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ تاماكا چەككەچ يەنە ئاشۇ ساغرىغا
قارىدى.

—ئوقۇغۇچى دېگەن شۇ.

ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يەنە يۇلتۇز سانىماق بولۇپ ئاس-
مانغا قارىۋىدى، بايا ساناپ قايەرگە كەلگەنلىكىنى تاپالمىدى.
زەردە بىلەن ئارقىسىغا قاراپ، كېتىۋاتقان قىزنىڭ كەينىدىن
تاماكىسىنى تۇكۇردى:

—جادۇ چالاپ!

—نېمىدېگەن چىرايلىق گەپلەر بۇ؟!

شاۋكەت ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ، پەلەمپەيدە پەرىزاتتەك
سۇزۇلۇپ تۇرغان بېلىقىزنى كۆردى. ئاق شايى كۆڭلىكى ئۇنى
ھازىرلا ئەرشتىن چۈشكەندەك كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئايدەك يۈزد-
نى ئورىۋالغان قارا، دولقۇنسىمان چاچلىرى بۇلۇتقا ئوخشايت-
تى. شاۋكەت سائىتىگە قارىدى.

—ساق ئىككى سائەت قىرىق ئۈچ مىنۇت ئۆتۈپتۇ. بۇ
ۋاقىتتا دۇنيادىكى نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىشلار ئورۇندىلىپ بولىدۇ.

ئالەم ئايروپىلانى بىرىنچى قەۋەت ئاسماندىن چىقىپ كېتىدۇ.

— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز چىرايلىق يىگىت. لېكىن سىز بىلەن مەن ئالەم ئايروپىلانىنى كۆرۈپ باقمىدۇق، كۆرۈۋاتقىنىمىز ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ماشىنىلار، ماڭغاچ سۆزلىشەيلى.

— ئۆزىمىزنى قۇتقۇزمىساق تارىخ بىزنى يۇندا ئۇرىكىگە تاشلىۋېتىدۇ، يەر يۈزىدىن تامامەن يوقىلىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىمىز، ھەتتا نەسلى قۇرۇشقا باشلاپ ئىنسانلار تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتقان ھايۋانلارچىلىك قەدرىمىز بولماي تۈگەيمىز.

شاۋكەت خەپرۇكلىرىنى بېلقىزنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە چاچرىتىپ توختىماي سۆزلەۋەردى. قىز ئىزىدا توختاپ سومكىسىدىن ئاپئاق قولياغلىقىنى چىقىرىپ يۈزىنى سۈرتتى. قوللىرىنى سىلكىپ، خۇدىنى يوقاتقان ھالدا سۆزلەۋاتقان شاۋكەتنىڭ قوللىرى بوشلۇقتا توختاپ قالدى. ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن ئېسىلىپ كەتكەندى. ئۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پەس ئاۋازدا ئېيتتى:

— ئىشقىلىپ مەن بىكارغا قايىنمايمەن.

بېلقىز ھېچبىر ئىپادىسىز قادىلىپ تۇراتتى. ئەمدى جاۋابەن ئېغىز ئاچتى:

— تەكرار ئېيتتىم، يەنە تەكىتلەپ قوياي: ئالىي مەكتەپنىڭ بىئولوگىيە كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىمەن، سىياسىي بىلەن خۇشۇم يوق، ئۇنى چۈشەنمەيمەن، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايمەن. بۇنداق گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىغۇم يوق. مۇشۇنداق كوتۇلداپ يۈ-

رۇپ بېشىڭىزنى يەيدىغان ئادەمكەنسىز.
—گېپىمنى چۈشىنىڭ. مەن سىياسەت توغرىسىدا ئەمەس ئەخلاق تېمىسىدا گەپ قىلىۋاتىمەن.
—بولدى، بىردەم گەپ قىلماي مېڭىڭ. ساۋاقداشلىرىمىزگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىشىۋاتىدۇ. ئۇلار ئوقۇغۇچىلار تولىشىۋالغان دەرۋازا ئالدىدىن جىمجىت مېڭىپ ئۆتۈشتى.
—قاياققا ماڭىمىز؟
—سۆگەتلىك كۆل تەرەپكە.
—ئۇيەردە پاشا جىق.
—مەن سىزنى پاشىلار بىلەن ياخشى مۇڭدىشالايدىكەن، دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن.
—مېنى مەسخىرە قىلماڭ. دېمەكچىمەنكى، مەن سىزنى ئىككى يېرىم سائەت ساقلىسام، مېنى بىرسى تۆت سائەت ساقلىسا، بىزدىكى ئىشەنچلىك ۋاقىت كۆز قارىشى قېنى؟ بىر-بىرىمىزگە بولغان ئىشەنچ نەگە كېتىدۇ؟ بىزدىكى دورامچىلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىش، بىر-بىرىگە يالغان ئېيتىش، ئالداش، خۇشامەتچىلىك، پارىخورلۇق، خۇددى بىر كىم ئۇچۇن ياشاپ بېرىۋاتقاندەك كۇن-تۇنلەپ ئۇلپەتچىلىك قىلىپ سورۇن تارتىپ ئىچىش-چېكىشلەر، يالغان كۇلۇش، ساختا تەكەللۇپلار...مانا...مانا يەنە نۇرغۇن، مەن سۆزلەپ بولالمايمەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان، خاراب بولغان بىر مىللەتنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى. بۇ ئىللەتلەرنى ئۆزىمىز تۈزىمىسەك، ھەر بىر ئادەم ئۆزى تۈزىمىسە، بىر كىم تۈزەپ بېرەمدۇ؟ ھەممىنى خۇدا تۈزەپ بېرەمدۇ؟

ئاڭلىسام: "سەن پەيلىڭنى قانچىلىك ئۆزگەرتسەڭ، مەن قىس-مىتىڭنى شۇنچىلىك ئۆزگەرتىمەن" دەيدىكەن ئاللا. بىزنىڭ ئادەملەردىكى ھالىغا باقماي قىلىپ كېتىدىغان ھەشەم-پەشەم، سورۇن-باراۋەت، كەيپ-ساپا، توگىمەس قائىدە دېگەنلەر پۇت-قولىمىزنى چۇشەۋاتقان خۇراپىي نەرسىلەردۇر. مانا بۇلار-نى بىر كىم ئەكىلىپ بىزگە تاڭغىنى يوق، ئۆزىمىز تېپىپ ئادەتكە ئايلاندۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە بولدۇق. بۇ نەرسىلەرنى ئۆزىمىز يوقىتىپ، ئۆزىمىزنى ئازاد قىلمىساق مەڭگۈ روناق تاپالمايمىز. بىز ئۆزىمىزنى سۆيەيلى، ئۆز-ئۆزىمىزنى خورلى-مايلى.

— بەك ئوبدان گەپ قىلدىڭىز. ھازىر خوتۇنىڭىزغا قانداق يالغان گەپ قىلىپ ئالداپ چىقتىڭىز؟

— بىلىقىز كولۇمسىرەپ شاۋكەتنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

— بۇنى چۇشەندۇرۇش ھاجەتسىز.

— مېنىڭ ئاڭلىغۇم كېلىۋاتىدۇ. بۇ باياتىن بېرى سىز دەۋاتقان ساختىپەزلىك، بۇمۇ ئۆزىمىزنى ئالداۋاتقانلىقىمىزغا كىرىدىغۇ دەيمەن؟

— ياق، مەن ئۇنداق دەپ قارىمايمەن. بۇ بىر مۇقەددەس سۆيگۈ ئۈچۈن، مۇھەببەت ئۈچۈن.

— ئۇنداقتا خوتۇنىڭىزنى سۆيمەمسىز؟

— كىم سۆيمەيمەن دەپتۇ؟!

— ئەمىسە نېمىدەپ ماڭا رودىپايدەك ئەگىشىۋالىسىز. خو-تۇن-باللىرىڭىزغا مۇھەببىتىڭىز بولغاندىكىن شۇنى سۆيسىڭىز بولمىدىمۇ، مەندە نېمە ھەققىڭىز بار!

— ئەمسە ماڭا خوتۇن بولۇڭ.
— ياق.
— نېمىشقا؟
— ئۇچاغدا چوقۇم مېنى يەنە بىر چىرايلىق قىزكۈندىشىم بىلەن قوشۇپ سۆيىسىز.
— سىزنىلا سۆيىمەن.
— بۇ ھەركۈنى خوتۇنىڭىزنى ئالدايدىغان مەڭگۈلۈك گېپىڭىز.
— سىزگە ئۇنداق قىلمايمەن. بولمىسا بەش يىلدىن بىرى ئوتىڭىزدا كۆيۈپ، سۆيىگىزدە ئېقىپ يۈرەمتىم.
— بۇ ناھايىتى ئېنىق. ئېرىشمەكچى بولغىنىڭىز تېخى مەنـدە تۇرۇپتۇ. ئامانەتنى ئالغان بولسىڭىز بۇنچىۋالا قىلىپ كەتـمەيتتىڭىز، رايىڭىز يېنىپ ھەتتا ئۇنتۇپ قالاتتىڭىز.
— ئۇنداقتا ئىككىمىز توي قىلايلى، شۇچاغدا كۆرەرمىز.
— سىز بىلەن توي قىلغۇم يوق.
— ماڭا نىسبەتەن سىزدە سۆيگۈ دەيدىغان نەرسە يوقكەنـدە، ئەمسە نېمىدەپ مەن بىلەن يۈرۈيسىز؟
— مەن سىزنى سۆيىمەن، ئەمما توي قىلمايمەن. ھاياتتا ئەڭ سۆيۈلگەن مۇھەببەت توي قىلالمىغانلار ئارىسىدا بولىدۇ. مەڭگۈ ئەستىن چىقمىغۇدەك سۆيۈش ئۈچۈن سىز بىلەن توي قىلمايمەن.
— بۇ يالغان. كۆزدىن يىراق بولغاندىن كېيىن، ھامان بىركۈنى كۆڭۈلدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.
— سۆيگۈ ھەر ئادەمنىڭ روھىدا ھەرخىل بولىدۇ.

—لېكىن سىزنىڭ مەن بىلەن توي قىلماسلىقىڭىزدا باشقا سەۋەب بار، يەنى ياشتا چوڭ، ئىككى بالىسى بار ئادەم دەيسىز.

—دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، مېنىڭچە، قىزلار چوڭ ياشلىقلارغا تەگسە تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئاتا-بوۋىلىرىمىز بەك ياخشى بىلىدۇ. دادام قېرىپ پېنسىيىگەچىقتى، ئانام ئەمدى قىرانلىق دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئىككىسى بىر-بىرىنى بەك ياخشى كۆرۈشىدۇ. ئانام دادامنىڭ قىرىق يېشىدا ئالغان خوتۇنى. ئانام دادامدىن ئون سەككىز ياش كىچىك. ئانامنىڭ ھەرقانداق تەلىپى دادامنىڭ قىزغىن مۇھەببىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ھە راست، مېنىڭ توي قىلىشىمدا دادام بىلەن ئانامنىڭ بىرلا شەرتى بار، ناھايىتى ئاددىي، توي قىلىدىغان ئادىمىڭ كەلپىنلىك بىلەن قەشقەرلىق بولمىسۇن دەيدۇ. لېكىن بۇمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

—قەشقەرلىق ئارپىسىنى خام ئورۇپتىمۇ؟

—ئاتا-ئانام دېھقانچىلىقنى بىلمەيدۇ، لېكىن تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق تەكەللۇپ، يوسۇنلار بىلەن چىقىشالمايدۇ.

سىز بىلەن مەن مىللەتنىڭ ئەقىل-ئىدرىكى، زىيالىيسى بىز. ھازىرقى زامان ئېڭى بويىچە ياشىشىمىز، ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشىمىز كېرەك. يۇرت ئارا بىر-بىرىمىزگە بولغان ئۆچمەنلىكنى يوقىتىپ، بىر-بىرىمىزنى سۆيەيلى. بىزنىڭ ئىناق بولۇشالماي قۇمدەك چېچىلىپ ياشىشىمىز بەختسىزلىكلىرىمىزنىڭ توپ يىلتىزى، بۇ ئىللەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.

--مىلى سۆزلىگىنىڭىز بىلەن ئاتا-ئانىمىز ياشىغان ئاش
تۇپراق، سۇ، هاۋا، تومۇرىمىزدىكى قان بىزنى يەنە شۇنداق
ئۇستۇرىدۇ. پەقەت قىسمەن ئۆزگىرىشى مۇمكىن. ئىناق بولۇش
ئۈچۈن بىزنى بىرلەشتۇرەلەيدىغان قۇدرەتلىك بىر ئەمەلىي
كۈچ، روھىمىزنى ئالىقانغا ئالالىغۇدەك ئىلاهىي يېتەكچى بولۇش
كېرەك، بۇنىڭدىن باشقا هېچ نەرسە بىزنى بىرلەشتۇرەلمەيدۇ.
—بولدى، ئاغزىم قۇرۇپ كەتتى، قەھۋە ئىچەيلى.
—مېنىڭ ئۇيەرگە كىرگۈم يوق.
—نەپرەتلىنەمسىز؟
—بىلمەيمەن.
—خەق نېمە قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى. بىزمۇ ئۆزهالىمىز
بىلەن بولىمىز. جەمئىيەتنىڭ هەممە تەرەپلىرىنى بىلىپ قويغان-
غا يەتمەيدۇ. بۇمۇ ئۆز ئالدىغا ئاجايىپ بىر دۇنيا دەڭا.
”لېۋەنتاي قەھۋەخانىسى“دېگەن خەت ئۇسسۇل ئوينىغاندەك
تولغىنىپ يېنىپ تۇرىدىغان ئىشىكتىن شاۋكەت ئالدىدا كىردى.
ئاي چېھرىلىك ئۈچ قىز كۇلۇمسىرىگىنىچە ئىتتىك كېلىپ
ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى، بىرسىنىڭ ئاق بىلىكى بوينىغا يىلاندەك
يۆگىشىپمۇ ئۈلگۈردى.
—بولدى، رەھمەت سىلەرگە.
بېلىقىزنى كۆرۈپ هەممىسى پەرىلەردەك غۇۋالىق ئىچىد
كۆزدىن غايىب بولدى. غۇۋا قىزىل چىراغ نۇرىدا پەردىلىك
توساقلارسىرلىق كۈلۈمسىرەۋاتقان، سىپتا ياسانغان چىرايلىق
ئايالدەك كۆرۈندى. ئەتىر ئارىلاشقان هەرخىل ئىچىملىك پۇرىقى
قەھۋەخانا هاۋاسىنى سېھىرلەپ تۇراتتى. توساقلار ئىچىدە قىز

غىن پىچىرلاشلار، قىزلارنىڭ نازلىق كۇلۇپ ئەركىلەشلىرى ئاڭلىناتتى. كۇتكۇچى ئۇلارنى پەردىسى قايرىلىپ تۇرغان بىر بوش ئورۇنغا باشلاپ كەلدى. بىلىقىز ئادەمسىز تۇز يولدا كېتىدىغاندەك پەرۋاسىز كېتىۋەردى.

— نېمە لازىم، — دېدى كۇتكۇچى ئۇلار جايلىشىۋالغاندىن كېيىن

— سىز دەڭ، — كۇلۇپ قارىدى شاۋكەت.

— قەھۋەدىن باشقا نېمە بار بۇ يەردە؟

— خالىغىنىڭىزنىڭ ھەممىسى بار.

بىلىقىز ئۇنچىقماي پەرۋاسىز ئولتۇردى.

— ئىككى ئىستاكان قەھۋە بىلەن بىر تەخسە تۇخۇم قورۇمىسى، بىر تەخسە تەرخەمەك، ئون زىخ كاۋاپ كەلتۈرۈڭ.

— قىزىق تۇيۇلىۋاتامدۇ؟

— نېمىسى قىزىق. مېنىڭچە، ئۆز يولىدا تەبىئىي ـ نورمال ئىش. جاھاندا كىشىلەر ئازادىلىك ھېس قىلىدىغان قانچىلىك ئىش بار؟ ئەگەر ئۇلار بۇ يەردە ئۆزىگە ئازاب تېپىۋالسا ھەرگىز بولمايدۇ. ئادەم خۇشاللىق ئىزدىگۇچى مەخلۇق. ئۇنىڭ كۆڭلى نەدە خۇش بولسا، شۇ يەرگە ھەسەل ھەرىسى ئولاشقاندەك مانا مۇشۇنداق توپلىنىدۇ. سىز كۇچەپ ئۆزگەرتمەن دېگەن ئادەملەرنىڭ روھى، جەمئىيەتنىڭ ئېغى ۋاقتى ـ سائىتىگە كەلگەندە ئۆز يولى بىلەن ئۆزگىرىۋېرىدۇ.

— پۇتۇنلەي پەرۋاسىزلىق. ۋىجدانسىز ئادەملەر پەرۋاسىز بولىدۇ. پەرۋاسىز ئادەمدە ئېتىقاد بولمايدۇ، شامالغا قاراپ يەلكەن چىقىرىشقا، خامىلىيوندەك ماسلىشىشچانلىققا — رەڭ ئۆز-

گەرتىشكە ماھىركېلىدۇ. مەن ئۆزۈم سۆيىدىغان سىزدەك بە
ياخشى قىزنىڭ تېخى جەمئىيەتكە قەدەم قويماي تۇرۇپ، بۇندا
بولۇپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايمەن. مەن بارلىق ھاياتىم
جېنىم بىلەن سىزنى شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىش
كە ئۆزۈمنى بېغىشلايمەن. مانا بۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك غايەم
سىز ئۇنداق بولماسلىقىڭىز كېرەك، بېلىقىز.

—مانا بۇ بىزنىڭ مىليونلىغان ئالىي مەقسەتلىك نادان، ياخشى ئادەملىرىمىزنىڭ بەختسىز خاراكتېرى. دەل مۇشۇ ئىش ئۇلارنى قانلىق تراگېدىيە ئىچىدە، ئالدانغان ئارمان، پۇشايمانلار ئىچىدە يەر يۇزىدىن يوق قىلدى. كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى، روھى-نى، ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بىرلا قۇدرەتلىك كۈچ بار، ئۇ بولسىمۇ تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتى. ئۇنى ھازىرغىچە ھېچقانداق ئىنسانىيەت ئۆزگەرتەلىگىنى يوق، بەلكى ئۆزگەرتە-مىز دېگەنلەر تەبىئەت تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلدى. تەبىئەت كەڭرى، ئۇنىڭغاقاراپ بېقىڭ: باھار، ياز، كۈز، قىش، بۇلارنىڭ ھەر بىرىدە ھەر بىر ئۆسۈملۈكتىن تارتىپ جانلىقلارغىچە شۇ پەسىلنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ياشايدۇ، جۈملىدىن ئادەممۇ شۇن-داق. مانا قاراڭ: قىشتا سىز مانا مۇشۇنداق كىيىم بىلەن ياشاپ ھايات تۇرالامسىز، قىشنى ئۆزگەرتەلەمسىز؟ پەقەت ئۇنىڭغا بوي-سۇنۇش شەرتى ئاستىدا تاقابىل تۇرۇپ ياشايسىز. ئادەملىرى-مىزنىڭ ئېڭى، روھى ھەر قايسى دەۋردە ھامان ئۇنى تاپىدۇ.

—سىزنىڭ بۇ سېلىشتۇرمىڭىز يەنىلا پەرۋاسىزلىق، بىز-نىڭ مىليونلىغان كىشىلەردىكى چۈشكۈنلۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھېچ نەرسىگە ئىنتىلمەي، زەئىپ ھالدا نېمە بولسا شۇ

دەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملىرىمىزنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش، ئۆزد-
گە تەسەللى بېرىپ، ئۆزىنى ئالداش ئۈچۈن تاپقان گېپى. سىز
دەۋاتقان پۈتكۈل كائىنات كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇم. مېنىڭ دەۋات-
قىنىم — دۇنيانىڭ بىر كىچىك زېمىنىدىكى ئادەملەرنىڭ روھى
مەسىلىسى. قېنى ئېيتىڭ، بىر زېمىندا، بىر كىلىماتتا ياشاۋات-
قان، ئوخشاش تاماق، كىيىم، هاۋا، سۇدىن پايدىلىنىۋاتقان
ئادەملەرنىڭ روھى ئوخشاش ئەمەس، تەقدىرى ئوخشىمايدۇ. بىز
چۈشكۈنلىشىپ-چىرىكلىشىپ، تۈگىشىپ كەتتۇق. كونا ئېسىل
ئەخلاقنى كونىرىدى دەپ تاشلاپ مېڭىپ، يېڭىسىنى تاپالماي
دوراپ ئاخىر يا كونىسى يا يېڭىسى يوق قەلەندەرنىڭ ئۆزى
بولدۇق. بىزدە مىللىي ئەخلاق، مىللىي مەدەنىيەت يوقالسا بىز
تولۇق يوقىلىمىز، بوغۇلۇپ، ئۆلۈپ تۈگەيمىز.

شاۋكەت هاياجاندىن بوغۇلۇپ قولىدىكى بىر ئىستاكان قەھ-
ۋىنى غەزەپبىلەن يەرگەئۇردى. كۈتكۈچى سايىدەكپەيدا بولدى.

— كەچۈرۈڭ، بىر ئاز چېچىلىپ قالدى، هېچ ئىش يوق،
— دېدى بېلىقىز خاتىرجەملىك بىلەن.

— ئىستاكاننىڭ پۇلىنى ئايرىم هېسابلايمىز.

— قانداق هېسابلىساڭ شۇنداق هېسابلا چوشقىنىڭ كۈچە-
كى. كاشىلا قىلماي كۆزۈمدىن يوقال.

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، بۇ ئاجىزلىق. بۇنداق بولغاندا
بىر مىللەتنى ئەمەس، ئالىقىنىڭىزدىكى مەندەك بىرقىزنىمۇ
ئۆزگەرتەلمەستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسىز.
ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مانا مۇنداق چوڭقۇر مۇهەببەت بىلەن سۆ-
يۈش كېرەك.

بىلىقىز شاۋكەتنىڭ قىزىرىپ ئىسسىپ كەتكەن ساقالسىز ئېڭىكىنى يۇمشاق ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ، كۆكۈرۈپ تىترەپ كەتكەن قىلىن كالپۇكىغا نازۇك، رەڭدار لىۋىنى يېنىك ياقتى. تىترەپ ئاران تۇرغان شاۋكەت بىلىقىزنى قۇچاقلاپ، مۇجۇقلاپ، ئەسەبىيلىك بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە سۆيۈپ كەتتى. بىلىقىز شاۋكەتنىڭ بېغىشىنى قاتتىق چىشلەپ يۇلقۇنۇپ چىقىۋالدى. شاۋكەت قاتتىق ھاسىراپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بېغىشىدىن سۇس قان چىقتى.

—دېمەك، سىز قۇرۇق گەپتىن باشقىغا يارىمايدىغان ئاجىز، شاكال، چاكىنا ئادەمكەنسىز. سۆيۈشنى بىلمىگەن ئادەم قۇتقۇزۇشنى بىلەمدۇ. سىز تەربىيىلىنىڭ، ئاۋۋال خەلقنى سۆيۈش كېرەك. مەنمۇ شۇ خەلقنىڭ بىرسى. سۆيۈڭ دېسە، خۇددى ئۆزىنى يوقىتىپ غالجىر ئىتتەك تالاپ ئۆلتۇرۇپ قويغىلى تاسلا قالدىڭىز. سۆيۈش ئادەمگە لەززەت ئېلىپ كېلىدىغان نەرسە. مەن بوغۇلۇپ ئۆلگىلى تاسلا قالدىم. سىز لەززەت ئالالىدىڭىزمۇ؟ كېلىڭ، بېغىشىڭىزغا سۆيۈپ قوياي، ئازابىڭىز يېنىكلىسۇن.

شاۋكەت ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بىلىقىز ئۇنىڭ بېغىشىدىكى قاننى ئالدىرىماستىن يۇمشاق شۈمىدى. بۇ يېقىملىق قىلىق شاۋكەتنىڭ سېزىمىنى قاتۇرۇپ، مەستخۇشلۇقنىڭ كەيپىنى سۈرگۈزدى. بىلىقىز لىۋىنى تارتىۋېلىپ كۈلۈۋەتتى.

—سىز بەك ئۇستا جادۇگەركەنسىز.

—بىز تېمىدىن يىراقلاپ كەتتۇق. باشقا گەپنى قويۇپ ئۆز گېپىمىزنى قىلىشىپ كۆڭلىمىزنى ئاچايلى.

—ئەمىسە، ئۆمرۈمدە ئۇنتۇلمىغۇدەك ياردەم قىلىڭ.

— قانداق ياردەم؟
— مۇھەببىتىڭىز-سۆيگۈڭىزنى دەيمەن.
— دېدىمغۇ، ھاياتىمدا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى سىز. مەن سىزنى ئۆمۈر بويى سۆيىمەن.
— ئەمىسە توي قىلايلى.
— بۇ قانداق مۇھەببەت؟
— بۇ مەڭگۈلۈك مۇھەببەت.
— پەقەت سىزنىڭ ياردىمىڭىزدىلا مەن مىللىتىمنى قۇتقۇزۇش غايىسىگە يېتەلەيمەن.
— ماقۇل، سىز بىلەن توي قىلىپ، سىز تەلەپ قىلغان ياردەمنى قىلاي. دوختۇرخانا كېسەللەر ھېساباتخانىسىدا بوغالتىرلىق قىلىش بىلەن، مۇشۇنداق قۇرۇق گەپ قىلىش بىلەن ئۆزىڭىزنى ئالداشتىن باشقا قانداق ئىش قىلماقچىسىز؟
— پارلاق مىللىي مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە ماقالە يازىمەن، تەشۋىق قىلىمەن. زاۋاللىققا يۈز تۇتقان مىللىي روھنى، ۋەيران بولۇۋاتقان مىللىي ئەخلاقنى قۇتقۇزۇش، ئۆزىمىزنى ساقلاپ قېلىش ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلىپ، كىتاب يېزىپ كىشىلەرنىڭ روھىنى ئويغىتىمەن، ئېڭىنى ئاچىمەن. مانا مۇشۇ مۇراجىئەت قىلىش يولى ھازىرقى دەۋردە ئەڭ ئېسىل ئەمەلىي ئىش، مەن مۇشۇنى قىلىمەن.
— رېئاللىق دەل بۇنىڭ ئەكسى. سىزنى رېئاللىققا قايتۇراي. سىز قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ھېچقايسىسى كىشىلەرنى ئەمەلىي نەپكە ئىگە قىلالمايدۇ. ھازىر پۇل بىلەن ھوقۇق ھەقىقىي تار دائىرىدە ۋاقىتلىق ئۆزگەرتىش قۇدرىتىگە ئىگە كۈچ.

مانا بۇ كىشىلەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.
—ئاغزىڭىزدىن بۇنداق تېتىقسىزگەپنىڭ چىقىشىنى كۈت
مىگەن ئىكەنمەن.
—بۇ مېنىڭ ئاغزىمدىكى ئەمەس روھىمدىكى گەپ، بۇنى
ماڭا هازىرقى رېئاللىق ئۆگەتتى.
—بۇنى ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇ بەك ئىپلاس روھ.
—مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئەڭ ئەمەلىي روھ، مەن سىزگ
شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئاشۇ تەشۋىقاتىڭىز مېنىڭ نەزەرىمد
هېچقانداق ئۆزگەرتىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس، لېكىن بىرسو
پۇلغا كېلىدىغان بەش نان كىشىلەرگە هاياتنىڭ قەدرىنى بىلدۈ
رەلەيدۇ. مېنىڭ ئۆزگىرىش، ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى گەپلەرنى
بۇندىن كېيىن ئاڭلىغۇم يوق. پۇل بىلەن ھوقۇق مەندە چوڭقۇر
يىلتىز تارتىۋاتىدۇ. سىز بىلەن بۇ ھەقتە ئۇنىڭدىن ئارتۇق
سۆزلەشكۇم يوق، مەن پەقەت شۇنىلا قەدىرلەيمەن.
—بىر ئوقۇغۇچىنىڭ، ئۆزىنى هازىرغىچە پاك ساقلاۋاتقان
بىر ئوقۇغۇچىنىڭ يۈرىكىنىڭ بۇنچىلىك چىرىكلىشىپ كېتىشى
نى هېچ ئەقلىمگە سىغدۇرالمايۋاتىمەن. بۇ، سىز بېلىق شۇمۇ
ياكى باشقا بىر داڭقى پۇركەتكەن سەتەڭمۇ؟
—نېمە دېسىڭىز دەۋېرىڭ، مەن بىر ئادەم.
شاۋكەت ئورنىدىن تۇردى. بېلىقىز خاتىرجەم كۇلۇمسى
رەپ ئىزىدا ئولتۇرۇۋەردى.
—ئولتۇرۇڭ، مەن تېخى سىزنى قانغۇدەك سۆيمىدىم.
—سىز مېنى سۆيمەيسىز، پۇلنى، ھوقۇقنى سۆيىسىز
—لېكىن ھەممىدىن سۆيۈملۈكى يەنىلا سىز.

بىلقىز ئورنىدىن تۇرۇپ شاۋكەتنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى، چىڭ يېپىشىپ تۇرۇپ ئالدىرىماستىن لېۋىنى لېۋىگە ياقتى. شاۋكەتنىڭ قولى بەلدىن تۆۋەنگە سىيرىلىپ كۆڭلەكنى كۆتۈردى.

— ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ، — بىلقىز شاۋكەتنىڭ قولىغا ئۇرۇۋەتتى.

شاۋكەتنىڭ غەزىپى بىراقلا تاشتى.

— سىز قانداق شايتۇن خوتۇن. مېنى ساراڭ قىلاي دەمسىز، سىرتماققا ئېسىپ قويۇپ، يا ئۆلتۈرمەي، يا بوشاتماي. ئەگەر يەنە رەت قىلسىڭىز، بولدى سىز بىلەن ئادا-جۇدا بولىمەن.

— قورقىتمەن دېمەڭ. لەززەت دەل شۇنىڭدا، لېكىن ھەر ئىشنىڭ يولى، ۋاقتى بولىدۇ.

— بەش يىل بولدى، ئەمدى ئوقۇشىڭىز تۈگەيدۇ. يا توي قىلمىسىڭىز، يا تەلىپىمگە ئۇنىمىسىڭىز، قاچان كېلىدۇ ئۇ ۋاقىت. بولدى، مېنى ئەمدى ئالدىيالمايسىز. ئەمدى بىلدىم، بىزدە ھېچقانداق ئورتاقلىق، مۇھەببەت دېگەن نەرسە يوق.

— مەن بۇرۇنلا بىلگەن.

— سىز ئەۋلىيا خېنىم.

— ھاقارەتلەشكە ھەققىڭىز يوق.

— بىزنىڭ بارلىق ساختا مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. بۈگۈندىن باشلاپ شاۋكەت سىزنى ئىزدىمەيدۇ، كۆزۈمدىن يوقىلىڭ. سىزنى تونۇمايمەن. سىز ئادەم ئەمەس، ئالۋاستى.

— بولىدۇ. خەير-خوش، بىردىنبىر ئادەم.

بىلىقىز كۆزىدىن ياش قۇيۇلغان پېتى قەھۋەخانىدىن چى
قىپ كەتتى. شاۋكەت ئىزىدا ئولتۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشـ
لىدى.

## 2

دوختۇرخانىنىڭ كېسەللەر ھېساباتخانىسىنىڭ كىچىككىنە
كامىرى ئالدىدا كۈن-تۈن ئۆچرەت ئۆكسىمەيدۇ. ھېسابچى خاـ
دىملار باش كۆتۈرمەستىن يازىدۇ، چوتنى تاراقلىتىدۇ، يەنە
يازىدۇ. كېسەللەرنىڭ بالنىستتا يېتىش-ياتماسلىق تەقدىرى مانا
مۇشۇ يەردە بەلگىلىنىدۇ. كېسەللەر ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىشتىن
ئەمەس، مۇشۇ يەردىكى چوت ئورۇقلىرىنىڭ تاراقلىشىدىن قورـ
قىدۇ. قورققان بىلەن داۋالانماي مۇمكىن ئەمەس-تە. دوختۇرـ
لار بىمارغا ئىنسانىي ھېسسىياتتا رەھىمدىل بولغىنى بىلەن، بۇ
يەردىكى ھېسابچىلار چوت ئورۇقىنىڭ ھۆكۈمىنى كەمكۈتىسىز
ئىجرا قىلىشىدۇ. ئۇلاردىكى ھېسسىيات—رەقەم، رەھىم-شەپـ
قەت بولسا چوتنىڭ ئورۇقى.

شاۋكەت باش كۆتۈرمەستىن كاماردىن تەڭلەنگەن كېسەلـ
نىڭ ھېسابات جەدۋىلىنى ئالاتتىيۇ، ئادەمنىڭ ئۆزىنى كۆرمەيتـ
تى. بەزىدە ئۇدۇل كېلىپ قالسا، كىر-ماڭگىر تۆشۈكتىن بىر
جۈپ كۆزنى كۆرۈش نېسىپ بولاتتى. تۈكلۈك قوللار، نازۇك
قوللار، ئوتتۇندىن قېلىشمايدىغان قوللار... تاراقلاپ سوقۇلىدىغان
چوت ئورۇقى، شىرتىلداپ يېزىلىدىغان رەقەملەر...

بىر نازۇك قول تەگلەندى. شاۋكەت ھېسابات جەدۋىلىگە ئوخشىمايدىغان قەغەزنى زەردە بىلەن ئېلىپ ئاچتى: "بىردىنبىر ئادەم ئالۋاستى، سىز بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈپ خوشلاشقىلى كەلدى. بۇ، ئالۋاستىنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى."

شاۋكەت كامارىدىن قارىۋىدى، كۆز كۆرۈنمەي، تەگلەنگەن قولنىڭ بىلىكىلا كۆرۈندى. ئۇ قەغەزنى ئالدىغا تاشلاپ، ئۇستەلگە يۆلىنىپ، بېلىنى رۇسلاپ تاماكا چەكتى. ئارقىدىن يەنە شۇ قەغەزنىڭ ئۆزىگىلا: "يېرىم سائەت ساقلا" دەپ يازدى-دە، پۈرلاپلا نازۇك قولغا تۇتقۇزۇپ قويدى. قول كامارىدىن تارتىلىپ، ئورنىغا يەنە بىر قول سوزۇلدى.

قۇياشنىڭ ئاخىرقى ئوت رەڭ نۇرلىرى تۇتۇرگى تېغىنىڭ چوققىلىرىنى نۇرغا پۈركەپ، پەستىكى بوستانلىقلاردىن ئاستا-ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى. تاغ باغرىدىكى تاقىرساي تەرەپتىن قورغاق سالقىن شامال كەلدى. بېلىقىز ئېگىز تۆپىلىكتىكى قاراخانىيلار زامانىدىن قالغان يوغان، سىلىق كۆك تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، قۇياش بىلەن ئاخىرقى قېتىم سۆيۈشۈۋاتقان چوققىلارغا ھەۋەسلىنىپ قارايتتى.

—ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ستۇدېنت خانىم، ئەپۇ قىلىسىز، يېرىم سائەتتە چىقىمەن دەپ، ئىككى سائەت ساقلىتىپ قويدۇم.

بېلىقىز نازۇك قولىنى تەگلەپ كۈلۈپ كەلدى. شاۋكەت سوغۇقلا قول سۇندى.

—تاڭ ئاتقىچە كەلمىسىڭىز مۇشۇ تاشتا ئولتۇرۇپ ساقلايتتىم. كەلمىگەن بولسىڭىزمۇ ھامان كۆرۈشمەي قويمايتتىم. بىز خۇشلىشىشىمىز كېرەككقۇ؟

—بىراق ئىختىيار مەندە ئەمەس. مېنىڭچە، بىز خوشلىشىپ بولغان. قانچىلىك زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى چۈشەنمىدىم.
—ئادەم ھەممىنى ئۆزى ئويلاپ چۈشىنىۋالمايدۇ. سەل تۇرۇپ چۈشىنىپ قالىسىز.
—ھەر قانداق نەرسىنى سىزنىڭ چۈشەندۈرۈشىڭىز بىلەن چۈشەنگىم يوق. مەن بىر غايىلىك ئادەم. مۇشۇ زېمىننىڭ تۇزىنى يەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بەختىنى ئويلىمىسام مەن قانداقمۇ ئادەم بولىمەن. بۇ تۇپراق ئۆزىنىڭ چەكسىز ئاق كۆڭۈللۈكى، چىداملىقى، سەۋرچانلىقى ئاخىر يەنە ئامالسىزلىقىدىن ئادەمدىن كۆپرەك ھايۋاننى بېقىۋاتىدۇ. ھايۋان پەقەت ئۆز نەپسىنى —قورساق تويغۇزۇشنىلا بىلىدۇ. مەن ئۆزۈمنى ئادەم ھېسابلىسام، قورسىقىمدىن باشقا ئاشۇ يىراقتا سوزۇلۇپ ياتقان تۇتۇر-گى تېغىنى، چاقماق دەرياسىنى، ئۇنىڭ باغرىدىكى چەكسىز دالىنى ئويلىشىم كېرەك.
—سىز دەۋاتقان بۇ زېمىندىكى ئۆزىنىلا سەمرىتىدىغان چارۋىلار ئىچىدە مەنمۇ بولسام كېرەك، دەپ ئويلايمەن.
—بۇنى سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق.
—لېكىن بۇ زېمىندىكى سىز ھايۋان ساناۋاتقانلار بىكارغا يەۋاتقىنى يوق، ئۇ ئۆز ئەجرى بىلەن ھالال يەۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزگۆ-شىنى بېرىش بەدىلىگە قورسىقىنى بېقىش پۇرسىتىگە ئىگە. لېكىن شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي: دەبدەبىلىك قۇرۇق، يالتىراق شوئار گەپلەر بىلەن ئۆزىنى ئالداپ ياشىغاندىن ئاشۇنچىلىك بولسىمۇ ئەجىر قىلىپ جان ساقلاشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مۆجىزە. قۇرۇق گەپچىنىڭ قولىدىن مەڭگۇ ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ، بۇ

ئۆلمەس ھەقىقەت.

— سىز دەۋاتقان يىرگىنىشلىك جان بېقىش ھەقىقەتى ئى-چىگە پۇلدىن ئىبارەت سىزنىڭ مۇقەددەس ئېتىقادىڭىز چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

— ئەلۋەتتە. يەنىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىۋېلىڭ، يەنە ھو-قۇقمۇ بار.

شاۋكەت بىردەمگىنە جىم تۇرۇۋالدى، ئۇ ئۆزلۈكسىز لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى.

— ئوقۇغۇچى، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئاتلىماي تۇرۇپ جەمئىيەتنىڭ ئىپلاسلىقلىرىنى بۇنچىۋالا يۇقتۇ-رۇۋېلىشى تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ.

— شۇنى بىلىپ قېلىڭكى، ئەمەلىيەتتە سىزنى شۇنچىۋالا يىرگەندۈرۈۋاتقان، ئۆچمەنلىكىڭىزنى قوزغاپ سۆزلىتىۋاتقان، قاقشىتىۋاتقان دەل مۇشۇ نەرسە. ئەگەر ئۇنەرسىلەر ھازىر سىز-دە بولغىنىدا ئىدى، مانا مۇشۇ يەردە سىز دەل ئەكسىچە گەپ قىلغان بولاتتىڭىز، ھەتتا سۆزلەپ ئولتۇرمايتتىڭىز. تارىخ دەل سىزگە ئوخشاش مىللەت ھەققىدە توختىماي قۇرۇق پو ئاتىدىغان-لارنىڭ پۇل بىلەن ھوقۇققا ئېرىشكەندىن كېيىنلا شۇ نەرسىلەر-نىڭ سادىق قۇلىغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى تەكرار ئىسپاتلى-دى. ئۇلار ئەسلىدە شۇ نەرسىگە مۇتتەھەملىك بىلەن ئېرىشىش-نى ئاڭلىق-ئاڭسىز ھالدا ئۈمىد قىلىدۇ. پۇل بىلەن ھوقۇق-سىزلىق رەزىل ئاپەت، جىنايەت. ئۇ بولمىسا ئادەم ئادەمدەك ياشىيالمايدۇ.

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ. بۇنداق ھاقارەتلىرىڭىز ئۆزىڭىزگە

تېگىشلىك. سىز بىلەن بۇنداق سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشقا ھېچ-
چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. باشقا گېپىڭىز بولسا دەڭ، بولمىسا
يولىمىزغا ماڭايلى.

— بولىدۇ. ھازىر دېمەكچى بولۇپ تۇراتتىم، ياخشى دېدى-
ڭىز، خىزمەت تەقسىماتىمىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ئۈچۈن
پۇلغا ئىگە بولماقچى. بەش يىللىق پاك مۇھەببىتىمىز، سىزنىڭ
بەش يىلدىن بۇيانقى ئەسەبىي ئارمىنىڭىز، سىز بىلەن ئاخىرقى
كۆرۈشۈشىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن، بۈگۈن كېچىنى قەھۋەخا-
نىدا سىز بىلەن ئۆتكۈزىمەن.

شاۋكەت ئاشۇ ئۆلۈك تاغدەك جىمىپ كەتتى. خېلىدىن
كېيىن، يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىگەندەك پەس ئاۋازدا دېدى:

— سىز ئالجىپسىز. شۇ تاپتا سىزنىڭ كاللىڭىزنىڭ نور-
مال ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. مەن بىر قورقۇنچلۇق
چۈش كۆرۈۋاتامدىغاندىمەن؟

— نېمىدەپ چۈشەنسىڭىز ئىختىيارىڭىز. مەن قارار قىلىپ
بولدۇم. بەش يۈزكوي ئېلىپ ھېلىقى قەھۋەخانا ئالدىغا بارد-
سىز، يەنە بىر سائەتتىن كېيىن شۇ يەردە سىزنى ساقلايمەن.

— توختاڭ، مەن سىزنىڭ قەلبىمدە مەڭگۇ پاك ياشىشىڭىز-
نى ئۈمىد قىلاتتىم. ئاتا-ئانىڭىز ناھايىتى پۇلدار ئادەملەرغۇ؟

— مۇستەقىللىق ئەڭ ئاۋۋال ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىدە بو-
لۇش كېرەك. مەن بۇنى ناھايىتى كىچىكىپ چۈشەنگىنىمدىن
ئەپسۇسلىنىمەن. شۇ ھېسسىياتقا كەلگەندىن باشلاپ، ئاتا-ئانام
مەيلى يامبۇدا ئىشلىك تاقىسۇن، مەن ئۆز تۇرمۇشۇمنى ئۆزۈم
باشقۇرىمەن، مۇستەقىل ياشايمەن دېگەن ئىرادىگە كەلگەنىمەن.

ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە، نەۋرە كۆرگىچە ئاتا-ئانىغا يۆلە-
نىپ ياشاش ئىنسانىيەت ئىچىدە پەقەت بىزدىلا قالغان رەزىل
تراگېدىيە. ئەمدى بۇ تراگېدىيىدە رول ئالمايمەن.
— باشقا يول تۇتقىلى بولماسمۇ؟
— كۆپ پۇل تېپىشنىڭ ھەرقانداق يولى پاك ئەمەس، بۇل-
غىنىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. يىرگىنىشلىك بولغاچقا، ئۇ
بەك قۇدرەتلىك. مېنىڭ ھازىرچە ئويلاپ تاپالىغان يولۇم مۇشۇ.
يەنە ئويلاۋەرسەم كېچىكىمەن. خوش ئەمىسە، سىزنى ساقلاي-
مەن.
قىزگېپىنى تۈگىتىپ كېتىپ قالدى. ئۇ تۆپىلىكتىن يې-
نىك مېڭىپ بارغانچە پەسلەپ يىراقلىدى. شاۋكەت ئۇنىڭ ئار-
قىسىدىن بېشىنى سېلىپ قاراپ تاماكىسىنى كۆچەپ شورىدى.
— ھەي...ي، بارمىسام بولامدۇ؟
قىزقايرىلىپ بوستان چاچلىرىنى سىلكىدى.
— ئۆزىڭىزدىن سوراڭ. بىرسائەت ساقلايمەن. بارمىسىڭىز
ئۆزىڭىزنىڭ شورى.
قىز كېتىپ قالدى، ئالەم كېتىپ قالدى، سوزۇلۇپ ياتقان
ئاشۇ تاغلار كېتىپ قالدى. قىران دەرياسى، چاقماق دەرياسى،
تۇمەن دەرياسى... ئۇلارنىڭ باغرىدا ئۆسكەن گۈزەل بوستانلار
ئەنئەنىۋى ئۇلۇغ ئېقىندىن يېڭى دۇنياۋى ئارىلاشما ئېقىمغا قا-
راپ ئەنە شۇنداق كەتتى. بۇ كېتىش ھەققىدە ھازىر ھېچكىم
ئېنىق، توغرا ھۆكۈم قىلالمايدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭغا ئەڭ
ئۇلۇغ، توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان ئىگىسى بار.
— كەلدىڭىزمۇ؟

—بىلىق، جىنىم بىلىق، مەن نومۇستىن ئۆلەي دەۋاتە- مەن. سىز نېمە بولۇپ كېتىۋاتىسىز، جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟

—ئەكىلىڭ، پۇلنى، ھە، ئەمدى ياخشى بولدى. بۇ پۇل جىقكەن. دېگىنىم ھېساب، سىزدىن ئارتۇق ئالمايمەن. سىزنىڭ بۇنچىلىك پۇلىڭىز يوق، چوقۇم مەرد ئاغىنىڭىزدىن قەرز ئالدى- ڭىز. ھازىر پۇل ئۆتنە بېرىدىغان ئاغىنە تاپماق تەس، ئۇنى قەدىرلەڭ. جۇرۇڭ، بۇگۇن كېچە پۈتۈن دۇنيا بىزنىڭ.

قىز شاۋكەتنىڭ قولىدىن سۆرىگەنچە بۆرىنىڭ كۆزىدەك پالدىرلاپ تۇرغان چىراغلار ئارىسىدىكى قەھۋەخانا ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى.

### 3

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇچيۈز ئاتمىش بەش كۈندە سىز قانداق ياشىغانسىز؟ بۇ كۈنلەر ئىچىدە ياشاشنى ئاخىرلاشتۇرغان- لار بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. بۇ دۇنيانىڭ بارلىق يوقۇندىلى- رىنى يوغۇچىلار يۇيۇپ تازىلاپ يولغا سالدى، ئەمما روھىدىكىنى تازىلاش بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

دوختۇرخانا يېڭىدىن سېلىندى. ھېساباتخانا تاملىرى ئەي- نەك بىلەن ياسىلىپ، ئىچىدىكىلەر سىرتتىكىلەر بىلەن بىمالال سىنچىلاپ كۆرۈشەلەيدىغان قىلىندى. شاۋكەت چوت ئۇرۇقى بىلەن رەقەم، جەدۋەللەرنىڭ ئىچىدە ياشىدى. ئۇنىڭدىن باشقا

ئۇنىڭ ئاشۇ ئەقىدىلىرى، ئېتىقادى، پارائگىلىرى يەنە ئۇنىڭ بىلەن ياشاپ كەلمەكتە، ئولتۇرسا-قوپسا سۆزلەيدۇ، قاقشايدۇ، نەپرەت ئوقۇيدۇ.

بېلىقىز ئۇنى سېغىنىپ كەلدى. ئۇ تېخىمۇ ھۆسىنگە تولۇپ، گۈزەللىشىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن نۇر يېغىپ كەتكەندى. ئۇ ھېساباتخانىغا قاراپ كەلمەكتەئىدى. ھېساباتخانا ئالدىدا بىر توپ ئادەم توپلىشىۋالغان، بىر داد-پەرياد ئەتراپنى زىلزىلىگە سالماقتا، كىشىلەر ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشماقتا ئىدى. بېلىقىز توپ ئارىسىنى كۆردى. سېمونت پولغا قان يامرىغانىدى. بىر ئادەم تاتارغان ھالدا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ يوتىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئىككى تال كالتا تاختايدەك ياپىلاق بولۇپ قالغانىدى. ھېلىقى ئادەم توختىماي دادلايتتى:

—ۋايجان... ۋايجان مۇسۇلمانلار، مەن ئۆلۈپ كەتمەي... مەن ئۆلۈپ كەتمەي. چۆچۈرىدەك بەش بالام يېتىم قالمىسۇن. ماڭا رەھىم قىلىڭلار... بالىلىرىمغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن. مېنىڭ پۇلۇم بار. مەن گۈلچى. ئوتتۇز مىڭ كوي پۇلۇم بار. ماڭا ئىشىنىڭلار ...ۋايجان، مەن تىرىكلا قالسام ئۇن ھەسسە قايتۇراي...

قان توختاۋسىز چىقماقتا ئىدى.

—ئۇنى جىددىي قۇتقۇزسا بولمامدۇ؟

—بەش يۈز كوي بولمىسا، قوبۇل قىلمايدىكەن. بۇ بىچارىنىڭ يانچۇقىدا يەتمىش كوي بار ئىكەن. پۇل چىقىرىدىغان ئادەم يوق. ماشىنىغا باستۇرۇۋەتكەن مۇناپىق قېچىپ كېتىپتۇ. سايدا بولغاندىكىن قۇتۇلاي دىگەن ئوخشايدۇ بەدبەخ. باشقا بىر شوپۇر ئالغاچ كەپتۇ.

بىلىقىز يەنە كۆرۈپ تۇرۇشقا چىدىمىدى. ھېساباتخانىنىڭ ئەينەك تېمى ئالدىغا كەلدى. ساقاللىق شوپۇر ۋارقىرىماقتا ئىدى:

—ئەي سىلەر ئادەممۇ نېمە. يېنىمدا ئىككى يۈز كوي بار ئىكەن. ئۇ ھازىرلا ئۆلىدۇ. بارنى ئېلىپ ۋاقتىدا قۇتقۇزسائىلار ئۇن ھەسسە دېسەڭلارمۇ بېرەي، مەن بېرەي. ئۇنى قۇتقۇزساڭ-لار... ئەستاغپۇرۇللا... ئۇ تېخى ياشكەن، بالىلىرى بار ئىكەن. پۇلىمۇ بار ئىكەن. ئادەمنىڭ يانچۇقىدا دائىم جىق پۇل بولامدۇ؟

شاۋكەت جوغدا بېشىنى سىلكىپ تەك ۋارقىرىدى:

—سىلى ئۇنداق دەپ ھازىر ئېلىپ قويغان بىلەن، كېيىن ئىگە بولىدىغان ئادەم چىقمايدۇ، مەن تۆلەمدىم ئاندىن. بۇنداق ئىشتىن كۆرمىگىنى كۆرۈپ، نەچچە قېتىم ئېغىر كەن دەپ ئې-لىپ قويۇپ، ئاخىر ئىگە چىقماي پۇل مېنىڭ گەدىنىمگە چۈش-كەن. ئىشقىلىپ بۇ ئىشنى بېجىرەلمەيمەن. باشلىقتىن تەستىق ئەكەلسىلە، ھازىر ئالاي.

—ئوبدان ئۇكام، باشلىقنى تېپىپ تەستىق ئېلىپ بولغۇچە كېسەل ساقلامدۇ. رەھىم-شەپقەت دېگەننى بىلەملا ئۆزلىرى.

—ھە، بىلمەيمەن، قانداق؟!

شاۋكەت ناھايىتى قوپال ۋارقىرىدى. شوپۇر توپلانغان خالا-يىققا ۋارقىرىدى:

—مۇسۇلمانلار، سىلەرنىڭمۇ بالا-چاقاڭلار باردۇر؟ ما بىر مۇسۇلماننىڭ جېنىنى قۇتقۇزايلى. باش-كۆزۈڭلارنىڭ سەدىقى-سى بولار، ئاتىغىنىڭلارنى تاشلاڭلار...

ھەممەيلەن ئالدىراپ يانچۇق كولاشتى.

— بولدى مەن بېرەي.

بېلىقىز چىرايلىق سومكىسىدىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ شاۋكەتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— بىرتوپ ئەر تۇرۇپ بىر ئايالچىلىك بولالمىدۇق، — دېدى شوپۇر ژايساپ.

شاۋكەت دەسلەپ دىققەت قىلمايلا پۇلنى ئالدى، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بېلىقىز...

— چاپسان بولۇڭ، كېسەلنىڭ ئەھۋالى چاتاق.

— ئۇ ئادەم سىزنىڭ...

— ھەئە، مېنىڭ دادام شۇ.

رەسمىيەت ئۆتەلدى، كېسەل قۇتقۇزۇش كارىۋىتىغا جايلاشتۇرۇلغاندا نەپەستىن قالدى. ئۇنىڭ قېنى كارىدۇر بويلاپ ئاققانىدى. بېلىقىز ئادەمدىن شۇنچىۋالا كۆپ قان چىقىدىغانلىقىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

شاۋكەت دوختۇرخانا ئالدىغىچە بېلىقىزنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ چىقتى.

— بىز مۇڭداشساق بولاتتى، نۇرغۇن گەپلىرىم بارئىدى.

— مىللەت ھەققىدىمۇ؟

— دەل شۇنداق. كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز، — ئېچىلىپ يايراپ كەتتى شاۋكەت.

— ئەسلىدە مۇڭداشماقچىدىم، بولدى، موڭداشمايلا قويايلى.

— خىزمەت تەقسىماتىڭىز قانداقراق بولدى؟

— ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ-دە.
— توي قىلدىڭىزمۇ؟
— ياق تېخى. يىگىتلەر جىق، لېكىن ئەركىنكىنى تاپماق تەس بولۇپ كەتتى، شۇڭا تېخى تالالاۋاتىمەن.
— يەنە پۇل...
— شۇنداق، پۇل ئادەمگە دائىم ئېھتىياجلىق نەرسە.
— بۇ ياققا نېمە ئىش بىلەن كەلگەنتىڭىز؟
— سىزنى سېغىنىپ. سىز بىلەن مۇڭداشقىلى.
— ئەمىسە نېمىشقا ھازىرلا كېتىسىز؟
— بۇ سىزگە بەكمۇ ئايدىڭ. مانا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قانغۇدەك مۇڭداشتۇق. مەن ھازىرلا قايتىپ كېتىمەن.
بېلىقىز تاكسى توسۇپ چىقىۋالدى.
— خەير، كېسىپ ئېيتىمەنكى، بۇ بىزنىڭ تىرىكلىكىمىزدىكى ئاخىرقى كۆرۈشىشىمىز بولۇپ قالىدۇ.
— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ. مەن يېڭى پىكىر، قاراشلىرىمنى سىزگە يېزىپ ئەۋەتىمەن. قايسى كەسىپتە ئىشلىدىڭىز؟
— ئۇسۇملۇك تەتقىقات مەركىزىدە. خەت يازسىڭىز تەگمەيدۇ، شۇڭا ھاجەتسىز.
ماشىنا غۇيۇلداپ كېتىپ قالدى. بىردەمدىلا ساناقسىز ماشىنىلار ئېقىنى ئىچىگە سىڭىپ پەرق ئەتكىلى بولماي قالدى.
شاۋكەت تاماكىسىنى لېۋىگە يېقىن ئەكىلىپ كۇسۇرلىدى:
— ھۇ، سېسىق ئالۋاستى جالاپ، ھالىڭنى كۆر، — دېدى دىمىغىنى قېقىپ.
1991-يىل 20-ئىيۇل، قەشقەر.



# تۈگىمەس ئازاب

دۇنيادا دەردسىز ياشايدىغان ئادەملەرمۇ بولامدىغاندۇ؟ ھەر تەرەپلىمە پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولساق، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئوخشايدۇ. بەختلىكلەرنىڭمۇ، بەختسىزلەرنىڭمۇ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن دەردى بولىدىكەن.

مەن يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن زېرىكىشلىك بىر يىغىندا، ئادەتتىكى كىشىلەر ئەيمىنىپ يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان خېلى نامى بار ئايال ئەرباب بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ مەن بىلەن ناھايىتى قىزغىن سۆھبەتتە بولدى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن گەپ سورىدى. سوئاللىرىغا قىسقىلا جاۋاب بەردىم. بىراق ئۇ توختىماي ئۇنى-بۇنى سوراۋەردى. مەن جاۋاب بېرىپ ئۈلگۈرگىچە ئۆزى ناھايىتى تەپسىلىي، ئىنچىكە چۈشەندۈرۈپ كەتتى. ئۇنى مەن كىشىلەرنىڭ تولىمۇ ئېغىر-بېسىق، كەم سۆز، سۈرلۈك دەپ تەرىپلىگىنىنى ئاڭلىغان، ئۆزەممۇ نەچچە رەت ياندىپ ئۆتۈش جەريانىدا ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن سالاپەتلىك بىر ئايال ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىم. ھازىر ئۇنىڭدا

بۇنداق تەبىئىي مىجەزلەردىن ئەسەر يوق دېيىشكە بولاتتى. ئۇ سۆزلەپ-سۆزلەپ گېپى تۈگىگەندە بىر پەس جىمىپ قالدى. كېيىن يەنە، مېنىڭ قورۇنۇپ ئاران دېگىندەك ئولتۇرغان تۇر-قۇمغا قاراپ پىخىلداپ كۈلۈۋېتىپ، دەسلەپ قانچە ياشقا كىر-گەنلىكىمنى، ئاندىن توي قىلغان-قىلمىغانلىقىمنى سورىدى؛ توي قىلمىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن، سۆيگۈنۈمنىڭ بار-يوقلۇقىنى سورىدى. ئالىقىنىمدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ تۇرۇ-شۇمغا، پېشانەمدىن ساقىغان تەر قاشلىرىم ئارقىلىق كۆزۈمگە چۈشۈپ كۆزۈمنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. ئۇ، يانچۇقىدىن ئېسىل ئەتىر پۇرىقى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان قول ياغلىقىنى چىقىرىپ تەرلىرىمنى سۈرتۈپ قويدى. مەن ھودۇققىنىمدىن قولۇمنى كۆتۈرۈۋىدىم، ئۇ قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. بۇنى كۆرگەن يىغىن ئەھلىنىڭ نەزەرى بىز تەرەپكە ئاغدى. ئىزادىن خودۇمنى يوقاتتىم. پۈتۈن ئەزايىمدىن تەر تەپچىرەپ كىيىملىرىمنى چۆپ قىلىۋەتتى. شامالدۇرغۇچتىن چىققان شا-مال غۇلۇمغا ئۇرۇلۇپ خېلى سەگىتكەن بولسىمۇ، ۋۇجۇدۇم ئوت ئىچىدە قالغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ ئىنتايىن خاتىرجەم ھالدا:

—يىگىت، نېمانچە ھودۇقىسىز؟ مەن سىزنىڭ ئانىڭىز ئورنىدا ئەمەسمۇ، ئانىنىڭ بالىنى ئەركىلەتكىنى بىلەن ئوخشاش-لا بىر ئىشقۇ بۇ. مېنىڭ سىزگە مەسلىكىم كېلىپ قالدى. سۆيگۈنىڭىز بولسا بەك ياخشى. ئۆزىڭىزمۇ كېلىشكەن يىگىت بولغاندىكىن چىرايلىق قىز تاللىغانسىز. بىراق مېنىڭ ئويلى-شىمچە، ئۇنداق بولۇشىمۇ ناتايىن. بولدى، يىغىن ئاخىرلىشىپ

قالدى. بۈگۈن كەچتە مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىڭ، تاماق يېمەي بېرىڭ، بىللە تاماق يېگەچ ئوبدان بىر پاراڭلىشۋالايلى، — دەپ ئورنىدىن تۇردى-دە، مامۇقتەك ئاق، يۇمشاق قوللىرى بىلەن ئېڭىكىمنى سىلاپ ئەركىلىتىپ قويۇپ، ئىللىق كۈلۈمسىرىگە-نىچە خوشلىشىپ، يېنىمدىن ئايرىلدى.

ئۇ شۇ تۇرقىدا ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان، سەمرىپ تولغان بولۇپ، ئۆز دېمەتلىكلىرى ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق ئاياللاردىن دېيىشكە بولاتتى. ئىچىمدە، ئۇ قىز ۋاقتىدا قانچە چىرايلىق بولغىيتتى، ھازىرقى ئەپتىمۇ ياش قىزلاردىن قېلىشمايدىكەن دەپ قالدىم. ئۇ جوزا ئارىلاپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىۋېتىپ، يېنىدىكى ئايال كاتىپىغا مېنى كۆرسىتىپ:

— قاراڭ، نېمىدېگەن چىرايلىق يىگىت بۇ، ئەخلاقى چىرا-يىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىكەن. ئۇنىڭ ئالماقچى بولغان قىزىغا ھەسەت قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ. ھى...ھى...ئىھ، ئاۋۇ ياراش-قان بۇرۇتلىرىچۇ، تىپىك ئۇيغۇر بالىسى ئىكەن، — دېۋىدى، كاتىپىمۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— پۈتۈشتۇق ئەمىسە، كەچتە چوقۇم بېرىڭ، ماشىنامنى ئەۋەتىمەن، — دېدى ئۇ سىرتقا چىققاندا يەنە جىكىلەپ.

— شۇ ئان يۈرىكىم "جىغ" قىلىپ كەتتى. بايا ئۇنى ئادەم-گەرچىلىك يۈزىسىدىن تەكەللۇپ قىلىپلا قويدى دەپ ئويلىغان ئىدىم. مانا ئەمدى رەسمىي تەكلىپ قىلغىنىنى بىلىپ قاتتىق ئوڭايسىزلاندىم. تاماق يېمەي بارغىدەكمەن تېخى، ئىشىك تۈۋ-دە ساقلاپ تۇرسام ئالدىمغا ماشىنا ئەۋەتىدىكەن. ئۇ نېمىشقا ماڭا بۇنچىۋالا يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىدۇ؟ سەن ھاياتىڭكى ئاددىي

بىر ئادەم چوڭ ئەربابلار بىلەن تولا ئاپاق-چاپاق بولۇپ كەتسەڭ كىشىلەر دەرھال گۇمانلىنىدۇ. ئۇلار سېنى قوغلاۋاتقاندا سەن ئۆزەڭنى قاچۇرساڭ ھاماقەت ئاتىلىشىڭ، قەددىڭ پۈكۈلۈشى ياكى يېتىم قېلىشىڭ مۇمكىن. ”ئۇ ماڭا نېمانچە يېپىشىدىغاندۇ؟ ياكى مەندە مەنپەئەتلەنگىدەك بىرنېمە بولمىسا... مەندەك بىر ئاددىي خىزمەتچىدىن ئۇ نېمە ئىزدەيدىغاندۇ؟ ۋە ياكى بويىغا يېتىپ قالغان قىزى بولسا مېنى شۇنىڭغا... ياق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق يۇقىرى تەبىقىنىڭ ئەركە نايىنىقى بىلەن چىقىشالىشىم مۇمكىن ئەمەس. ۋۇي، مەن نېمىنى ئويلاۋاتىمەن؟ مۇشۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلىشىممۇ ئايگۈلۈم ئۈچۈن خىيانەت ئەمەسمۇ؟ مەن مۇشۇ خىياللارنى قىلىۋاتقاندا، ئايگۈلۈم نېمىنى ئويلاۋاتىدىغاندۇ... ئەگەر ئۇ ئايال...“ مەن قانچە ئويلاپمۇ خىيالىمنىڭ ئاخىرىنى ئۇلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

ئۆيۈمگە قايرىلىدىغان كوچا دوقمۇشىدا بىر كىچىك كىنوخانا بار ئىدى. ئادىتىم بويىچە كىنو ئېلان تاختىسىغا قارىدىم. كۆزۈم ”ھېكايە فىلىم ‹ئۈچ ئېلىش›،“ دېگەن خەتكە چۈشۈپ، يۈرىكىم غايىۋانە بىر سېھرىي كۈچنىڭ ئىسكەنجىسىدە ”جىغ“ قىلدى. بۇ مەن كۆرگەن كىنو بولۇپ، ئۇنىڭدا مىللىي ئازادلىق جەڭچىسى مودىۋەندىن ئۆلگىدەك قورقىدىغان ۋەتەن ساتقۇچلار بىلەن نېمىس فاشىستلىرى ئۇنىڭ كىچىك ئوغلىنى تۇتۇپ ئۈچ ئالغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلەتتى. ”ئۈچ ئېلىش“ دېگەن بۇ سۆزنىڭ كۆلەڭگىسىلا تېگى كۆرۈنمەس قورقۇنچلۇق ھاڭغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن ئىپلاسلىق، رەزىللىك، ياۋۇزلۇق، ئەسكىلىكنىڭ

ھىدى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆيگە كىردىم، تالاغا چىقتىم، يەنە ئۆيگە كىردىم، يەنە تالاغا چىقتىم. ئۆي بىلەن تالانىڭ ئارىلىقىدا تولا قاتراپ پۇتلىرىم تالدى. چارچاپ ھالىمدىن كېتەي دېدىم. ئۇھ ...ماڭغان بۇ يولۇمنىڭ كالتا، قالايمىقانلىقى كاللامدىكى چېگىش، باش-ئاخىرى يوق خىياللارنىڭ پۈتۈم ئارقىلىق يەر يۈزدگە چۈشكەن كۆلەڭگىسى. ئەگەر بۇ يوللارنى بىر-بىرىگە ئۇلىسا مەندىن 180 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر يېزا دوختۇرخانىسىدا ئاغرىقلارنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاۋاتقان ئايگۈلۈمنىڭ يېنىغا پىيادە بېرىش مۇمكىن ئىدى. ماشىنىنىڭ تەكرار بېرىلگەن سىگنالى زىغىر پاخىلىدەك كاللەكلىشىپ كەتكەن خىيال يىپلىرىمنى پۈرلىغانچە ئاپىرىپ يۈرىكىمگە قاپساپ قويدى. مەن ماشىنىدا ئولتۇردۇممۇ ياكى چىش تارتقۇچىنىڭ ئامبۇر تەڭلىنىپ تۇرغان ئۈستىلىدە ئولتۇردۇممۇ بىلمەيتتىم.

بۇك-باراقسان قارىغاي-ئارچىلار ئارىسىدىكى پاياندار سېلىنغاندەك تارغىنا يولدا كېتىۋاتىمەن. گويا پىلسىراتتا مېڭىۋاتقاندەك پۇتلىرىم تىترەيدۇ، شۇنداقلا مۇدۇرلۇپ كەتسەم دوزاخقا چۈشۈدىغاندەك ياكى قان-يىرىڭ دەرياسىغا موللاق ئاتىدىغاندەك ئىنتايىن قورقۇنچ ۋە ئېھتىياتچانلىق ئىچىدە كېتىۋاتىمەن. كۆزۈم ئالىچەكمەن بولىدۇ، تېنىم ئەيمىنىدۇ. كىرىپ كېتىۋاتقىنىم كىنولاردىلا كۆرگەن ياۋروپالىقلارنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى داچىلىرىدەك قورۇ-جاي ئىدى. خۇش پۇراق دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ، بۇككىدە ئارچىزارلىق ئارىسىدا ئازادە، بىر قەۋەتلىك بىر يۈرۈش ئۆي قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. مەن يۇمشاق پاياندازغا دەسسەپ كارىدورغا كىرىشىم بىلەنلا يۈرىكىم ”قارت“ قىلدى،

تېنىمنى پۆژژىدە تەر باستى. چۈنكى جەننەت ھۆرلىرىدەك نازا-
كەتلىك ساھىبجامال بىر قىز بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ئۇ گويا
ئۆي ئىگىسى ئايالنىڭ كىچىكلىتىپ قويۇلغان تۇرقى ئىدى. ئۇ
ماڭا ئەدەپ بىلەن سالام قىلىپ ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن،
كەينىگە يېنىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

شوپۇر مېنى ئازادە بىر خانىغا باشلاپ قويۇپ، ئۆزى سىرتقا
ماڭدى. بۇ شۇنچىلىك ئېسىل بېزەلگەن مېھمانخانا ئىدىكى،
ئىچىدىكى بىساتلار شۇقەدەر رەتلىك، تامغا تارتىلغان ئوتقاشتەك
گىلەملەر ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى.
دەسلەپ كۆزۈم چۈشكىنى چوققىلىرى ئاپئاق، باغرى ياپيېشىل
تەڭرى تېغى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئەگىپ پەسكە ئىنتىلىۋاتقان بۈر-
كۈتمۇ ياكى شۇڭقارمۇ نامەلۇم بىر قۇش؛ ئاستىدا ئورمانلىقنى
ئارىلاپ ئېقىۋاتقان بىر تەبىئىي ئېقىن، سۇ بويىدا، بىرى،
بەخىرامان ئوتلاپ يۈرگەن، يەنە بىرى، تۇمشۇقىنى مەخمەلدەك
ئوتقا تىرىگەن ھالدا كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ چالا ئۇيقۇدا ياتقان
بىر جۈپ بۇغىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گىلەم بولدى. شىمال
تامدىكى گىلەمگە بىرتەرىپى ئاپئاق قارلىق چوققا، بىر تەرىپى
يېشىل قارىغايزارلىق، سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك بۇغدا كۆلى؛
جەنۇب تامدىكىسىگە قەدىمىي ئانا دەريا تارىم، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
ھەيۋەت تاغلار، يېشىل چىمەنزار، بىپايان قۇملار...غەربىي تام-
دىكىسىگە ئالمىلىق بىلەن ياپيېشىل يايلاق باغرىدا ئۆركەشلەپ
مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن
چۈشۈرۈلگەنىدى. ۋاھ! بۇ كارامەت سىمۋوللۇق ئېسىل گىلەملەر
قايسى بىر قولى گۈل ئۇستىنىڭ يۈرەك قېنى بىلەن پۈتكەندۇ!

؟ بۇ، مەن خېلىدىن بۇيان كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان يۇرتۇمنىڭ
گۈزەل تاغ-دەريالىرىنىڭ سىماسى ئەمەسمىكىنە؟!...
ئۈستۈمدىكى ھېلىقى غەم تاغلىرى قاچان غۇلاپ كەتكەن-
ىكىن، ئۆزۈمنى شۇنچە بەھۇزۇر ھېس قىلىپ، دىۋاندا كېرىلىپ
ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن. شىپىرلىغان ئاياغ تاۋۇشى مېنى خىيا-
لىي دۇنيادىن رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى. غەم-قايغۇنىڭ ئې-
غىرتېغى ئىشىكتىن يەلپۈنۈپ كىرگەن ئەتىر ئارىلاش ھاۋاغا
قوشۇلۇپ يەنە يەلكەمدىن باستى. مەن ئۆزەممۇ سەزمىگەن ھالدا
ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم. ئايال ئەربابنىڭ تونۇش ئاۋازى
قۇلىقىمغا كىردى:
— ھە، ئوغلۇم، بىردەم ساقلىتىپ قويدۇم. خوتۇن خەق-
ىنىڭ ئىشى قىلسا تۈگىمەيدىغانلىقىنى بىلسەڭ كېرەك، بىلمى-
سەڭ كېيىن بىلىپ قالارسەن. نېمە قوپۇۋالىسەن، ئولتۇرە،
ئولتۇر.
ئۇ كەلگەن بويى يەنە يۇمشاق قوللىرى بىلەن ئېڭىكىمدىن
تۇتۇپ ئەركىلىتىپ قويدى. يۈرىكىم يەنە ئاغدى: ”ئوغلۇم دەپ-
كەتكىنىنى، ھىم، بوسۇغىسىدىن پۇتۇمنى ئېلىپ بولغىچە ئوغ-
لى بولۇپ بولدۇمما؟“ دەيتتىم ئىچىمدە. لېكىن ئېغىز ئېچىشقا
جۈرئەت قىلالمايتتىم.
— ھە، تاماق يېمەي كەلگەنسەن. ئوبدان بوپتۇ. مېنىڭ
گېپىمنى ئاڭلاپسەن. ئىچىڭگە كىرىپ چىقسام، ئۆيۈمگە تەك-
لىپ قىلغىنىمنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە كۆپ ئويلاپ كەتتىڭغۇ
دەيمەن. مۇددىئايىمنى بىلىشكە تەقەززا بولۇۋاتقىنىڭنى روھىي
ھالىتىڭدىن بىلىۋالدىم. ماقۇل، گەپنى قىسقىلا دەي، تۇرمۇ-

شۇڭنى قانداق ئورۇنلاشتۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىش مەق
ستىدە چاقىرتتىم. نېمە تاتىرىپ كېتىسەن؟ مېنى ئاناڭغا
ئوخشاش كۆرگىن-دە، بۇنداق گەپلىرىڭنى خۇددى ئاناڭغا دېگەن
دەك دېۋەر، تارتىنما. مېنىڭمۇ سەن قوراملىق ئوغلۇم، بويىغا
يەتكەن قىزىم بار. گەپ قىلىشتىنمۇ شۇنداق تارتىنامسەن.
بوپتۇ، سۆزلەشنى خالىمىساڭ ئىختىيارىڭ، مەن سوراي، شۇ-
نىڭغا جاۋاب بەر. سەن توي قىلماقچى بولغان قىز بۇ يىل قانچە
ياشتا؟

—22 ياشتا.

—نېمانچە تەرلەپ كەتتىڭ؟ بۇنداق زىيادە تەرلەش كەم
ماغدۇرلۇقتىن بولىدۇ. ئۆزەڭنى ئوبدان كۈت. ياسىنىشقا بېرى-
لىپ قورسىقىڭنى قۇرۇق قويساڭ زىيان تارتىسەن. تۇتە، ماۋۇ
يەلپۈگۈچنى. ھە... ئۇقىزنى 22 ياشتا دېدىڭما؟ مېنىڭ ئىككىن-
چى قىزىم بىلەن تەڭكەن. بويىنىڭ ئېگىزلىكى قانچىلىك؟

—بىر مېتىر يەتمىش تۆت سانتىمېتىر.

—ھىم، مېنىڭ قىزىمدىن ساق تۆت سانتىمېتىر ئېگىز-
كەن. ۋاي-ۋۇي، بايا تاتىرىسەن، ئەمدى قىزىرىپ كەتكىنىڭ-
نى. ئوغۇل بالىمۇ شۇنداق تارتىنچاق بولامدۇ، خۇددى قىز
بالىدەك. تارتىنچاقلىق پەقەت قىزلارغىلا يارىشىدۇ. ھازىر مۇ-
شۇنداق ئايال مىجەز يىگىتلەر كۆپىيىپ قالدى. مەن بۇنى ياق-
تۇرمايمەن. ئاياللار ئۆز ئەرلىرىدە ئەرلەرگە خاس بىرخىل
جەسۇرلۇق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. قارىغاندا مەندىن ئەيمىنى-
ۋاتقان ئوخشايسەن، مەنمۇ سېنىڭ ئاناڭغا ئوخشاش ئانا. سەن
ياش بولغاندىكىن، جەسۇر، مەردانە، جاسارەتلىك بولۇشنى ئۆ-

گەن. نۇرغۇن ئادەملەر، بولۇپمۇ ئەرلەر مەندىن سەندىنمۇ بەك
ئەيمىنىدۇ. مەنمۇ ئاشۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئوخشاش بىر
ئايال ئەمەسمۇ. ئۇلار بەلكىم ئۆز ئايالىدىن بۇنداق ئەيمەنمىسە
كېرەك. ئۇلارنى ئەيمەندۈرگەن مېنىڭ ئەمىلىم، ئەمىلىمنى
نەزەردىن ساقىت قىلىپ قارىسا مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا
ئوخشاشلا ئاددىي بىر ئايال. دېمەك، مېنى سۈرلۈك كۆرسىتى-
ۋاتقىنى ئەمەل پەردىسى. ئۇلارنىڭ ئەيمىنىپ قاراشلىرى ئە-
چىمنى سىقىدۇ، ئازابلىنىمەن، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداقلارنى
كۆزگە ئىلغۇم كەلمەيدۇ. كۆزگە ئىلمىغانسېرى ئۇلار تېخىمۇ
ئەيمىنىشىدۇ. مۇشۇ بىر ئايالنىڭ كۈنى بولدىمۇ؟ ئۇھ...

ئۇ بىردەم سۆزدىن توختاپ، ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى.
ئاندىن ئىستاكاندىكى چايدىن بىر ئوتلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

—سەن ئۇنداقلارنى دورىماي، جەسۇر، توغرا ئەر بول.
ھەي، سۆزۈم تېمىدىن بەك يىراقلاپ كەتتى. راست، سېنىڭ
بويۇڭ قانچىلىك؟

—بىر مېتىر يەتمىش توققۇز سانتىمېتىر.

—ھەببەللى، بۇ جايدا، ئادەتتە ئەركىشى ئايالدىن ئې-
گىزرەك بولمىسا، ئېشىكىدىن توقۇمى يوغان دېگەندەك تازا
قاملاشمايدۇ. ئايال كىشى ئەردىن پەسرەك، پەقەت بولمىغاندا
تەڭ بويلۇق بولۇشى كېرەك. سەن ئالماقچى بولغان قىزدىن
بەش سانتىمېتىر ئېگىزكەنسەن، بوي جەھەتتىمۇ گۈلى گۈلىگە
دېگەن شۇ. چىرايلىقمۇ؟

—چە ... چىرايلىق! —مەن دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردىم.

—ساڭا يارامدۇ؟

مەن جاۋاب بەرمەي تەتۈر قارىۋالغانىدىم، ئۇ سوئالىنى تەكىتلىدى:

—ساڭا يارامدۇ دەۋاتىمەن. نېمە ئۇياققا قارىۋالىسەن؟ ھەي... بۇنداق قىلىق قىز بالىغا يارىشىدۇ. يەنە دەپ قوياي، مەن سېنىڭ ئاناڭغا ئوخشاش، تارتىنما. بۇ، چىرايىنى دېگىنىم ئەمەس، ئەخلاقى يارامدۇ-يارىمامدۇ؟ ئەخلاقى يارامىلىق بولمىسا، ئۇنداق چىرايىنى نېمە قىلاتتىڭ، ئەخلاقتىن ئايرىلغان چىراي بوينۇڭغا سىرتماق بولىدۇ. ھەتتا ھاياتىڭنى نابۇت قىلىشى مۇمكىن. ئېيتە ئەخلاقى ساڭا يارامدۇ؟

—يارايدۇ.

—ھەببەللى، گېپىڭ راست بولسا ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز دېگەن شۇ! ئۇنىڭ ئىسمىنى نېمە دېدىڭ؟ ھە، ئايگۈل دېگەنتىڭ، ئۇنۇتقاقلىقىمنى. ئىسمىمۇ چىرايلىقكەن. ھەم ئاي، ھەم گۈل، ئىككىسى قوشۇلسا شۇنداق چىرايلىق. بوي-بەستىڭلارمۇ ئۆزئارا ماس ئىكەن، يەنى سەن ئۇنىڭدىن بەش سانتىمېتىر ئېگىز، شۇنداقمۇ؟ مېنىڭ قارىشىمچە ئاياللار ئېرىدىن سەل پاكارراق بولۇشى كېرەك. ھېچبولمىسا تەڭ بولسىمۇ مەيلى. بەلكىم بۇ قارىشىم سول سىياسەتۋازلارنىڭ دىتى بويىچە "فېئودال" بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يەنىمۇ ياش ۋاقتىمدا ئاشۇنداق قارىغان. . . —ئۇ گەپتىن توختاپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى. يەرتېگىدىن چىرايىغا قارىشىم دەل ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغان پەيتىگە توغرا كېلىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان. مەن شۇئان ھودۇقۇپ كۆزۈمنى ئەپقاچتىم. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

—ياش ۋاقتىمدا سەندىكى مۇشۇ مىجەز مېنى ئىسكەنجىگە

ئېلىپ دەردكە مۇپتىلا قىلغان. بۇ دەرد كېيىن داۋاسىنى تاپقان بولسىمۇ، يەنە ئۆمۈرلۈك بىر دەردنىڭ ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. گەپنى ئۇچۇقلا دېۋېرەي. قىز ۋاقتىمدا بىر يىگىتكە كۆيۈپ قالدىم. ئۇنىڭ مېنى مەھلىيا قىلغىنى سېھىرلىك ناخشىلىرى بىلەن، يۈرەكنى تىترىتىدىغان مۇڭلۇق تەمبۇرى ئىدى. ھەر ئىككىمىز ئاددىي دېھقان باللىرى ئىدۇق. ئۇنىڭ باغدا، خاماندا، ئېچىق بېشىدا، سۈتتەك ئايدىڭ كېچىلەردە ئېيتقان ناخشىسىنى، چالغان تەمبۇرىنى ھېچبولمىغاندا ھەركۈنى بىر ئاڭلىمىسام تۇرالمايدىغان ھالغا كەلگەنمەن. قۇلىقىمغا تونۇش ناخشا كىرگەن ھامان قولۇم ئىشتىن توختايتتى. كۆز ئالدىمدا ناخشا ئىگىسىنىڭ سىماسى گەۋدىلىنەتتى. بىز ئاخىر قېچىپ كېتىپ مۇرادىمىزغا يەتتۇق. ئاتا-ئانىمىزمۇ كۆزىمىزگە كۆرۈنمىدى، شۇ قاچقانچە مانا مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ قالدۇق. يىگىتىم باشتا ئۇيەر-بۇيەردە تەمبۇر چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ يۈردى. كېيىن، ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندى. ئىككىمىز رەسمىي ئەر-خوتۇن بولدۇق ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنى تېزلا قوبۇل قىلىپ شارائىتقا ماسلاشتۇق. ئېرىم مېنىڭ ساۋاتسىز پېتى قېلىشىمنى خالىماي ئوقۇتتى. ئوقۇش مېنى بۈگۈنكى مۇشۇ ئورۇنغا ئېرىشتۈردى. ”كۆيۈپ قېلىش“نى ھازىرقى تىلدا ”ياخشى كۆرۈش“ دەيمىز. مەن كېيىنكى كۈنلەردە شۇ ياخشى كۆرۈشنىڭ مۇۋاپىق بولغانلىقىنى، ئەمما كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان يەنە بىر تەرىپىنىڭمۇ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ ھەرگىزمۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئېرىمدىن چېنىپ ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىم دېگىنىم ئەمەس. ئۇ ئەينى چاغدا مېنى

ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ ئىززىتىمنى قىلدى، كۆيۈندى، ئاسرىدى، ئوقۇتتى. ئاخىرىدا بىر ساۋاتسىز دېھقان قىزىنى مۇشۇنداق ئادەمگە ئايلاندۇردى. مەن ئۇنىڭدىن ئۆمۈر بويى مىننەتدار، پەقەت كىشىلەر كۆڭلىدە ئويلايدىغان، ئەمما ئاغزىدىن چىقىرىشنى خالىمايدىغان بىر پۇشايمان يىللاردىن بېرى يۈرىكىمنى پۇچىلاپ كەلمەكتە. سەن كۆرگەنسەن ياكى ئىسمىنى ئاڭلىغانسەن، ئېرىم خېلى نامى بار بىر مۇزىكانت بولۇپ، ئۇنىڭ بويىنىڭ پاكارلىقى بۇرۇن كۆزۈمگە كۆرۈنمىگەن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ھەي، ئۇنىڭ بويى ئاران بىر مېتىر ئەللىك ئۈچ سانتىمېتىر كېلەتتى، مېنىڭ بولسا بىر مېتىر سەكسەن ئىككى سانتىمېتىر ئىدى. ئارىدىكى پەرقنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغانسەن. مۇبادا ئىككىمىز بىريەردە تۇرۇپ قالساق، مەن ئۇنىڭ بويىنىڭ پاكارلىقىدىن ئەمەس، ئۆزەمنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكىدىن نومۇس قىلاتتىم. بەزىدە تەڭرىنىڭ بۇ ئىككىمىزنى چېتىپ قويغىنىغا ئاغرىنسام، بەزىدە ماڭا بەرگەن بويىنى ئۇنىڭغا بەرمىگىنىگە ئۆكۈنەتتىم. بىز ئەر-خوتۇن بولغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان سورۇنلارغا بىللە قاتنىشىپ، كوچىدا بىرگە مېڭىپ باقمىدۇق. بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەت ئىككىمىزلا ئىچىمىزدە بىلىمىز، تىلىمىزغا ئالمايمىز. ھەر ئىككىمىز سىرتتا كىشىلەر ئالدىدا بىرگە تۇرۇشتىن نومۇس قىلىمىز. ئۇ تېخى مەندىن بەكرەك نومۇس قىلىدۇ. بۇخىل تەبىئىي كۆڭۈلسىزلىك بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى قىلچە سۇسلاشتۇرالمىغان بولسىمۇ، بىراق باشقا ئەر-خوتۇنلارنىڭ مېھماندارچىلىقتا، توغقان يوقلاپ، سەيلە-ساياھەت قىل-

غانلاردا يانمۇيان ماڭغىنىنى كۆرگىنىمىزدە ئىچىمىزدە ئازابلىنىمىز، بىر-بىرىمىزگە بىلىندۈرمەي ھەسرەت چېكىمىز، ئۆيدە بولسا تۇرمۇشىمىز ناھايىتى خۇشال ئۆتىدۇ. بىرگە ئولتۇرۇپ ماتېرىيال كۆرىمىز، چاقچاقلىشىمىز، ياشلىقىمىزدىكى سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى ئەسلەپ شېرىن ھېسلارغا تولىمىز... جەمئىيەت توغرىسىدا بىرلىكتە مۇلاھىزە قىلىمىز، مۇنازىرىلىشىمىز، بىرگە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرىمىز. كىشىلەر توغرىسىدا، بولۇپمۇ ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى توغرىسىدا سۆزلىشىمىز، ئەمما بوي توغرىسىدا ھېچقايسىمىز ئېغىز ئاچمايمىز، ھەتتا بالىلىرىمىز ھەم شۇنداق. خۇداغا شۈكۈر، بالىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئېگىز بويلۇق، تېخى بىرسى دۆلەتلىك ۋالېبول كوماندىسىدا داڭلىق ھۇجۇمچى. بىز ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز. كىشىلەر بەلكىم بۇ تەبىئىي ئالامەتلەردىن كۈلۈشىدىغاندۇ... بىزدە بۇرۇن ئاتىدىن قالغان كىيىملەرنى بالا كىيىدىغان، بالا بالاغەتكە يېتىپ، ئاتا قېرىغاندا بالىنىڭ كىيىمىنى ئاتا كىيىدىغان ئادەت بارئىدى. بىزنىڭ ئائىلىدە بالا كىچىك چاغدا ئاتىنىڭ كىيىمى كەلگەن بولسا، ئەمدى بالا بالاغەتكە يەتكەندە ئۇنىڭ كىيىمى ئاتىغا چوڭ كەلدى. بۇ ھەسرەتلىنىشكە تېگىشلىك ئىش ئەمەسمۇ! مەن سېنى بىزنىڭ بەختلىك ئائىلىمىز تارتقان بۇ ئازابنى تارتىپ قالمىسۇن دەپ ئاتايىن چاقىرىپ، بۇ يۈرەك سىرىمنى، تۈگمەس ئازابىمنى ياتنىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىدىم. نېمە ئۈچۈن ئىنسانغا تىنمايدىغان ئىچكى ئازابنى ماڭا ئېيتىپ بېرىدىغاندۇ دەپ قالدىڭمۇ دەيمەن. سەن تولىمۇ كېلىشكەن يىگىتكەنسەن، ئەرلەرنىڭمۇ سەتى يوق دېيەرلىك.

كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەنمۇ ئاياللار ئىچىدىكى خېلى چىرايلىقلار-
دىن ھېسابلىنىمەن. يولدىشىممۇ قويۇق قاراقاش، قارا كۆز
ئادەم، ئۆز ۋاقتىدا مېنى ئاشۇ قاش-كۆزلەر، بۇنىڭدىنمۇ مۇھە-
مى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەقىقىي ئەرلەرگە خاس جاسارەت،
دېھقانلارنىڭ تىلى بويىچە ”نوچىلىق“ قىزىقتۇرغان. بۇ سۈپەتلەر
بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرگەنمەن. ھەرقانچە كېلىشكەن
ئەر بولسىمۇ جىسمىدا بىز ئاياللار ياقتۇرىدىغان ئەرلەرگە خاس
يۈرەك بولمىسا، ئاغزىمىزدىن چىقارمىغىنىمىز بىلەن، بۇنداق
ئەرنى ئىچىمىزدە مەسخىرە قىلىمىز، كۆزگە ئىلمايمىز. بۇنى
بەزى ئەرلەر ئۆزى چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئو-
رۇنلۇق سۆزلىرىنىمۇ دېمىغىدا پىننە سورۇپلا رەت قىلىۋېتىدۇ.
بۇنداق ئائىلىدە ئاياللار خوجايىنلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ، مې-
نىڭچە، تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش. ئاياللىرىغا گېپىنى ئۆتكۈ-
زەلمەيدىغان بۇنداق ئەرلەرنىڭ كىشىلەر ئالدىدىمۇ ھۆرمەت-ئە-
ناۋىتى بولمايدۇ. بۇ قىسمەنلىك بولسىمۇ، بۇنى مەن ياقتۇر
مايمەن. بىزنىڭ ئائىلىدە ئەر-خوتۇن ئىككىمىزنىڭ بويى ھېلى-
قىدەك پەرقلەنسىمۇ بىرىمىز ”قول“، بىرىمىز خوجايىن ئە-
مەس، بەلكى بابباراۋەر، بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەتلەش، ئۆزئارا
يول قويۇش ئاساسىدا ئىناق، بەختلىك ئۆتىمىز...تولا سۆزلەپ
كەتتىم، مۇددىئايىمنى چۈشەنگەنسەن! ماقۇل، قىز بىلەن قا-
چان توي قىلىسەن؟ ئۇ قەيەردە ئىشلەيدۇ؟

—توي قىلىش ۋاقتىنى تېخى بېكىتمىدۇق. ئۇ Y
ناھىيىسىدە دوختۇرلۇق قىلىدۇ.

—نېمىشقا توي ۋاقتىنى بېكىتمىدىڭلار؟...ھە، ۋاي قاپاق

كاللامەي، توي قىلساق ئىككى ياقتا بولۇپ قېلىپ قىينىلىپ قالىمىز، يۆتكەش مەسىلىسى قىيىن دەۋاتامسىلەر؟ مانا مەن ۋەدە بېرەي، خاتىرجەم توي قىلىۋېرىڭلار، توي قىلىپ بولۇپ قېشىمغا كېلىڭلار، يۆتكەشكە مانا مەن مەسئۇل، قانداق، خۇشال بولغانسەن؟ تويۇڭغا مېنىمۇ چاقىرارسەن، بولدى ئەمدى قايتساق بولىدۇ. هە راست، توختا، مېنىڭ بايىقى گەپلىرىمنى ئىچىڭدە بىل، ماڭا ئوخشاش سىر ساقلىمايدىغان بولساڭ تاناۋىڭنى تارتىمەن، كىشىگە تىنغۇچى بولما. بۇ يېنىك، ئەمما تۈگىمەس ئازاب. ئائىلىمىزنىڭ ئىچكى سىرى پېتى كەتسۇن. ماقۇلمۇ؟

مەن رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتىم. بۇ گۈزەل، سۈرلۈك قورۇدىن ئۇزاپ چىققىنىمدا ئۈستۈمدىكى ئېغىر تاغ غۇلاپ كەتكەندەك شۇنچىلىك يېنىكلەپ ، قەلبىمنى خۇشاللىق، هاياجان تۇيغۇسى قاپلىغانىدى.






## 1

يىگىرمە كىلومېتىر يولنى قىستاڭ ئاپتوبۇستا ئۆرە تۇرۇپ بېسىپ، ئۇيغۇر ئاشخانىسىنى تاپالماي بىر سائەت تەمتىرەپ يۈردۇق. بۇ كوچىدا بىر ئۇيغۇر ئاشخانا ئېچىپتۇ، ئاش مانتا بار ئىكەن، دەپ ئاڭلاپ كەلسەك، قېنى ئۇ ئاشخانا؟ ئاخىر بېرىپ تۇڭگان قاسساپتىن بىر كىلو قوي گۆشى ئالدۇق. سەككىز تۇڭگان ئاشخانىسىغا كىرىپتىمىز، بىر كىلو گۆشنىڭ پۇلىدىن جىق پۇل بېرەيلى دېسەك پىشۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. خام گۆشنى قانداق قىلىمىز ئەمدى، مۇشۇنداق كۆتۈرۈپ يۈرەمدۇق؟ چىمەن دوپپا، ئاھ، چىمەن دوپپا. دادامغا، ئاكامغا، ئەڭ يېقىن ئادىمىمگە ئوخشايدىغان گەۋدىنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدىم.

—جۇرۇڭ، ئەمدى تاپتۇق، —دېدىم ھەمراھىمغا.

يىراقتىنلا كۆرۈنگەن، دوپپىسى كىرلىشىپ شاپاقىلا ئوخ-
شاپ قالغان ئۇيغۇرغا قاراپ يۈگۈردۇق؛ پاتقاق كېچىپ، لاي
چاچرىتىپ، ئادەملەرگە سوقۇلۇپ يۈگۈردۇق.

—ماۋۇ ئىككى شىنجاڭلىق ساراڭ بولۇپ قاپتۇ.

بۇ گەپلەرگە پەرۋايىمىز پەلەك ئىدى. چىمەن دوپپىلىق، ئۇزۇن چاچ ئادەم يەنە بىر كوچىغا بۇرۇلۇپ غايىپ بولدى.

— ئاپلا، يىتتۇرۇپ قويىمىدۇق. ھامان لاي كەچتۇق، تاز بولساڭ گەدەنگىچە...

بىز خالتا كوچىغا ئىچكىرىلەپ كىردۇق. بۇ يەردە خەنزۇ، تۇڭگان مېۋە-چېۋە سودىگەرلىرى ھەرخىل مېۋىلەرنى تىزىۋاپ-تۇ. قالدىسى ئەرەبچە خەت يېزىلغان تاختىچاق ئېسىۋالغان تۇڭ-گان ئاشخانىلىرى.

ۋۇي، يەنە بىر ئۇيغۇر، ئىككى...ئۈچ...ئۇيغۇرلار خېلى بارىكەنغۇ...

كالىنىڭ توققۇز تونلۇقىدەك ئاغزى تار، ئىچكىرىلىگەنسې-رى كېڭىيىپ بارىدىغان بۇ كوچىدا ئۇيغۇرلار ئانچە-مۇنچە كۆ-رۈنگىلى تۇردى. تۇڭگان دوپپىسىنى كىيىۋالغانلار، شەپكە كى-يىۋالغانلار، يەنە ئۇزۇن چېچى مۈرىسىگە ساڭگىلىغانلار ئۇچرى-دى. بىز ئۇلارغا شۇنچە يېقىن ھېسسىياتتا تىكىلدۇق. ئەمما ئۇلار پەرۋاسىز، كۆپلىرى بىر تۇڭگان چوكانىنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ چىقىۋاتىدۇ. دېرىزىسىدىن قارىساق، ئاشخانىدا لىققىدە ئۇيغۇرلار ئولتۇرىدۇ. ئۇلار بىزگە تاماكا ئىسى ئارىسىدىن بو-يۇنداپ قاراشتى.

ئاشخانا ئىچىدىن بورا قومۇشىدەك ئېگىز، بەترەڭ چىراي،

كەپكە كىيىۋالغان، ئۆسۈك چاچ-ساقاللىرى ئەپتىنى سورلۇك كۆرسىتىدىغان بىرسى چىقتى.

—ھە، يېڭى كەلدىڭلارمۇ؟...

—ھەئە.

—قارىغاندا، مىڭزى شۆيەننىڭ[1] ئوقۇغۇچىلىرى ئوخشايسىلەر-ھە؟

—ھەئە، قانداق بىلىۋالدىلا؟

—ۋوي، بىزلەنجۇدا دائىم بارتۇرساق، تۆت توك-توك ئۇيغۇرنى بىلمىسەك، بۇ خەنسۇ شەھىرىدە ياشىمايمىز-دە.

ئۇنىڭ ئولتۇرۇشاڭغۇ قىزىل كۆزى، كۆكىرىپ كەتكەن كالپۇكى ئارىسىدىكى تۇۋى قارىداپ كەتكەن ئالتۇن چىشلىرى تازا بىر بەڭگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

—قېنى ئاشخانىغا كىرىڭلار، لەغمەنلا بار.

بىز مەشەدە بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسى باردەپ ئاڭلاپ...

—مانا مۇشۇ. شىنجاڭدىن چىقىپ مۇنۇ تۇڭگان خوتۇننى ئالغان. لەغمەن ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويۇپ، لەغمەنخانا ئېچىۋالدىم. لەنجۇغا چۈشكەن ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە تاماق يەيدۇ، باشقا ئۇيغۇر ئاشخانىسى يوق. بۇ خوتۇن شىنجاڭدىكى خوتۇنۇمدەك ئېتەلمىسىمۇ، ئىشقىلىپ ماڭا خوتۇن بولغاندىن كېيىن قولىغا ئۇيغۇرچە تەم پەيدا بولدى. قېنى كىرىڭلار...

بىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ دەمال گېپىمىزنى دېيەلمەي

---

[1] «مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ» دېمەكچى.

قالدۇق.

— ھە… بىز بۇ ئاشخاننى تاپالماي بىرسائەت ئايلىنىپ ئا-
خىر گۆش پىشۇرغۇزۇپ يەپ كېتەيلى دەپ گۆش ئېلىپ قويۇپ-
تۇق. ھازىرغۇ لەغمەننى تازا سېغىندۇق، ئەمما لەغمەن يېسەك
ماۋۇ گۆشنى نېمە قىلارمىز… شۇڭا قانچە پۇل ئالسىلا ئېلىپ
بۇ گۆشنى پىشۇرۇپ بەرسىلە. ئەمدى كۈندە بولمىسىمۇ ئىككى
كۈندە بىر كېلىپ ساۋاقداشلار بىلەن لەغمەن يەپ كېتىمىز…
دېدىم مەن.

بەترەڭنىڭ چىرايى بۇزۇلدى.

— سىلەر قەيەردىن؟

يۈرىكىم جىغ قىلدى.

— بىز قەشقەردىن.

— مەن گۆش پىشۇرالمايمەن، ئاۋۇ يۇقىرى تەرەپتە غۇلجى-
لىق ئابلەت دەيدىغان بىرسىنىڭ ئاشخانىسى بار. شۇنىڭ تېگى
قەشقەرلىق. دۇكىنىغا نەس باسقان ئادەملەر كىرىدۇ. شۇ پىشۇ-
رۇپ بەرسۇن..

غۇژژىدە ئاچچىقىم كېلىپ، ئەتجانىم چىمىلداپ كەتتى.

— سىلى قەيەرلىك؟

ئۇ كەينىگە قايرىلىپ قارىدى. پەي-تومۇرلىرى تارتىشىپ
تۇرغان قوللىرىدا مېنى مەنتاڭ قايناۋاتقان قازانغا تاشلىۋېتىدى-
غاندەك ئەلپازى يامان ئىدى.

— مەن شايارلىق. ئاڭلاپ قوي، لەنجۈنى شايارلىق سوراي-
دۇ. غۇلجىلىق، خوتەنلىك، قەشقەرلىق دېگەنلەر كۆتۈڭنى قى-
سىپ يۈرۈشسەڭ ئوبدان، بولمىسا…

—جۇرۇڭ... جۇرۇڭ، قىپقىزىل سارائكەن، تەڭ بولماي-
لى.

كانىيىمغىچە تويۇپ، قورسىقىم كۆپۈپ، سۆرۈلۈپ ماڭ-
دىم. بىز ماڭغان چاغدا ئاشخانا ئىچىدە تىقىلىپ ئولتۇرغان
ئەر-ئاياللارنىڭ ۋالاقلاپ كۇلۇشلىرى جىنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

بىز تېخىمۇ ئوڭغۇل-دوڭغۇللاشقىلى تۇرغان كوچا بىلەن
ئىلگىرىلەپ باردۇق، يول بويىدا قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقاچقا،
تاش-كېسەكلەرگە پۇتلىشىپ، پۇتىمىزنى ئاران يۆتكەپ ئىلگە-
رىلەيتتۇق.

—مەيەردىكەن.

پەس بىريەردىن جىممىدە ئولتۇرغان ئۈچ ئۇيغۇر بار بىر
ئاشخانا كۆرۈندى.

—ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

—ۋەئەلەيكوم ئەسسالام، كېلىڭلار، كېلىڭلار.

ئاۋۋال چىمەن دوپپىلىق، ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى بىرسى
بىلەن، ئاندىن شەپكىلىك، قىرىق ياشلاردىكى بىرسى ۋە ئاشپەز
كىيىمى كىيىۋالغان، ياشلا، قەشقەرلىقتەك كۆرۈنىدىغان يەنە
بىرسى بىلەن كۆرۈشتۇق. بۇدۇر چاچ بىر ئۇيغۇر چوكان بىز
بىلەن سالاملىشىپلا ئىشىككە ماڭدى.

—ھەي... ماڭا قاراڭ. بىكار... تۇڭگان، خەنسۇ خوتۇنلار-
غىمۇ خەجلەيدىغان گەپ. ئۇنىڭدىن سىزگىلا خەجلىسەك... نەمۇ
نەلەردە قاڭقىپ يۈرمەي بىز تەرەپلەرگىمۇ كېلىپ تۇرۇڭ جۇمۇ،
—دېدى چىمەن دوپپىلىق ھاياسىزلىق بىلەن كۇلۇپ.

—شۇڭا دۇكىنىڭ بەرىكەت تاپمىغان پاسكىنىكەنسەن. ئاغ-

زىڭنى چايقىۋېتىپ، بىسمىللا دېيىشنى ئۇگەن، ئىپلاس.
— خۇدايىم بۇيرىسا ھەركۈنى دېيىگلىك. ھا...ھا...
ھەر ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئىشتەيلىرىمۇ تۇتۇلۇپ، مۇشۇ ئاداشنىڭ دۇكىنىدىن تاماق يەرمەنمۇ، دەپ كۆڭلۈم شەكلىنىپ كەتتى.
— ھە، قېنى ئولتۇرۇڭلار.
بىرتېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ياش بىرخەنزۇ ئورۇن-دۇقنىڭ بېشىدىلا ئولتۇرۇۋالغانىدى. يا قوپۇپ بىزنىڭ ئىچكى-رى كىرىشىمىزگە يول بەرمىدى، يا قوپۇپلا كەتمىدى. گەپ قىلاي دېسەم بېشىنى ئىچىگە تىقىۋاپتۇ.
ئاشپەز ۋارقىرىدى:
— قوپەۋا ئاداش، ئورۇن بوشۇتە. ئەپيۇنىڭنى ئاۋۇ بۇلۇڭغا ئاپىرىپ چېكە جوگو.
شۇندىلا خەنزۇ يىگىت بېشىنى كۆتۈردى. قارىسام، كۆز-لىرى شۇنچە سېرىق، سىرتىغا پولتىيىپ چىقىپتۇ. يۈزى بىر قارىسا سېرىقتەك، يەنە بىر قارىسا كۆكتەك كۆرۈنىدۇ. مەڭزىدە قىزىۋالغۇدەكمۇ گۆش يوق. ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ:
— بوش ۋارقىرا ھارامزادە. مەن خېرىدار بولمىسام ئەسنەپ ئولتۇرىسەن. ياۋا خېرىداردىن ئىككىنى كۆرۈپ ۋارقىرايسىنا.
— بۇ ئۆزۈمنىڭ مىللىتى. سەن گۆي نەگە بارساڭ بارما-سەن!
خەنزۇ يىگىت تېرىككەندەك چەكچەيدى:
— ئۇنداق يۈزسىزلىك قىلما جومۇ، ھېلى...
— چاقچاق قىلدىماۋا بەڭگە.

هەر ئىككىسى كۈلۈپ كېتىشتى. خەنزۇ يىگىت بۇلۇڭغا بېرىپ كۈمۈش رەڭ پاپىرۇس قەغىزىنىڭ ئاستىغا سەرەڭگە يېقىپ، كىچىك قارا نەيچىدە ھەدەپ شورىغىلى تۇردى. بىردەمدىن كېيىن قولىدىكى پاپىرۇسنى كۆچەپ شورىدى، ئەمما ئاغزىدىن ياكى بۇرنىدىن ئىسىنى چىقارمىدى.

—ئەپيۇننى ئاشۇنداق چېكىدۇ، —دېدى ئاشپەز يىگىت مېنىڭ پۈتۈن دىققىتىم بىلەن تىكىلىپ قالغىنىمنى كۆرۈپ.

—بۇ ئەپيۇن ئەمەس، خىروين، ئۇقۇپ قوي قاپاقباش. بىلمىگەن نېمەڭگە تولا ئېغىز غېرىچلىماي ئوچىقىڭغا قارا! —دېدى خەنزۇ يىگىت.

—سىز ئۇيغۇردەكلا سۆزلەيدىكەنسىزغۇ؟ —دېدىم خەنزۇ يىگىتكە.

—مەن غۇلجىدا چوڭ بولغان

—خىروينىنى مۇشۇنداق چېكەمدۇ؟ —دېدىم مەن قىزىقىپ.

—ھەئە، —دېدى خەنزۇ يىگىت مېنىڭ ھەيرانلىق ھەم قىزىقىش ئىچىدە قاراپ قالغىنىمغا كۈلۈپ.

—شۇنچە شوراپ چېكىسىز، پەقەت تۈتۈننى چىقارمايسىزغۇ؟ تۈتۈنى ئاچچىق ئەمەسمۇ؟

—تۈتۈننى كۆتىدىن چىقىرىدۇ، —دېدى ئابلەت پوچىلىق بىلەن كۈلۈپ. خەنزۇ يىگىت بۇ گەپكە ئېرەنشىمەستىن كۈلۈپ قويۇپ چېكىش بىلەن بولدى.

—پەقەت ئاش مانتىلام بار، ناھايىتى ئوخشىتىپ ئەتكەن، بىر يەۋالامسىلەر؟ —دېدى ئابلەت كۆزىمىزگە مۆغەمبەرلەرچە

تىكىلىپ. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىنمۇ بىزنى مازاق قىلىۋاتقانلىقى
ئايان ئىدى.

قاپىقىم تۈرۈلۈپ بايىقى ئاچچىقىم يەنە قوزغالدى. ئۇيغۇر دەپ شۇنچە تەستە پاناھ تارتىپ كەلسەك، ما كوسپورۇچلارنى، ھەي... بىرسى زەمبىلكەش بەڭگى، ماۋۇسى تازا بىر ئالىقاپ كاززاپ، ساپلا داردىن قاچقان ئەبگالاركەنغۇ!

—بايا ھېلىقى پىستانچاقتا ئۇنداق-مۇنداق گەپ قىلسام تازا بىر پاسىق نېمە ئوخشايدۇ دەپ قالماڭلار يەنە. خۇدا بۇيرىسا بىرۋاق نامازنى قازاقىلماي تەرەت بىلەن يۈرۈيمەن. ئۆزۈم نىكاھ قىلىۋالغان تۆڭگان خوتۇنۇمدىن ئۈچى بار، غۇلجىدىكىنى قوش-قاندا تۆت. بوۋام رەھمىتىنىڭمۇ تۆت خوتۇنى باركەنتۇق...

—بۇ يەردىكى ئۈچ خوتۇنىڭىز بىر-بىرىنى بىلەمدۇ؟

—ۋاھ، بۇنى بىلسە، مەن بۇ لەنجۇدا تۇرالايمەنمۇ دەمسىز. بۈگۈن مايەردە ھىمىت پاشا لەنجۇدىن خوتۇن ئالغانغا تويدى. شىنجاڭدىن ئۇيغۇر خوتۇنى كەپتىكەن. قېچىپ يۈرگىلى ئىككى ئاي بولغان. مايەردىكى تۆڭگان خوتۇنىدىن ئىككى بالىسى بول-غان دەڭا. شىنجاڭدىكى خوتۇنىدىن بولغان ساللاتتەك ئىككى ئوغلى ئانىسى بىلەن كەپتىكەن. تۆڭگان خوتۇن بىلەن ئىككە-سىنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىپ، ھىمىتنى زەمبىلگە سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

—ھىمىت پاشىنىڭ خوتۇنى ئۆزىنى تۆڭگان دەۋاپتۇ، خەن-سۇ دەيمەن، —دېدى ئاشپەزيىگىت گەپكە ئارىلىشىپ.

—ۋوي بەڭگە، راستىمۇ؟

خەنزو يىگىت بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، يەنە پۈتۈن ئىش-

تىياقى بىلەن چېكىشكە باشلىدى. ھەر شوراشقا بىر تال سەرەڭگە ياقىدىغان گەپكەن.
— مەن كىنودا چىلىمدا چەككىنىنى كۆرگەن.
— ئۇ دېگەن ئەپيۇن، بۇ خىروين.
— خىروييننى كىنودا ئاق كۆرسىتىۋاتقان، بۇ ئاق ئەمەس-كەنغۇ؟
— ئۇ ئالىي دەرىجىلىكى، ئۇندىقىنى تاپماق تەس.
— بۇنىڭ مۇشۇ قەغەزدىكىسى نەچچە پۇلغا كېلىدۇ؟ — سورىدىم قەغەزدىكى بىر چىمدىم نەرسىنى كۆرسىتىپ.
— مۇشۇ ئۈچ يۈز كويلۇق.
— ۋاي ئاللا! — مەن تەئەججۈپ ئىلكىدە گەدىنىمنى سىلىدىم.
— ئاش مانتا ئەكىلەيمۇ؟
— مۇشۇ گۆشنى بىر پىشۇرۇپ بەرسىلە، قانچە پۇل ئالسىلا ئېلىپ.
— بولىدۇ، چاتاق يوق، — ئابلەت ئاشپەز يىگىتنى بۇيرىدى.
— مەن خېرىدار كەلمەي بەك رەللە بولۇپ كەتتىم. سىلىمۇ ھەقىچان مىگىزۇ شۆيەندىنغۇ دەيمەن؟
— ھەئە.
— ئاشخانامغا پەقەت ئازلا غۇلجىلىق بىلەن مىگىزۇ شۆيەندىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارلا كېلىدۇ. بۇ گۆشنى شۇنداقلا يېسەڭلارمۇ تاماق يېگەندەك بولمايسىلەر. مەن سىلەرگە بىر چۆپ قىلىپ بېرەي. گۆش پىشقىچە خېمىر تەييار بولىدۇ. قانداق

دېدىم، نېرىن چۆپنى سېغىنىپ كەتكەنسىلەر.

—بولسىغۇ شۇنداق بولسا، شىنجاڭغا بېرىپ كەلگەندەك بولاتتۇق.

كۆڭلىمىز پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

—ئۆيگە دەڭلار، ئۆيگە. بىزە ساقلىساڭلار مەيلى ئەمىسە.

ئۇنىڭغا يېڭىۋاشتىن سىنچىلاپ قارىدىم. قاش-قاپىقى جايىدا، كۆزى يېشىلغا مايىل، يېڭى قىردۇرغان ئېڭەكلىرى كۆكۈچ، ياغلىشاڭغۇ پارقىراپ تۇراتتى. قېلىن كالپۇكى ئۇنى سەل دورداي كۆرسىتەتتى. كۆڭلۈمدە ئۇنى يېڭىۋاشتىن باھالىدىم. گېپىنىڭ ئاھاڭىدىن تارتىپ ھەربىر قىلىقلىرىغىچە كاززاپلىق يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. ئەمما يەنىلا ئۇ قولى ئوچۇق، چېۋەر، ئىشتىن قورقماس، جاپاكەش، ئەخمەققە، نادانغا تارتىپ كەتكەن مىليونلىغان تەرسا ئۇيغۇرنىڭ بىرسى. ئۇ تاماكا تۇتتى. قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ، چەكمەيدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ھەمراھىم ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بىر تال تاماكىسىنى چېكىپ قويدى. ئۇ يېنىمىزغا قىستاپ كېلىپ ئولتۇردى.

—سىلەر ئوقۇغان، زىيالىي. قارىڭا، سىزنىڭ پاينەك بېشىڭىزغا قاراپ قورسىقىدا خېلى ئۆمچى بار ئاداش ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. مەن كۇنەسىنىڭ سەھراسىدا ئاران ئالتە يىل ئوقۇغان، ئۆزۈمنى بىر قارا تۇرك دېسەممۇ بولىدۇ...ھە...ھە...توختاڭلار، گۆش بىر يېرىم سائەتتە پىشار-ھە.

—بىر سائەتتە پىشار...

—ماقۇل، شۇنداقمۇ دەيلى. سىلىمو يۈزۈڭلىنىڭ قېنى بار يىگىتلەردىنكەنسىلەر. بىرەر بوتۇلكا ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، بو-

لامدۇ؟ مېنى بىر كالا كومشا دېمەڭلار، سىلەردەك جىق ئوقۇ-مىغان بىلەن، ئەقلى-ھوشۇم جايىدا. ئۇچاڭدىكى نېمە دېسەڭلار ئىشتان دېمەيمەن. خېلى بىرنېمىنى ئويلىيالىغۇچىلىكىم بار. بىرەر بوتۇلكا ئىچىلى.

—ياق، ياق، بىز ئەزەلدىن ئىچمەيمىز.

—ماقۇل، ئۆزۈملا ئىچەي. ھەي شاگىرت ماڭ جۇگۇ، 250 گراملىقتىن بىرنى ئەكىر.

ھېلىقى ئېشەكيۈز نارازى بولدى:

—ئابلەت، بولدى قىلىسىڭىز بولارمىكىن. ئەتە يەنە دۇكان ئاچارمىز. ھاراق ئىچتىڭىزمۇ بولدى، قاملاشسۇن-قاملاش-مىسۇن بىر پۇللۇق چاتىقىڭىز يوق، ئاسماننى بېشىڭىزغا كە-يىپ ناخشا توۋلايسىزكەن. تۇڭگانلار نەچچە دېدى: قانداق تو-لاۋەرگەن گەپ بۇ، بىز نامىزىمىزدىن ئېزىپ كەتتۇق. ئۆزۈڭ مۇسۇلمان تۇرۇپ تېخى ناماز ئوقۇمايسەن، ناخشا توۋلاپ نامىزى-مىزنى بۇزىسەن دەپ. مۇشۇنداق قىلىۋەرسەك، مۇشۇ ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدە چوقۇم تۇڭگانلار قوزغىلىدۇ، بىزنى قوغلاپ چىقىرىدۇ.

ئابلەت تېرىكتى، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

—قادىرخان، سىز مادۇكاندا پولۇ-مانتامنى بەرسەم يەپ، بۇ كالۋا مېنى بېقىپ، يېنىدا بىكارغا ياتقۇزۇۋاتىدۇ دەپ بەك كېرىلىپ كەتمەڭ، بولامدۇ. ئەمدى مانتا-پولۇنىڭ كۈچىدە سىز ماڭا پۇشتەكچىلىك قىلامسىز، مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى بىلىپ قىلىمەن. سىز دەۋاتقان ئىشمۇ مەن بىلمەيدىغان ئىش ئەمەس. مەن خەقنىڭ بۇيرۇقىدىن كانىيىمغىچە كېكىرىپ،

ئۆزۈم ئۆيلىغان گەپنى دەي، پۈتۈم خالىغان يەرگە دەسسەي،
قولۇم خالىغاننى تۇتاي دەپ يۇرتۇمنى تاشلاپ مۇساپىر بولۇپ
مۇشۇ ئاسمىنى كەڭرى، يەرگە چىققان. جاھاندا ماڭا بۇيرۇق
بېرىدىغان ئادەم ئەمدى يوق دېسەم، سىز چىقتىڭىزمۇ؟ بەك
كېرىلىپ كەتمەڭ. دۇكانغا قانداق مۇلايىم كىرگەن بولسىڭىز
شۇنداق ياۋاش بولۇڭ. بۇ بىر ئېغىز ئۆيدە مەن پادىشاھ. نېمە
دېسەم، نېمە قىلسام ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى. مەن دەل مۇشۇنداق
بىر ئېغىز ئۆي ئىزدەپ شىنجاڭدىن كەلگەن. بۇ تۇڭگانلار
بۇيەردىن قوغلىۋەتسە، يەنە مېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدىغان
تۇڭگان چىقىدۇ، ماقۇلمۇ. جوگورۇڭ، قاچا-تەخسىلەرنى يۇ-
يۇپ، ئوچاققا ئوت قالاڭ...

شاگىرت كىچىك بوتۇلكىلىق هاراقتىن بىرنى ئەكىردى.
ئابلەت ئاغزىنى چىشلەپ ئېچىپ، پىيالىغا يېرىمىنى قويۇپ:

—قېنى، خوشە،—دەپلا كۆتۈرۈۋەتتى. قادىرخان يۈزلىرى
ئېسىلىپ، قىزارغان هالدا ئورنىدىن تۇردى.

—ها...ها...ها...خەقنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاشتىن خەققە
بۇيرۇق قىلىش قالتىس هۇزۇرلۇقكەن، كارامەت تەملىككەن،
بۇنى مەن مانا مۇشۇ ئاسمىنى كەڭرى، ئادىمى جىق يەردە بىل-
دىم. مەن يۇرتتا هەتتا خوتۇنۇمغىمۇ بۇيرۇق قىلالمايتتىم. ها
...ها...ها...

هەممىمىز كۈلۈشتۇق. قادىرخانمۇ قولاشمىغان هالدا كۈل-
دى. ئۇنىڭ ئەلىمى تېخى تارقاپ بولالمىغانىدى.

—ئاڭلاڭلار ئاغىنىلەر، بۇ يەردە مەن بەش ئادەمگە بۇيرۇق
قىلىش هوقۇقىغا ئېرىشتىم. ئۈچ خوتۇن، مانا ماۋۇ ئىككى...

نېمە...نېمە دېسەم بولىدۇ. شاگىرت، ها...ها...ها...مەن ئاش-
پەز ئەمەس، ھېچكىمگە شاگىرت بولمىغان. ئانامدىن پولۇ بې-
لەن چۆپ ئېتىشنى ئۆگىنىۋالغان شۇ. ماۋۇنى لەغمەنچى دەپئە-
كەلسەم مانتىپەز چىقىپ قالدى. خوشە ئابلەت، ئىچە!...

ئۇ كىچىك بوتۇلكىنىڭ ھارىقىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى. ئۇ-
نىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىزگە چىشلىرىنى كې-
رىشتۇرۇپ قارىدى. غۇۋا چىراغ يورۇقىدىكى دۇكان ئىچىدە
تېنىم قورۇلغاندەك بولۇپ، يېنىمدىكى خەنزۇ يىگىتكە قارىدىم.
ئۇ كۆزلىرى يۇمۇلغان ھالدا كۆكىرىپ كەتكەن لېۋىنى شۇمۇپ،
شۇنداق تاتلىق بىر نەرسىدىن لەززەتلىنىۋاتقاندەك ئولتۇراتتى.
كىچىك قارا نەيچە تۇتقان قولى سۇس تىترەپ تۇراتتى. قورسى-
قىنىڭ يوغانلىقىدىن پوپايكىسى ئاستى تۇگمىسىنى ئېتىشكە يەت-
مەي قالغان چىرايلىق بىر خەنزۇ چوكان كىردى. خەنزۇ يىگىت
كۆزىنى ئېچىپلا ھودۇقۇپ قولىدىكى نەيچىنى يانچۇقىغا تىقتى.
چوكان ئالچاڭلاپ كەلگەنچە يىگىتنىڭ دۇمبىسىگە مۇشت بىلەن
سالدى. يىگىت شىرەگە مەيدىچىلەپ ئۇسۇپ، يۆتىلىپ كەتتى.
چېيىمىز ئۆرۈلدى. چوكان يىگىتنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ئېگى-
كىگە نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. قىپقىزىل بويىۋالغان لەۋلىرى ئاچ-
چىقتىن تىترەپ، چانىقىدىن چىققىدەك بولۇپ كەتكەن قارا
كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. يىگىت بېشىنى چاڭگاللاپ تۇگۇ-
لىۋالدى. چاينىڭ كىيىمىمىزگە ئۆرۈلۈپ كەتكىنىنى كۆرگەن
چوكان بىزگە خىجىللىقىنى بىلدۈرۈپ سەل كۇلۇمسىرەپ، ئې-
رىنى بىر مۇنچە تىللىۋەتتى.

—ماڭە، چىقە جۇگۇ، خوتۇنىدىن تاياق يەيدىغان نانقېپى.

بۇ سىنىڭ جېدەلخاناڭ ئەمەس، — دېدى ئابلەت قولىنى شىل-
تىپ.

— خاپا بولماڭلار ئاغىنىلەر، — خەنزۇ يىگىت بىزگە قاراپ
ھىجايدى.

جۇدۇنى ئۆرلىگەن خەنزۇ چوكان سۆزلەپ كەتتى:

— ئەتىگەندىن بېرى ئۈچ يۈزكويلۇقنى چېكىپ بولدى.
ساتىمەن دەپ يەنە چېكىۋاپتۇ. خەپ، ئۆيگىمۇ كىرەرمىز!

— قانمىدىم، بېشىم ئاغرىپ ئۆلەي دېدىم، — يىگىت
بوش، مۇلايىم تەلەپپۇزدا دېدى.

دۇكانغا بىرى يىگىرمەياش، يەنە بىرى ئون تۆت ياش چامى-
سىدىكى ئىككى ئوغۇل كىردى.

— قېنى، ئال، ئال، چاققان بول.

ئۇلارنىڭ چىرايى كۆكىرىپ، كالپۇكلىرى تىترەپ، كۆز-
لىرى يۇمۇلۇپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالغانىدى.

— بالدۇرراق كەلسەڭلار بولمامدۇ، شۇنچىۋالا بولۇپ كەت-
كىچە.

— ھەي، بولساڭچۇ!

ئىككىسى تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى يانچۇقىغا تىقىشىپ
كۇمۇش رەڭ پاپىرۇس قەغىزى بىلەن نەيچىلىرىنى چىقىرىش-
تى-دە، قەغەزنى يىرىم نەيچىلەپ نەيچىسىنى پۈۋلىدى.

— يىگىرمە كويلۇق ساله!

— قانمايسەن.

— بوله، تولا كوتۇلدىماي.

يىگىت پۇلنى پۇرلاپ چوكاننىڭ قويىنىغا تىقىۋەتتى. چوكان

ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۇرۇپ پايپىقى ئارىسىدىن قەغەز بولاق چىقاردى، ئېرى دەرھال ئېلىپ چاشقان مايىقىدەك ئۈچ تال سېلىپ بەردى. كىچىك خېرىدارنىڭ قەغەز تۇتقان قولى تىترەپ كارغا كەلمەي قالدى. ئايال تۇتۇپ تۇرۇپ سەرەڭگە يېقىپ بەردى. خىرويىن سەرەڭگە ئوتىدا ئېرىپ ئۇدۇللۇق نەيچە ئىچى-گە كىرىپ كەتتى. تاماكىدىن بىرنى دەرھال تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق شورىغان يىگىت بىرپەس كۆزىنى يۇمۇپ تىنماي تۇردى، ئاندىن "ئۇھ" دەپلا ئاغزىدىن ناھايىتى سۇس تۇتۇن چىقىرىپ راھەتلەن-گەندەك ھاسىراشتىن ئاستا-ئاستا توختىدى. يەنە بىرسىمۇ شۇن-داق بولدى.

—ئۇھ... ئەمدى دەي، ئاران شۇنچىلىك سالامسەن! —چوڭ خېرىدار كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقاردى.

—ۋاي، تېخى سېنى دائىملىق خېرىدار ساناپ، يۈز-خاتىرە قىلىپ جىقراق سېلىپ بەرسەم، قانداق قېلىن نېمىسەن. باشقا يەرگە بار جۇگۇ، يىگىرمە كويغا قانچىلىك بېرىدىكەن؟

كىچىك خېرىدار كۈلدى.

—يەنە ئەللىك كويلۇق ساله.

—پۇلنى چىقار.

—مانا، —كىچىك خېرىدار پۇلنى بايىقىدەك پۇرلاپ تىقىپ بەردى.

—ماڭا ئوبدان بەر، مانا، —چوڭى يۈز كويلۇق پۇلدىن بىرنى تاشلىدى.

كىچىكى لەززەتلىنىپ چېكىپ ئولتۇردى، چوڭىغا گېزىت قەغىزىگە بىرچىمدىم بەردى.

—قانداق، زىيان تارتمىغانسەن؟

قاپىقى تۈرۈلۈپ تۇرغان ئۇزۇن چاچ—چوڭى كۈلدى:

—شۇڭا يىراقتىن ئاتلاپ كەلدىم-دە.

ئۇ كىچىكنىنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى.

—ھەي بەڭگە، سەن... ھە راست، خوتۇنۇڭ قانداقراق بالا تۇغار. شۇنچە چىرايلىق خوتۇن نېمە بولۇپ سەن بەڭگىگە تېگىپ قالغاندۇ؟ سېنىڭ بالاڭ بالا ئەمەس، بىر خالتا ئەپيۇن تۇغۇلامدىكىن...

—ئاغزىڭغا پوق، ئېشەك.

—خوش بول بەڭگە، بالا تۇغۇلغاندىن كۆرە بىر خالتا ئەپيۇن چۈشسە، خوتۇنۇڭنىڭ چاتىرىقىغا سۆيۈپ، ئەپيۇن سېتىپ باي بولۇپ كېتەرسەن. ھا...ھا...ھا...

—ھا...ھا...ھا...

—خەپ گۈي، سېنىڭ ئاغزىڭ جۇما...

ئۇ خوتۇنىغا خەنزۇچە دەپ بېرىۋىدى، ھاڭقىيىپ ئولتۇرغان خوتۇنىمۇ كۆزىدىن ياش چىققىچە كۈلدى.

—ھەي بەڭگە، سەن ئەمدى چېكىشنىڭ بىلەن بول، بىزنىڭ گېپىمىزگە قوشۇق سالساڭ خوتۇنىڭنى ساڭا قارىتىپ تۇرۇپ سۆيۈۋالىمەن.

—سۆيە، مەن قاراپ تۇراي، خوتۇنۇمنىڭ چايناۋاتقىنى چوشقىنىڭ ئۇچىيى.

—ھۆ...ھۆ...ھۆ توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن.

خەنزۇ يىگىت تېلىقىپ كۈلۈپ يۆتىلىپ كەتتى.

چاقچاق بېسىققاندىن كېيىن، خەنزۇ يىگىت خوتۇنى بىلەن

كۆسۈرلىشىپ پۇللىرىنى ساناشقا كىرىشتى.

—ماڭا قاراڭلار، سىلەر دەڭلار...

ئابلەت تەڭشىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزىدە ياش پەيدا بولدى.

—سىلەر بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ياش زىيالىيسى. دەپ بېقىڭلار زادى. بىز ئۇيغۇرلار ئادەممۇ-نېمە؟ دەڭلار، مۇشۇ گېپىمگە لىللا جاۋاب بېرىڭلار!

ئۇ كۆزىمىزگە كىرىۋالدى. بىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي گاڭگىراپ بىر-بىرىمىزگە قاراشتۇق.

—ھەي پاينەكباش...تېرىكمەڭ، راست گەپكە تېرىكىش ئوبدان ئىش ئەمەس.

—ياق، تېرىكمىدىم.

—قىزىرىپ كەتتىڭىز. خاپا بولسىڭىز مەيلى، سىز دەڭا پاينەكباش، بىز ئۇيغۇرلار ئادەممۇ-نېمە؟

—بىزنى ئاللا باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش ئادەم قىلىپ ياراتتى.

—ئاللا مۇشۇنداق ياراتتى، بۇ دېگەن كونا گەپ، بىز ئۆزىمىزنى ئاللاغا قانداق ياراتتۇق؟ ئۆزىمىزنى باشقىلارغا قانداق ياراتتۇق؟ خۇي-پەيلىمىزنىڭ ئوساللىقىغا قاراپ بىز ئۇيغۇرلار خۇدا ”ئېزىپ“ قېلىپ ياراتقان خەقكەنمىز دېگۈم كېلىدۇ. دېمەيسىمۇ ئۆزىمىز تۈزۈك ئادەم بولالمايمىز، قولاشمايمىز. پېتىشمايمىز، بىر-بىرىمىزنى كولايمىز، يەنە كېلىپ خەقتىن يامانلايمىز...

بۇگەپكە قانداق جاۋاب بېرىشىمنى بىلمىدىم. راست گەپ

قىلسام، بۇ مەن ئويلاپ باقمىغان گەپ ئىدى.

— ياق، ياق، ئىشەنمەيمەن. بۇ سىلەر ئويلىمىغان گەپ ئەمەس. ماقۇل قىستىماي، بىز نېمىشقا كېلىشەلمەيمىز... زادى نېمىشقا؟ شىنجاڭدىغۇ ئۇ يەرلىك، بۇ يەرلىك دەپ كېلىشمەيلى. مۇشۇ كۆلچىلىقتىمۇ يەنە قورۇپ كەتكۈر ئۇيەر-بۇيەردىكەن يۇرتۋازلىق تۈگىمەيدۇ... ھە... ھە... مانا ئەڭ كىچىك مىسالى... مۇشۇ يۇرتۋازلىق مېنى ۋەيران قىلدى... مەن تۈگەشتىم. قارنىمغا پىچاق سېلىۋالغۇم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ ئاغىنىلەر...

ئۇ شىرەگە بىرنى مۇشتلىۋىدى، پىيالىدىكى چاي يۈزلىرىمىزگە چاچرىدى. ئۇ شىرەنى تىرناقلاپ بېشىنى قويۇۋېلىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغلىغاندىكى ئاۋازى تولىمۇ كۈلكىلىك (ئۇزاقتىن بۇيان چوپچوڭ ئەركىشىنىڭ ھۆركىرەپ يىغلىغىنىنى ئاڭلىمىغاچقىمۇ، ماڭا كۈلكىلىك تۇيۇلغان بولۇشى مۇمكىن)، ئەمما ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان يىغىسى يۈرەكنى ئېزەتتى. بىز ئۇندىمەي يەرگە قاراپ ئولتۇردۇق. ئاشپەز يىگىتمۇ، قادىرخانمۇ يەرگە قارىۋالغاندى. خەنزۇ يىگىت كۆزىنى يۇمۇپ تامغا يۆلىنىپ ئۇندىمەستىن پاپىرۇس چېكىپ ئولتۇراتتى. خوتۇنى بولسا كۆزىنى پارقىرىتىپ گاڭگىراپ قالغاندى.

— قاراڭلار، مانا مۇشۇ نەس ئاشخانا مېنى ۋەيران قىلدى. لەنجۇدا كۇچا، شاياردىن كۆلە، لازا ئەپچىقىدىغان سودىگەرلەر جىق، غۇلجىلىق سودىگەرلەر ئاز، ناھايىتى ئاز. ماڭا چىققىلى بىر يىل بولدى. دەسلەپ بۇ ئاشخانا بىر غۇلجىلىقنىڭ قولىدىكەن، شايارلىقلار ئۇنى پاتقۇزماي ئۇرۇپ قوغلىۋېتىپ، بىر

شايارلىق ئاشپەزگە ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئاشخانىغا غۇلجىلىق دەسسىمەپتۇ. غۇلجىلىق ئاشپەز ھەممە نې-مىسىنى يوقىتىپ، گۇاڭجۇغا بېرىپ غۇلجا قوشۇنىغا داد ئېي-تىپتىكەن، ئۇلار كېلىپ شايارلىقلارنى ئۇرۇپ، نەچچىسىنى پىچاقلاپ، ئاشخانىنى باشقا بىر غۇلجىلىققا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم بىر مەزگىل ئېچىپ، شايارلىقلارنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ، ئاشخانىنى شايارلىق ئاشپەزگە چىرايلىق سېتىپ شىنجاڭغا تىك-ۋېتىپتۇ. كېيىن يەنە غۇلجىلىقلار ئاڭلاپ، مەن تيەنجىندە كا-ۋاپچىلىق قىلىۋاتسام، مېنى ئەكىلىپ بۇ ئاشخانىغا تىقىپ قوي-دى. مەن ئاشپەزلىكنى بىلمەيمەن. مانا ماۋۇ قىلتىرىق، قەش-قەر ھەزرەتلىك، قادىرخان خوتەنلىك. ئاشخانىنى ئىككى ئاي ئاچتىم. دۇكان قولۇمغا ئۆتكەندىن تارتىپ شايارلىقلار ئاشخانام-غا يولىمايدۇ. غۇلجىلىقلار ئاز، ئۇلار بۇ شەھەردە تۇرمايدۇ. ئاز غۇلجىلىقلار بىلەن مىڭزۇ شۆيەنىنىڭ نامرات ئوقۇغۇچىلىرى تاماق يېسە، مەن قانچىلىك سودا قىلالايمەن. يۇرتتىن بەش مىڭ سوم ھالال پۇل بىلەن چىققان، مانا مۇشۇ ئاشخانىنىڭ كۆلى بولۇپ تۈگىدى...ھە...ھە تۈگىدى. ئۇلارغا يالۋۇردۇم. مېنىڭ سىلەر بىلەن زىددىيىتىم بولمىغاندىكىن، شۇنداق مەززىلىك پولۇ، مانتا، لەغمەن ئەتتىم، يەڭلار، دېسەم ھومىيىپ كېتى-دۇ. ئاشخانامنىڭ ئالدىدىنمۇ ھومىيىپ، تۈكۈرۈپ ئۆتۈپ كې-تىشىدۇ.

ئاشخانىغا بويى زىلۋا، جوغدا چاچ، سېرىق شەپكىلىك بىر بالا كىردى.

— مانا...مانا پەقەت مۇشۇ بىر شايارلىق باللا كىرىدۇ.

مۆكۈنۈپ كىرىپ تاماق يەپ، پەم بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. بىز بىر مىللەتمۇ ياكى بىرنەمىز جوھوت، بىرنەمىز قىزىلباشمۇ؟ ھە ...مەن غۇلجا قوشۇنىدىكىلەرگە ھال ئېيتسام، پۇل دەپ قاپ-سەن، قانچە چامادان پۇل كەتسىمۇ بۇ ئاشخانىنى ساقلايسەن دەيدۇ. مېنىڭ زىيىنىم ئۇچۇن ئۇلار ماڭا تاغارلاپ پۇل بېرىدى-كەن. لېكىن مەن ھالال ئادەمنىڭ ئەۋلادى. ئۇنداق تاغارلاپ ھارام پۇلدىن مېنىڭ كۆلگە ئايلانغان بەش مىڭ سومۇم ياخشى ئەمەسمۇ. بولدى، تاقايمەن بۇنداق ئاشخانىنى، تويدۇم...تويدۇم ...قۇرۇپ كەت ئۇيغۇرلار. ھەممىڭنى بىركېچىدە دوزاخقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتسۇن خۇدايىم...

ھېلىقى شايارلىق بالا تەخسىدىكى ئاش مانتىنى ئالاق-جالاق يالماپ يۇتقىلى تۇرغانىدى، ئىشىكتە قارا شىلەپە كىيگەن، قارا ساقال بىر ئادەم پەيدا بولدى. بالا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چوكا تاراقلاپ يەرگە چۈشتى. قارا ساقال ئادەم ئاق سەدەپتەك چىشلىرىنى چىقىرىپ ئادەمنىڭ تېنىنى جۇغۇلداتقىدەك كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنچىلىك يېقىمسىز، تەھدىتلىك ئىدى.

—تاماق يېدىڭمۇ؟

—ھەئە، —تىترەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى بالا.

—ئوبدان تېتىغاندۇ؟

ئابلەت ئورنىدىن تۇرۇپ گەپكە ئارىلاشتى:

—سوراۋەرمەي، بىز بىر ئۇيغۇر بولغاندىكىن كىرىپ تې-تىپ باقساڭلار سىڭمەي قالارمۇ؟

ساقاللىق ئادەم جاۋاب ئورنىدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قويدى.

—جورە، گېپىم بار!

بالا دەرھال ئەگىشىپ ماڭدى، ئۇ ئىشىك تۈۋىگە چىقىشىغا قارا ساقال ئۇنىڭ گەدىنىگە بىر مۇشت ئۇردى. بالا: ”ۋايجان“ دەپلا پاتىقاقا دۈم چۈشتى. كەينى-كەينىدىن تەگكەن تېپىك بالىنىڭ داد-پەريادىنى چەككە يەتكۈزدى. قۇلىقىم غوڭۇلداپ كۆزۈمگە قىزىللىق تىقىلدى، قانداق ئورنىمدىن تۇرغىنىمنى ۋە ئىشىك ئالدىغا كەلگىنىمنى بىلمەيمەن، ئابلەت مەيدەمدىن ئىتتىرىپ چىققىلى قويمىدى.

—ئارىلاشماڭ، ئۆزىنىڭ ئىشى، ئاران تۇرىدۇ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن يانمايدۇ...

بالا پۈتۈنلەي لايغا مىلىنىپ كەتكەنىدى.

بۇ ئىشنى كۆرۈپ كوچىغا چىققان خەنزۇ، تۇڭگانلار چىرايدىن ھېچقانداق ئىپادە بىلگىلى بولمايدىغان ھالەتتە قاراپ تۇرۇشتى.

—ھازىرلا لەنجۇدىن يوقال، گۇلە، لازاڭنى نەگە ئاپىرىپ ساتساڭ سات. ئەتە يەنە كۆرۈپ قالسام، پويىز رېلىسىغا زاماسكىلايمەن.

بالا ئورنىدىن تۇرۇپ بەدەر قاچتى.

شىلەپىلىك ئادەممۇ كەتتى. ئاشخانا ئېغىر سۈكۈتكە چۈمدى. تولىمۇ گۈزەل بىرقىز كىردى، ئۇنىڭ ھەممە يېرى لاغىلداپ تىترەيتتى.

ئەپيۇن نەيچىسى ئۇنىڭ ئويماقتەك لېۋىگە قىستۇرۇلدى. ئەپيۇن ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قانچىلىك قىرغىنچىلىق قىلىدىكىن بىلەلمىدىم. ئەمما ئاۋازى بۇزۇلغانىدى. ئەينى چاغدا ئاق قۇنىڭ

بويىنىدەك گۈزەل ئاشۇ كانىيىدىن بەلكىم ئۆزىدىنمۇ نازۇك ئاۋاز چىققان بولغىيدى.

— ھەي بەڭگە، ئۇنىڭغا دە، ئۇنىڭ چېكىدىغىنىنىڭ ھەممە پۇلىنى مەن بېرىمەن، ماڭا ھەمراھ بولسۇن!

قىز گەپ-سۆزسىز ماقۇل بولدى. ئۇ يۈزسەكسەن كويغا ئىزىدا ئولتۇرۇپ چەكتى، يەنە يۈز كويلۇق ئېلىنىۋالدى. ئىككى يۈزسەكسەن كوينى ئابلەت تۆلىدى.

— خاپا بولماڭلار، مەن كېچىچە ئۇنىڭ بىلەن ئىچىپ تاڭ ئاتقۇزمىسام تاڭ ئاتمايدۇ. ئەتە ئاشخانىنى بېرىۋېتىمەن. ھەي قادىرخان، بۇ مېھمانلارنىڭ تامىقىنى ئوبدان بەرمىسەڭ، كۆر-گۈلىكىڭنى كۆرۈسەن.

ئابلەت قىز بىلەن چىقىپ كەتتى.

## 2

سىم-سىم يامغۇر لەنجۇ كوچىسىدىن داۋاملىق نەم ھاۋانى نېرى قىلمايدۇ. خالتا كوچىدىن چوڭ يولغا چىققاندا ئابلەت قىزنى قولتۇقلىۋالدى. پىيادىلار يولىدا ئاندا-ساندا كۈنلۈك كۆتۈرۈپ شىلىقلىتىپ يامغۇر كېچىپ ياش ئاشىق-مەشۇقلار مېڭىپ تۇرىدۇ. باشقا ئادەملەر ئاساسەن كوچا ئاپتوبۇسىدا ماڭى-دۇ. چوڭ-كىچىك كىرا ماشىنىلىرى خېرىدار چاقىرىپ توۋلايدۇ.

ئابلەتنىڭ چىمەن دوپپىسى يامغۇردا ھۆل بولۇپ ماكچىيىپ

كەتكەن، بېشىدىن چۈشكەن يامغۇر ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ساقماقتا ئىدى.

—ھېرىپ كەتتىڭىزمۇ؟ —ئابلەت بوش ئەمما قوپال سورىدى.

—ياق، ئانچە ئەمەس، تونۇپ كەتتىم.

—ھەر ئىككىسى دەڭ.

قىز ئۇندىمەستىن ئۇنىڭغا كۆلۈپ قارىدى. ئابلەتنىڭ يۈزىگىمۇ تەبەسسۇم يۈگۈردى.

—ئىسمىڭىز نېمە؟

—گېلياڭ.

—ئىشلەمسىز؟

—شىركەتتە شوپۇرلۇق قىلىمەن.

—جىڭلىنىڭ ھەم شوپۇرى، ھەم يەنە...

—نېمە دېسىڭىز شۇ.

—چېكىشىپمۇ قويامسىلەر؟

—ماڭا شۇلار ئۆگەتكەن.

—ئوچۇق كۆڭۈلكەنسىز ماڭا ئوخشاش. توي قىلدىڭىزمۇ؟

—ھەئە.

—ئۇ قەيەردە؟

—سوراپ نېمە قىلىسىز؟

.........يامغۇر ئەمدى شىددەت بىلەن ياغقىلى تۇردى. تاغ تەرەپتىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇ يولدا ئوشۇقتا كەلگەندەك شارقىراپ ئاقاتتى.

—ھەي...ھەي توختا، —ئابلەت تاكسىنى چاقىردى.

— قەيەرگە؟
— پويىز ئىستانسىسىغا.
ماشىنا قوزغالغاندا، قىز دېدى:
— بەك يىراقلاپ كېتىدىكەنمىزغۇ؟
— مېنىڭ مەخسۇس ياتىقىم شۇ يەردە، بىخەتەر، ساقچىلار-نىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن خالىي.
— سىلە خەققە خوتۇنلا بولسا، دۇنيانى ئۇنتۇيسىلەر. جا-ھاننى خوتۇنغا تېگىشىشتىن يانمايسىلەر.
— بىزگىمۇ جاھاندىن قالغان راھەت شۇ.
ئۇلار ۋوگزال ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشتى. ۋوگزالدا چىقى-ۋاتقان، كىرىۋاتقان ئادەملەر بەك كۆپ بولۇپ، چۇمۇلىدەك مىغىلدىشىپ كەتكەنىدى. ئادەملەرنىڭ ئايىغىدىن شالاقشىپ چە-قىۋاتقان ئاۋاز كىشىگە كۆڭۈلسىز تۇيغۇ بېرەتتى.
ئىككىسى يېقىن چاپلىشىپ ئالدىراپ مېڭىشتى.
— ۋاي ئاكا. . . ھوي ئۇيغۇر ئاكا. . .
ئابلەت تاققىدە توختاپ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى.
چامادان، سومكا كۆتۈرگەن بىر ئۇيغۇر چوكان يىغلىپ قالغان سۇلاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكىمۇ ئۇلگۇرمەي، شالاقشىتىپ كېچىپ ئۆزى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئابلەت گېلىياڭدىن ئاجراپ بىر قانچە قەدەم ماڭغىچە، چوكان كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى-دە، قۇچاقلاپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى:
— لوكچەك… لوكچەك…
چوكاننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەيتتى.

ئابلەت بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، ئالتە جوغدا باشنىڭ قورشاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

—كېلە، كېلىشە هارامزادىلەر...

ئۇلار يېقىنلاپ كېلىشتى. ئابلەت يېنىدىن يېڭنسار شەمشىرىنى چىقاردى. لۈكچەكلەر دەررۇ ئادەملەر ئارىسىغا قېچىپ كىرىپ كېتىپ غايىب بولدى.

—ۋاي رەھمەت ئاكا، رەھمەت. سىز ئۇچرىمىغان بولسىڭىز، مەن نېمە بولار ئىدىم!

—سىز ئوقۇغۇچىمۇ؟

—ھە...ھەئە. بىلىم ئاشۇرۇشقا كېتىۋاتىمەن.

—نەگە؟

—ۋۇخەنگە. ئىدارىدىكىلەر لەنجۇدا پويىز ئالمىششىنى ئېيتقان، شۇڭا مەن بۇ يەردە چۈشكەنتىم. پويىز يەنە بەش سائەتتىن كېيىن ماڭىدىكەن.

—ھازىر نەگە بارىسىز؟

—ئۇقمايمەن، ھۇ...ھۇ...ھۇ...

چوكان يەنە ئابلەتكە ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى:

—يىراقتىن چىمەن دوپپىنى كۆرۈپ ئاكامنى كۆرگەندەك بولدۇم.

چوكاندىن ئابلەتنىڭ ۋۇجۇدىغا تارىغان ئىسسىق ئېقىم ئۇنىڭ ھەممە خىياللىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى:

—مەن ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويايمۇ؟

—ئەمىسە مەن قانداق قىلىمەن؟

گېلياڭنىڭ كۆزلىرى غەزەپلىك تۇردە ئابلەتكە يەۋېتىدىغان-

دەك تىكىلدى. ئابلەت كۆلدى.

— مەن ئەزەلدىن كاۋاپچىغا ئىشەنمەيمەن.

ئابلەت بىر نەرسە دېيىش ئورنىغا قەغەز بولاقتىكى خىرو-يىننى گېلياگىنىڭ ئالىقىنىغا تىقىپ قويدى. قىزنىڭ پۈتۈن غەزىپى چاقماق تېزلىكىدە خۇشاللىق-ھاياجان بىلەن ئالماشتى. ئۇنىڭ چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ئاھ... بۇ... راستمۇ؟

ئابلەتنىڭ غەزەپتىن كۆكەرگەن چىرايى پېتى بۇزۇلماي تۇراتتى.

— ئانچىكى دەپ قويدۇم. خاپا بولماڭ، خاپا بولماڭ... مەن ئىشىنىمەن، — قىز سومكىسىدىن كارتوچكا چىقاردى، — بۇ ئادرېسىم، چوقۇم بېرىڭ.

ئابلەت كارتوچكىنى يانچۇقىغا سالدى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— رىسالەت.

— تۇرپاندىنمۇ؟

— قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

— تۇرپانلىقنى كىم بىلىۋالمايدۇ.

رىسالەت ئۇندىمىدى. ئۇلار غۇۋا يورۇپ تۇرغان ئۇزۇن كارىدور بىلەن خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ئوچۇقچىلىقتىكى ئوڭ-غۇل-دوڭغۇل بىر ھويلىغا چىقتى. رىسالەتنىڭ چامادانىنى ئابلەت كۆتۈرۈۋالغانىدى.

— يەنە بەش سائەتتىن كېيىن سائەت نەچچە بولىدۇ؟

— تۆت.

— ئىككى كېچە-كۈندۈزدىن بۇيان پويىزدا ئولتۇرۇپ تو.
غانسىز.

— ئۇنى بىر دېمەڭ.

— ۋوپو[1] بېلىتى ئالغانسىز؟

— نەدىكىنى!

— ئەتە بىر كۈن خاتىرجەم ئارام ئېلىشىڭلارنىڭ. بۇ بېلەتىڭىز.
نى ياندۇرۇۋېتىپ، ۋوپو بېلىتى ئېلىپ يولغا سېلىپ قوياي.

— ئۇنداق بولسىغۇ ھاردۇقۇم چىقىپ قالاتتى، ئەمما يەنە
سىزنى ئاۋارە قىلارمەنمۇ؟

ئابلەت ئۈنچىقمىدى.

ئۇلار لىق تۇتۇن، ھاراق بۇسى بىلەن تولغان بىر ئۆيگە
كىردى. ئىككى جۈپ يېرىم يالىڭاچ قىز-يىگىت قارتا ئوينىغاچ
ھاراق ئىچىشمەكتە ئىدى. رىسالەت كۆرۈپلا چىرقىرىۋەتتى.
ئۇلار رىسالەتنى زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈشۈپ بىر-بىرىگە چىر-
مىشىپلا كېتىشتى. رىسالەت ياۋالدىغا ياكى كەينىگە مېڭىشنى
بىلمەي گاڭگىراپ قالدى.

— ياق...ياق...چىقىپ كېتىمەن.

— ۋارقىرىماڭ. مەن سىزنى يەپ كەتمەيمەن، گېپىڭىز
بولسا چىرايلىق دەڭ!

ئابلەتنىڭ قوپال سىلكىشلەپ ۋارقىرىشىدىن ئەيمەنگەن رى-
سالەت بىردىنلا شۈمشىيىپ قالدى. ئۇلار ئىچكىرىلەپ يەنە بىر
ئۆيگە كىرىشتى. بۇ بىر كارۋات ئورۇنلاشتۇرۇلغان پاكىز،

---

[1] ۋوپو — كارىۋاتلىق ئورۇن.

رەتلىك ئۆي ئىدى.

— ئولتۇرۇڭ، مانا قونالغۇ.

— ياق... ياق، ئاكا...

— سىز مېنى نەگە ئاپىرىدۇ دەپ ئويلىغان؟!

ئابلەت رىسالەتكە ياۋۇزلۇق بىلەن تىكىلگىنىچە كىيىملىرىنى بىر-بىرلەپ سېلىپ پىرقىرىتىپ تاشلاشقا باشلىدى.

— ياق، ئوبدان ئاكا، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. مەن سىزنى ئاكامنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ، تاغدەك ئىشىنىپ ئارقىڭىزدىن كېلىپتىمەن، كۆڭلۈمگە بۇنداق ئىشنى ھەرگىزمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدىم.

رىسالەت قولىدىكى سومكىنى تاشلاپ يەرگە تىزلاندى.

بۇ چاغدا ئابلەت كۆساردىن باشقىسىنى سېلىپ بولغان بولۇپ، نەپسى تاقىلداپ ئۆزىنى تۇتالماي قالغانىدى.

— ئوبدان ئاكا، ئاللا نامىدا، ئاتا-ئانىڭىز، ئاكا-ھەدىڭىز، سىڭىل-ھەمشىرىلىرىڭىز نامىدا تىلەي، ماڭا رەھىم قىلىڭ!

ئابلەت لاسسىدە بوشاشتى. رىسالەت ھەربىر ئىسمىنى ئاتىغاندا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇلارنىڭ سىماسى بىر-بىرلەپ گەۋدىلىنىپ، ۋۇجۇدىدىكى تورۇلۇپ كەلگەن ئەسەبىي ئىنتىلىشنىڭ پەيكىرىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ قىزىرىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى رىسالەتنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى تىترىتىپ ھۆركىرەپ يىغلاشلىرىغا، بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياش كەلكۈنىنىڭ چىرايلىق مەڭزىنى بويلاپ يەرگە تۆكۈلۈشىگە تىكىلگىنىچە قېتىپلا قالغانىدى.

— ئوبدان ئاكا، مەن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلغان، سىزمۇ

ھالال ئادەمدەك تۇرسىز. بۇ دۇنيادىن پاك ھالال ئادەم سۈپىتىـ
بىلەن ئۆتۈپ كېتەي. ھالاللىق بىلەن ياشىغان ئادەم ھەرقاچان
ئاللانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىدۇ.

ئابلەتنى بىردىنلا يىغا تۇتتى.

—سىز...سىز خۇدا ئالدىدا ھازىرغىچە ھالال، پاك تۇرالىـ
دىڭىزمۇ؟

—مەن يالغان سۆزلىگەن بولسام، پاكلىقىمنى يوقاتقان
بولسام، بۇنچە قىلىپ كېتەرمىدىم، ئاكا!

—بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پاك ياشىيالامسىز؟

—ئىمانىم بىلەن قەسەم ئىچكەنمەن، ئاكا.

—بولدى، ھېساب، قاچان ماڭىسىز؟

—ھازىرلا يولغا سېلىپ قويۇڭ، ئوبدان ئاكا. ماڭا قىلغان
ياخشىلىقىڭىز، بېشىمنى سىيلىغىنىڭىز ئۈچۈن خۇدا سىزنىڭ
بېشىڭىزنى سىيلاپ، بەخت-نۇسرەت ئاتاقىلار...

ئابلەت تېزلا كىيىنىپ، رىسالەتنى بۇ يەردىن ئەپچىقىپ
كەتتى. ئۇلار پەقەت ئۇنچىقماستىن مېڭىشتى.

كۇتۇش زالىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە رىسالەت
خاتىرجەم ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ شۇنچە ئوماق، بەھۇزۇر كۆرۈنەتتى.
ئابلەتنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

—ئاز بولسىمۇ بۇلار مېنىڭ كۆڭلۈم.

ئابلەت بىر سومكا ئالما، بانان، خورما ۋە يەنە بىر بولاق
تۇڭگانلار پىشۇرغان قوي گۆشىنى پويىز دېرىزىسىدىن رىسالەتكە
سۇنۇپ بەردى.

رىسالەتنىڭ كۆزىدىن توختىماي ياش قۇيۇلاتتى، ئاغزى

گەپكە قولاشمايتتى.

— مەن... مەن...

— بولدى ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ، مەن نېمە دېمەكچى بولغىنىڭىزنى چۈشەندىم. پاك، ھالاللىقنى ئىمانىڭىزدەك ساقلاڭ... مەن... مەن بۇلغىنىپ كەتتىم. ئەمما پاكلىق، ھالاللىقنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن. خەير، ئامان بولۇڭ...

پويىز يۈرۈپ كەتتى. ژوگزال سۇپىسىدا بېشى مەيدىسىگە ساڭگىلىغان ئابلەتتىن باشقا ئادەم قالمىغانىدى. ئۇ قايسى تەرەپكە مېڭىشىنى بىلمەيتتى.

1989-يىل ئۆكتەبىر، لەنجۇ.



# ساماۋى چەمبەرلىك

—ئاپا، سەن مېنى قاچاندىن بېرى بېقىپ كېلىۋاتىسەن؟
—سەن تۇغۇلغاندىن بېرى.
—ئاۋۇ نېمە؟
—يۇلتۇز.
—ئۇنىڭدا ئادەم بارمۇ؟
—بولۇشى مۇمكىن.
—ئۇلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟
—ئاپىسى بالىسىنى باقىدۇ. بالىسى ئاپىسىدىن توختىماي گەپ سورايدۇ.
—ئۇنىڭمۇ دادىسى يالغانچىمۇ؟
—شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.
—دوزاخ بىلەن جەننەت بارمۇ؟
—بار.
—ئۇ قانداق جاي؟
—ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەم ئايرىم تۇرىدىغان، بىرسى تاتلىق، بىرسى ئاچچىق جاي.
—ئۇ قەيەردە؟
—خۇدانىڭ دەرگاھىدا.
—خۇدانىڭ دەرگاھى قەيەردە؟
—خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

—جەننەتكە قانداق ئادەم كىرىدۇ؟
—ياخشى ئادەم.
—قانداق ئادەم ياخشى؟
—يالغان گەپ قىلمايدىغان، ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان، تاماق يەيدىغان، قورقمايدىغان، يىغلىمايدىغان، ھېچنەرسىگە زىيان سالمايدىغان، قۇرت-قوڭغۇزنى ئۆلتۈرمەيدىغان، قۇشقاچ تۇتۇپ ئوينىمايدىغان...
—بولدى ئاپا، دېمىگىنە
—نېمىشقا؟
—يىغلىغۇم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ
—يىغلىمىغىن بالام، يىغلىساڭ يامان ئادەم بولۇپ دوزاخقا كىرىپ كېتىسەن.
—ھازىر، يىغلىمىساممۇ دوزاخقا كىرىپ كېتىدىكەنمەن.
—سەن ياخشى بالا ئەمەسمۇ؟
—مەن قۇشقاچ بالىسىنى نان يېگۈزىمەن دەپ ئۆلتۈرۈپ قويدۇم. چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىغا قايناقسۇ قۇيدۇم. يەنە دادام يالغانچىنىڭ گېپىگە كىرىپ ساڭا يالغان گەپ قىلدىم.
—قانداق يالغان گەپ قىلدىڭ؟
—ھېلىقى كۈنى دادام بىلەن بىر ئاچاشنىڭ ئۆيىدە ئۇخلىغان. مەن ساڭا چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىدە ئۇخلىدۇق دېدىم.
—ئۇ ئاچاش قانداقكەن؟
—ئېگىز كەن، ماڭا سەندىن ئامراقكەن. ئۇ مېنى سەن مېنىڭ ئوغلۇم، ماڭا ئوخشايسەن دەيدۇ. دادام ئىككىمىز دوزاخقا كىرىپ كەتسەك، سەن يالغۇز جەننەتكە كىرەمسەن؟

—ياق، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە دوزاخقا كىرىمەن.

—سەنمۇ ئەسكىمۇ؟

—ھەئە.

—قانداق ئەسكى؟

—داداڭ يالغان گەپ قىلىشنى مەندىن ئۆگەنگەن.

—دوزاختا ئەسكى ئادەمنى قانداق قىلىدۇ؟

—يىلان-چايان چاقىدۇ، ئىت تالايدۇ، تۆمۈر توقماقتا ئۇرىدۇ، ئۇسساپ كەتسە قان-يىرىڭنى ئىچكۈزىدۇ، ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرىدۇ.

—مەن بەك قورقىۋاتىمەن. مېنىڭ نېمىشقا ئەسكى دادام، ئەسكى ئاپام باردۇ؟ بىز نېمىشقا جەننەتكە كىرەلمەيمىز؟

—قورقما بالام، مەن داداڭنى، داداڭ مېنى، بىز سېنى، سەن بىزنى ئالداشمىساق، باشقا جانلىقلارغا زىيان سالمىساق، بىز يەنە جەننەتكە كىرەلەيمىز.

—دادام بۈگۈنمۇ يالغان گەپ قىلغانمىدۇ؟

—ئۆزى بىلىدۇ.

—ئاپا، دادام دوزاختا قالمىسۇن، بىز ئۇنى قۇتقۇزۇۋالايلى. جەننەتكە كىرگەندە دادام بولمىسا بولمايدۇ. جۇر، دادامنى قۇتقۇزۇۋالايلى.

—نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟

—مەن بىلىمەن، دادام بۈگۈنمۇ بىزنى ئالدىدى. سەن بارمىساڭ مەن بارىمەن. ئۇ دوزاختا قالمىسۇن. ئۇ بىزنى ئالدىغانلىقىغا چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ.

1991-يىل يانۋار، قەشقەر.

# يۈرەكسىز سۆيگۈ

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۆيۈملۈك توشقىنىم! توشقان قانچە قورقۇنچاق بولۇپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالسىمۇ ھامان قارچىغا، بۈركۈتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايدۇ. يېڭى بۆجىنىڭىزگە مۇبارەك! ئاللا ئۇنى باتۇر ھەم سالامەت قىلغاي!

سىزنى كۆردۈم. كۆرمەي قالارمىكىن دەپ، ئىچكى ھەسرەت ئىچىدە كۈلۈپ ياشاۋاتقىنىمدا، يولنى ئاپتاپتەك يورۇتۇپ ئۆتتىڭىز. بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز. ئاللا يېڭى جانغا ئاتا قىلغان نۇردىن سىزگىمۇ ئىلتىپات قىلىپتۇ. خۇدايىم سىزنى پاك نۇر ئۈستىدە مەڭگۈ جۇلالاتقاي، دەرسخانىدا تىرناقلاپ ئۆگىنىپ ئولتۇرسام "خەت!" دېدى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ھارغىن كۆزلىرىم ھەيران بولۇپ، كونۋېرت ئۈستىدىكى ئىسمىغا تىكىلدى. ئۆرۈپ-چۆرۈپ دەڭسەپ كۆردۈم.

— تونۇمايدىغان ئادەمدىن كەپتىمۇ؟ — يېنىمدىلا بىرى پەچىرلىدى.

— ياق، كونا تونۇشتىن كەلگەن يېڭى خەت.

— خەت يېزىشامتىڭلار؟

— ھەر ئىككى...

مۆرەككەپ بىرخىل تۈيغۇدا خەتنى ئوقۇپ، ساقاللىرىم ئۆسۈپ كەتكەن ئېڭىكىمنى سىيلاپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

—بەك خاپا بولۇپ كېتىپتۇ... ئەتە-ئۆگۈن خەت يېزىپ قويىمىسام...

كۈلۈپ تاشلىدىم. باللار ھەيران بولۇپ، ئارقىسىغا قاردى. مۇئەللىممۇ تاۋۇز ئۇرۇقىدەك كۆزىنى تۈشۈكتەك تىكىپ دەرس سۆزلەشتىن توختاپ قالدى:

—ئەختەم، نېمە بولدۇڭ؟

ئورنۇمدىن تۇرۇپ، قاپىقىمنى تۈرۈپ سوغۇقلا جاۋاب بەردىم:

—كۈلدۈم.

باللار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. مۇئەللىممۇ كۈلۈپ سالدى. كېيىن مەن تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتىم. ھەممىمىز بىراقلا قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتۇق. مۇئەللىممۇ كۆزىدىن ياش چىققىچە كۈلۈپ كەتتى. دەرستىن كېيىن، ئۇ ئاستا يېنىمغا كېلىپ، سەممىيلىك بىلەن بېشىمنى سىيلاپ تۇرۇپ:

—ئەختەم، سەن يازغۇچى ئەمەسمۇ؟ —دەپ سورىدى.

—مەن ھازىر يازغۇچى ئەمەس!

ئۇ يەنە قاراپ قالدى.

—سەن ھازىر چاقچاقچى.

—ياق، مەن ھازىر مەست.

ئۇ تېخىمۇ ھەيران بولدى.

—ئىچمەيتتىڭغۇ؟!

—پروفېسسور ئەپەندى، ئادەمنى ھاراقلا مەست قىلامدۇ؟

— نېمىدە مەست بولدۇڭ؟
— سۆيگۈدە!
— يېڭى سۆيگۈ تاپقان ئوخشىمامسەن؟
— كونا، لېكىن سۆيەلمىگەن سۆيگۈ.
— راست مەست بولۇپسەن. لېكىن مەستلىكتە سۆيگۈگە مەڭگۈ يېتەلمەيسەن. سۆيۈشكە ئېرىشىش ئۈچۈن، مەستلىكتىن يېشىل. ئەقىل-ھوشۇڭ جايىدا بولسۇن!
ئۇ كەتتى.
— يەنچۇ؟
— بار، — مۇئەللىم توختاپ، ئارقىسىغا تولۇق بۇرۇلدى،
— سەن ئۇنىڭغا راستىنلا ئاشىقمۇ؟
— سىز مەستمۇ؟
— ياق، ساراڭ بولۇپتىمەن، پەقەت بىر دەقىقە.
ئۇ خىجىل بولغاندەك كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.
— ئەمدى ئوڭشالدىڭىزمۇ؟
— ئېھتىمالغا يېقىن.
— ئەمىسە جاۋاب بېرىڭ!
مۇئەللىم ساراڭ بولغان دەقىقە ئىچىدە دوسكىغا بىر توشقان بىلەن بۆركۈت سىزدى.
— يەنە بارمۇ؟
مۇئەللىم بىر سىزىق بىلەنلا بۆركۈتنىڭ قۇيرۇقىنى تۈلكە-نىڭ قويرۇقىغا ئۆزگەرتىۋەتتى.
— جاۋابىم تۈگىدى.
ئۇنىڭ يۇمشاق دەسسەشلىرىگە تىكىلىپ قالدىم. ئىشىك

تۈۋۈنگە بارغـاندا توختـاپ يـەنە بۇرۇلدى. كۆزلىرىمىز دۇقۇ.
رۇشتى.

— ئىمتىھان ئالىمەن. .

— قومۇشلۇققا قاچىمەن.

ھەر ئىككىمىز قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئاندىن خەتنى ئېچىپ ئوقۇدۇم. خىيالىم سانسىز توشقانلار ئارىسىدا يېتىمسىرەپ قالدى. سۆيگۈنۈمنىڭ لەقىمىمۇ توشقان ئىدى.

1991-يىل 5-ئاي.



# قاراجاڭگال

تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى ئۇششاق تاشلارنى قوقاستەك يېلىنجىتىۋەتكەنىدى. شېغىللار ئۈستىدىن يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قاپقارا تۇماندەك چەكسىز يېيىلغان جىغانلىق دالا كىشىگە تونۇردىن چىققان قويۇق تۇتۇندەك كۆڭۈلسىز تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇششاق يوپۇرماقلار تېخىمۇ قورۇلۇپ، قارا مارجاندەك جىغان مۇنچىقى كۈنىنىڭ تەپتىدە كېلەنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ كەتكەنىدى. جاڭگال ئىچىدىكى چاتقاللار ئۈستىدە يايراپ ئۇچىدىغان جانىۋارلارمۇ غايىب بولغان، قىرغاۋۇل خورىزىنىڭ ئەركەكچىلىكى تۇتۇپ، مېكىيانلىرىنى چىللاشلىرىمۇ بېسىقىپ قالغانىدى. قارا تۇماندەك ئۇپۇققىچە سوزۇلۇپ ياتقان جىغانلىق دالىدىكى كۆكىرىپ كۆرۈنىدىغان شېغىللىق يولدا ئېزىتقۇدەك بىرقىز يالغۇز كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالتۇندەك پارقىراق، بۇلۇت تۇرگۈنىدەك يېيىلىپ تۇرغان يارىشىملىق چاچلىرىدىنلا ئۇنىڭ دېھقان قىزى ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى. دېڭىزدەك زەڭگەر شايى كۆڭلىكى ئۇنىڭ زىلۋا قامىتىنى قوينۇمدىن چىقىرىپ قويماي دېگەندەك چىڭ چاپلىشىپ، بېلىنى قىسماققا ئالغانىدى. كۆڭلەكنىڭ كەڭ ئېتەكلىرى بېلىقتەك يوتىسىنى سىيلاپ-سۆ-

يوپ قانمايتتى.

ماشىنام يېقىنلاشقانچە ئۇ يۈرىكىمنى تاتىلىغاندەك، شېغىل ئۈستىدە ئازادە مېڭىشىغا قاملىشىپ بەرمەيۋاتقان ئاق ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيىنى سېلىپ ئىككى قولىدا كۆتۈرۈۋالدى-دە، يىلاندەك تولغىنىپ يولنى تەستە داۋام ئەتكۈزۈشكە باشلىدى.

—ھەي، جاڭگالدىمۇ پەرىزات بولامدىغاندۇ؟

ماشىنامنى توختىتىپ يەرگە چۈشتۈم.

—سىلىچە، پەرىزاتنىڭ ھەممىسى شەھەردە بولامتىمۇ؟

قىز گۈلدەك كۈلۈپ قارىدى. كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپ ئۇنىڭ گۈلدەك چېھرىدىكى نازۇك نۇر پەردىلىرىنى سولدۇرغان، سۇ-زۇك ئۆڭنىنى سەھرا شامىلى يالاپ كەتكىلى تۇرغان بولسىمۇ، تېگى-تېگىدىن جۇلالىنىپ تۇرغان تەبىئىي گۈزەل رۇخسارى بۇلارغا بوي بەرمەيۋاتقاندەك ئىدى. بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرغان چەش رەڭ شايى كۆڭلەك كۆكسىنى قوزنىڭ تۇمشۇقىدەك ئو-ماق كۆرستىپ، كۆڭۈلنى ۋەسۋەسىگە سالاتتى.

—چاقچاقمۇ قىلدىم. لېكىن ھەرنەرسىنىڭ ئۆز يولى، ئورنى بولىدۇ، راست گەپ، سىلى بۇ تېرىمنىڭ جاڭگىلىدا نېمە ئىش قىلىلا؟

—مانا مۇشۇنداق يالاڭئاياغ شېغىلغا دەسسەپ يۈرۈيمەن. جاھاندا ئورنىنى، يولنى تاپالمايۋاتقانلار ئازمۇ؟

—پۇتلىرى كۆيمىدىمۇ؟

—كۆيگەنگە ئامال بارمىدى؟

چۆلدە بۇلاققا ئۇچراپ قالغاندەك يايراپ كەتتىم.

—بار مانا، مەرھەمەت.

قىز خۇشاللىق بىلەن كابىنكىغا چىقتى.

—گەپلىرى بەك يېقىملىق ئىكەن. ھېچ تېرىمىنىڭ جاڭگە-لىدا چوڭ بولغاندەك تۇرمايلا.

—مۇشۇ جاڭگالدا ئۇچرىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدۇ.

—ھەممىسى بىلەن سۆزلىشىلا؟

—ھەيران قالغۇچىلىكى بارمۇ. ئادەم بولغاندىكىن گەپ قىلىشقا كۆڭلى تارتسا، ئەلۋەتتە، بۇتتەك تۇرغىلى بولمايدۇ--دە! بۇنىڭ نېمىسى يامان. مەن بۇنىڭدىن بەك خۇشال، چۈنكى ئادەم دېگەن ئادەمگە گەپ قىلىدۇ. بىرقاراپ گەپ قىلىشقا كۆڭلى تارتىشنىڭ ئۆزى ئادەمنىڭ دىلىغا ياققانلىق ئەمەسمۇ!

—سىلىنىڭ ئۆي قەيەردە؟

—شەھەردە.

—بۇ جاڭگالدا...؟

—ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن.

—مەنمۇ شۇنداق پەم قىلغان. قانداق بولۇپ شەھەردىن چىقىپ يىراق جاڭگالدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدىلا؟

—تەقسىمات بىلەن بولمامدۇ، سەنئەت شۆيۈەنىنى پۈتتۈر-گەندىم، مانا مۇشۇ يەرگە تەقسىم قىلىشتى.

—سىلىدەك ئالىي مەلۇماتلىق، چىرايلىق قىز مۇشۇ جاڭ-گالغا لايىقمۇ. بۇ جاڭگالغا دېگەن بىزدەك ئوقۇمىغان، كەتمەنگە نان چىلاپ يەپ، كالا تېزىكىگە دەسسەپ يول ماڭىدىغان، ئېچىق بېشىدا ئۇخلايدىغان ئادەم لايىق. ئەبجەق ماشىنا ھەيدەيدىغان مەن جېنىمدا ئۆزەمنى بۇ يەرگە ئارتۇق ھېسابلايمەن. سىلەردەك

ئاق-قارىنى پەرق ئېتىدىغان، مەرۋايىتتەك قىزلار دېگەن ئەي-
نەكتەك پاكىز شەھەردە ئىشلىسەڭلار بولىدۇ.

—مەنغۇ ئون ئىككى كىلومېتىر جاڭگالدا، ئاتمىش-يەت-
مىش كىلومېتىر جاڭگالغا كەتكەنلەرمۇ كۆپ تېخى، ھۆكۈمەت
جاڭگالنىمۇ چىرايلىق قىلماقچى.

—چىرايلىق قىزلار شەھەردە كۆپ بولسا شەھەر تېخىمۇ
چىرايلىق، ھۇزۇرلۇق بولامدۇ، بۇنى كىم بىلمەيدۇ.

قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ نازۇك كۈلكىسى دالى-
دا يېيىلىپ ياتقان چاتقاللار ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. مەنمۇ
كۈلۈۋەتتىم.

—ئۆيگە ھەپتىدە قانچە قېتىم بېرىپ كېلىلا؟

—ئەتىگىنى كېلىپ كەچتە قايتقىنىمنى ھېسابلىغاندا ئون
ئىككى قېتىم. مەكتىپىمىزدە ياتقۇدەك ياتاقمۇ يوق، قونۇپ
قېلىشىمغا ئېرىممۇ ئۇنىمايدۇ.

—توي قىلمىغان قىزمىكىن دەپتىمەن تېخى، مۇشۇنداق
مېڭىشقا قانداق چىدايدۇ ئادەم. ئەرلىرى شەھەرگە يۆتكەپ ئە-
كەتسە بولامدۇ؟

—بەش يىل يول مېڭىپ يۆتكىيەلمەي تاشلاپ قويدى.
ئامال بولمايۋاتىدۇ. ئېرىم بوي-بەستى، خۇي-پەيلى خېلى جا-
يىدا ئادەم، خۇددى سىلىگە ئوخشاش.

—ھەركۈنى مانا مۇشۇنداق، خۇددى ھازىرقىدەك شېغىل
يولدا يالاڭئاياغ مېڭىپ، بېرىپ كېلەملا

—شەھەردىن ئون كىلومېتىرغىچە ئاپتوبۇس بار، بىر كوي
تۆلەپ كېلىمەن. قالغان ئىككى كىلومېتىر يەرگە ھازىرقىدەك

ماڭىمەن.

— ھەركۈنى يىگىرمە كىلومېتىر يولغا ئىككى كوي تۆلەيلا، تۆت كىلومېتىر يولنى مانا مۇشۇنداق ماڭىلا. ھەركۈنى ئىككى كويدىن كەتسە، تۆت يەكشەنبىنى چىقىرىۋەتكەندە يىگىرمە ئالتە كۈندە ئەللىك ئىككى كوي كىرا تۆلەيلا.

—ھەركۈنى چۈشتە ئىككى كويغا قورساق باقىمەن.

—تېخى ئۇمۇ بار، ئىككىنى قوشقاندا بىر ئاي ئىچىدە بىر يۈز تۆت كوي كەتتى دېگەن گەپ. قانچە پۇل مائاش ئالىلا؟

—بىر يۈز ئون سەككىز كوي.

—نېمە؟ —ماشىنىنى قاتتىق تورمۇزلاپ ۋارقىرىۋەتتىم، —شۇنچە جاپا تارتىپ ئون سەككىز يىل ئوقۇپ، ئاخىر بېرىپ بىر ئايدا ئون تۆت كويغا ئىشلەملا، بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى؟ جېنى تۈمشۇقىغا كېلىپ قالغان قېرى مەزلۇم بىرەر ئاشخانىنىڭ قاچىسىنى يۇيۇپ بەرسە بىر كۈندە يىگىرمە كويغا ئىشلەيدۇ، بىر ئايدا ئالتەيۈز كوي ئىش ھەققى ئالىدۇ. تېخى قورسىقىنى ئاشخانىدا بېقىپ دېسىلە!

چوكان كۈلۈپ قويدى.

—بۇنىڭغا ئەرلىرى ئۇنىدىمۇ؟

—بولدى بۇنداق خىزمەتنى قىلما دەپ تولا ھەپىلىشىپ ھېرىپ قالدى. مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار-دە!

—سىلىدەك گۈزەل جۇۋانلارنىڭ غەمسىز ئويناپ-كۈلىدىغان چاغلىرى بۇ. ئەرلىرى بولمىغان بولسا خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىپ سىلىنى ئېلىپ، جاپا تارتماي مېنىڭ خىزمىتىمنى قىل، ھۆكۈمەت بەرگەننى مەن بېرەي خوتۇن، دەيدىكەنمەن. ھېلىھەم

شۇنداق قىلامدۇق-يا؟
—ئۆپكىلىرىنى بىسىۋالسىلا، ئۇلاغ سودىسى ئەمەس بۇ.
—بۇنداق جاپادا قالسىلا تېز قېرىپ تۈگەيلا، ئەرلىرى شەھەردە راھەت كۆرۈپ ياش تۇرۇۋېرىدۇ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە سىلىدەك جاڭگال يەپ كەتكەن خوتۇننى چوقۇم تاشلايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، بىركۈن بولسىمۇ تاماشا بىلەن كۆڭۈللىرىنى خۇشال قىلىپ ياشىغانلىرى ياخشى.
—خۇشال ئويناپ ياشاشنى سىلى دېمىسىلە مەن بىلمەيدىغاندەك تۇرامدىم؟
—ھە…ۋاي، بولىدىكەنلىغۇ خېنىم. ئەمىسە ئوينامدۇق؟
—نەدە، قانداق ئوينايمىز؟
—ئۆستەڭ بويىغا كېلەي دەپ قالدۇق، سۆگەتنىڭ سايىسىدا ئوينايمىز.
—پۇل بارمۇ؟
پەرەز قىلغىنىمدەك چىقتى.
—پۇل دەپ قاپتىلا، قانچىلىك بولسا ئەرزىيدۇ؟
—سىنىتىسى كەم ئەمەس مىڭ كوي.
ماشىنىنى يەنە تورمۇزلىدىم. ساراڭغا يولۇقتۇممۇ نېمە دەپ سىنچىلاپ قارىدىم.
—ھۆكۈمەت بېرەلمىگەننى مۇشۇ جاڭگىلىستان يولىدىن تېپىپلا-دە، ئۇكام! سىلىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ئاياللاردىن قانداق ئالاھىدە پەرقلىرى بار؟
—ناھايىتى ئاددىي، ئىپپەت-نومۇسۇمنىڭ قىممەتلىكى بىلەن! ئەپسۇسكى، ھازىرغىچە مەن بىلەن ئوينىيالايدىغان ئوغۇل

بالىدىن بىرسى چىقمىدى. كۈندە ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ، كېيىن يېلى چىقىپ كېتىدۇ، خۇددى سىلىگە ئوخشاش. رەھمەت ئۇستام، بېكەتكە كېلىپ قالدىم.

قىز بىردەمدىلا يېنىمدىن غايىپ بولدى. كابىنكامدا ئۇنىڭدىن نىشانە سۈپىتىدە سۇس بىر خۇش پۇراق قالدى. ناچار كەيپىياتتا ھاڭۋېقىپ قاپتىمەن، ئىسمىنى سوراشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن.

سەكرەپ پەسكە چۈشتۈم. ئۇ لەپىلدەپ ماڭغىنىچە، تېرەكلىك مەھەللە يولىدا بىر پارچە ئوتتەك يىراقلاپ كەتتى.

1991-يىل ئىيۇل، قەشقەر.



# مەن ياشىغان دۇنيا

—خېنىم، شۇنچە پاكىز، چىرايلىقكەنلا، سىلىگە بۇنىڭ-دىن باشقا يول يوقمۇ؟ —دېدىم توپىغا بۇلغۇشۇپ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن چوكاننى يۆلەپ، ئۇنىڭ ياش سىرغىپ چىقى-ۋاتقان قاپقارا كۆزلىرىگە قاراپ ئىچىم سىيرىلغان هالدا. مەن ئۇچراتقان بەختلىك گۈزەل قىزلار، چوكانلار ئىچىدە بۇنىڭدەك تەبىئىي گۈزەل قىز-چوكانلارنى كۆرمىگەنىدىم. ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى مېنىڭ قۇچىقىمدا بولغاچقا، بەدەنلىرىم ياپراقتەك تىتى-رەپ كەتتى. هەتتا ئاۋازىممۇ ئۆزگىرىپ، تىترەپ چىقتى. ئۇ سايە تاشلاپ تۇرغان كىرپىكلىرىنى جۇپلەپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. كىرپىكى ئۇستىدىكى سۇرمە ياش يۇقىدىن پارقىراپ كەتتى. تېرىپ ئىنچىكىلەشتۇرگەن قاپقارا ئەگمە قېشى ئازابتىن تىكلى-شىپ كەتتى. جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا جاۋغىيىدىن قان ئارىلاش شالى سىرغىۋاتقان نېپىز لېۋىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. مەن ئۇنىڭ جامالىنى كىشىلەردىن يوشۇرىدىغان قارا رومىلىنى قې-قىشتۇرۇۋېتىپ ئاغزىدىكى قاننى سۇرتتۇم. ئاندىن ئاستا يۆلەش-تۇرۇپ، توپىنى قېقىپ، چىرايلىق كىيىملىرىنىڭ قالايمىقانلى-شىپ كەتكەن يېرىنى تۈزەشتۇرۇپ قويدۇم. هەم قورقۇش، هەم

بايا يېگەن تاياق ئازابى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئوڭشاپ تۇرغۇچىلىكىنى قويمىغانىدى. مەن يەنىلا ئۇنى يۆلەپ تۇردۇم. راستىنى ئېيتقاندا بۇنداق چىرايلىق چوكاننى تۇنجى قېتىم يۆلەپ تۇرۇشۇم ئىدى. بۇ يۆلەش ماڭا تاسادىپىي بولۇپ قالدى.

ئۈچ لۈكچەك ئۇنى ئۇرۇپ توپىدا يۇمىلىتىۋېتىپ قېچىپ كەتتى. مەن ئۇ چاغدا ۋېلىسىپىتلىك كېلىۋاتاتتىم. مەن مۇنۇ چوكاننىڭ نالە-پەريادىدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى پەملىدىم. لۈكچەكلەر چالا مەست بولسا كېرەك، چوكانمۇ ئۇلار بىلەن ۋارقىرىشىپ سۆزلەشتى:

—ئاران مۇشۇما؟ بۇنچىلىك بىر نېمەڭگە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ. ھالىنى كۆر بۇ بىر نېمىلەرنىڭ. ھەر قايسىڭ ئوغۇل بالىمۇ نېمە؟ گەپنى نەدە قىلغان، دېيىشكەن بويىچە بېرىشمەمسەن!—بۇ غەزەپ بىلەن تولغان نازۇك ئاۋاز ئىدى.

—ۋە...شۇنچە پۇلنى بەرسەك يەنە نېمە دەپ ۋاتىلدايسەن؟ بىزدەك ياشلار بىلەن بىللە بولغىنىڭنى شەرەپ بىلىپ، شۈكۈر قىلساڭ بولىدۇ. ماڭە تولا كاسىلدىماي يولۇڭغا، —دېدى ئۈچ كۆلەڭگە ئۇنىڭغا دېۋەيلەپ.

—ھىم، قوۋۇرغامنى ئېگىشمە، پۇلنى بېرىشمەمسەن-يوق، ھېلى، توۋلايمەن.

—مانا توۋلىغىن ئەمىسە.

شۇ گەپلەر بىلەن قاتتىق تېپىش، مۇشتلاش بولۇپ كەتتى. چوكان بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى. "ۋايجان، ئادەم بارمۇ... ئادەم ئۆلدى..."

مەن بېلىمدىكى مېتال تاسمامنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ يۈگۈ-

رۇپ كەلدىم. ئەمما ئۇلارغا چىقىلىشقا پېتىنالمىدىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ قولىدىمۇ بىر نەرسىلەر پارقىراپ كەتتى. ھەرھالدا ئۇلارمۇ ماڭا چىقىلماستىن موتسىكلىتلىرىغا مىنىپ كېتىپ قېلىشتى.

—شۇنچە چىرايلىق ئىكەنلا...

—شۇنچە چىرايلىق بولغانىنىڭ كاساپىتى. دەسلەپ چىرا- يىمغا ئىشىنىپ نوچىلىق قىپتىمەن. چىراي مېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈردى. بۇ دۇنيا سەتلەرنىڭ، مەينەتلەرنىڭ، پارىخورلارنىڭ ئىپلاسلىقلىرىغا يارىتىلغانىكەن— ...دېدى چوكان تەنە بىلەن. ئۇ ئۆزىنى تۇزۇۋالدى. مەن كەتمەكچى بولدۇم.

—ئەمدى ئۆيلىرىگە كېتىۋالسىلا.

—مەن قانداق كېتىمەن. ماڭغۇدەك ھالىم يوق. بېقىنىمغا بەك تېپىۋەتتى، ماز ئېشەكلەر. مەن سىلى بىلەن كېتەي. سىلىنىڭ ئۆيدە قونسام قانداق دەيلا.

—ياق، سىلىنى ئاپىرالمايمەن، ئۆيدە ئايالىم بار.

چوكان جىمىپ كەتتى. مەن ئەتە ئۆيگە ئۇن، ماي ئېلىشقا ئاتاپ قويغان ئون بەش كوي پۇلنىڭ ئون كويىنى ئۇنىڭغا بەردىم.

—سىلى مېنىڭ دەردىمنى بىلدىلە، قاراپلا بىلدىلە، خۇدا- يىم توپا ئالسىلا ئالتۇن، كۈل ئالسىلا كۈمۈش بولغاي، بىرسى مىڭ بولۇپ كېتەر.

مەن ئۇنى ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم. ئۇنىڭ ئۆيى ئوڭغۇل-دوڭغۇل، ئەگرى-بۈگ- رى ئۈمۈچۈك تورىدەك بىر كوچىنىڭ ئىچىدە ئىكەن. ئۆيىگە

بارغوچە پەقەت ئىسمىمىزنىلا سوراشتۇق، باشقا گەپ قىلىشمىدۇق. ئۇنىڭ ئىسمى مەھبۇبە ئىكەن. نېمە دېگەن چىرايلىق ئىسىم. ئاتا-ئانىسى نى-نى ئارزۇلار بىلەن بۇ ئىسىمنى قانچىلىك تالاشلاردا قويغان بولغىيدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندا، ئۇ ئىزا ئارىلاشقان يىغىسى بىلەن قەدىمىي ئۇيغۇرچە ئىشىكنىڭ ئالدىدا لېۋىنى چىشلەپ قالدى.

مەن ئۇنى يەنە ئۇچرىتىپ قېلىشنى ئويلىمىغانىدىم.

ئۇنى بۇگۈن چۈشتىن بۇرۇن دوختۇرخانىنىڭ قان ئامبىرى ئالدىدىكى بىر توپ جۇل-جۇل كىيىملىك زەئىپ ئادەملەر ئارىسىدا ئۇچرىتىپ قالدىم. ئانامنىڭ قورسىقىدا ئۆسمە پەيدا بولۇپ قالغاچقا ئوپېراتسىيە قىلىپ قان سالماقچى بولغان، قاننىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەش ئۈچۈن قان ئامبىرىغا كەلگەنىدىم.

—بۇ نېمانچە جىق ئادەم، نېمە ئىش قىلىدۇ ئۇلار؟ — دەپ سورىدىم بىللە ماڭغان دوختۇر ئاغىنەمدىن.

—ھەممىسى مۇساپىر-يېتىمچىلەر. يېتىشى خۇمداننىڭ گۇلەخلىرى، چېكىشى نەشە. قان ساتىدىغانلار قان سېتىپ چېقىپلا ئۇتتۇرۇۋېتىدۇ،—دېدى ئاغىنەم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزى پىلدىرلاپ قالغانلارمۇ، يۈزلىرىنى قىزىل مايلاپ قويغاندەك خېلى سۆلەتلىك ياشلارمۇ بار ئىكەن. بەزىلىرى خۇشامەت بىلەن يېنىمدىكى دوختۇرغا قاراشتى.

—بۇنچىۋىلا ئادەمنى يىغىۋالغۇچە غاچ-غۇچ بىر تەرەپ قىلىپ يولغا سالساڭلار بولمامدۇ؟ ھېيتكاردىكى مەدىكار بازىرىنىڭ ئۆزى بولۇپتۇ،—دېدىم مەن. ئاغىنەم كۆزۈمگە تازا بىر قارىۋېلىپ:

— سەن مۇشۇ يەردە بارمۇ-يوق؟ ھېلى باشقا بىر دۇنيادىن كېلىپ قالغاندەك سۆزلەيسەنغۇ؟ بىزدە ئاسان ئىش ئاغزىمىزدى-كى گەپ. مۇشۇلارنىڭ ئېپى بارلىرى قېنىنى ساتالايدۇ، بولمى-سا يوق.

ياللا، ئۆزىنىڭ قېنىنى سېتىش ئۈچۈنمۇ ئاغزىنى مايلاش كېتەمدۇ؟

— كەتمەي ئەمىسە، بۇ بىچارىلەر قېنىنى سېتىش ئۈچۈن قان ساتقان پۇلنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇنىڭ-بۇنىڭغا خەجلىسە ئاندىن ساتالايدىغان گەپ. بۇ يەردە ئاۋۇلارنىڭ ساتمىقى ئاسان، قارا. يېقىندىن بېرى قان ساتىدىغانلار ئىچىدە ئاۋۇ ئۈچ ئايال پەيدا بولۇپ قالدى. بىرسى ئوتتۇرا ياش، ئىككىسى ياش چو-كان، چىرايلىق چوكانلار. بۇ يەردە قان ئالىدىغان گويلار، ياشلار... ئۇ شۇنداق دەپ كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويۇپ، گېپى-نى داۋاملاشتۇردى، — ئۇلار قاننى ئاسان ساتىدۇ، مۇشۇ يەردى-كىلەر بىلەن چىقىشىۋاپتۇ. ماۋۇ ئەركەكلەر ئاشۇلار ئارقىلىق قېنىنى ساتالايدىكەن. شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارىلىق-تىن پايدا ئالمىسا ئۇنداق قىلمايدۇ.

مەن قاراڭغۇ كارىدوردا يۈزىنى يېپىپ بىر سېمونت ئورۇن-دۇقتا ئولتۇرغان ئۈچ ئايالغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدىم.

— ھەيران قالما، يۇر، ئۇنداق ئىشلارغا ھەيران قالغىلى تۇرساڭ ئىش تولا. بالىنىڭ ئۆزىدە-سەن، — ئاغىنەم پېشىمدىن تارتتى. شۇئان يۈزى يېپىقلىقتىن بىرسى:

— ۋاي سىلى بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىلا، — دېگىنىچە ئورنى-دىن تۇرۇپ كەلدى. مەن ئاۋازىدىنلا تونۇپ ئەندىكىپ كەتتىم.

ئۇ ئالدىمغا كېلىپ يۈزىنى ئېچىۋەتتى. ”مەھبۇبە...“ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتتى بىلمىدىم. بۇلۇت ئارىسىدىن ئاي چىقىۋاتقاندەك ئۇنىڭ قاش-كۆزى ئويناپ تۇرىدىغان گۈزەل جامالى ئۆتكەنكىدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

— سىلى بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىلا؟ — سورىدىم مەن.

ماۋۇ دوختۇردەپ بەرگەندۇ، — دېدى ئۇ ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ، — ھەر ھالدا ئۆتكەنكى ئىشىمدىن بۇ ياخشىدۇ.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم، ئەمما نېمىشقا لىڭشىتقانلىقىمنى ئۆزۈم ھازىرغىچە بىلمەيمەن.

— يائاللا ئەجەب چىرايلىق كاساپەتكىنا بۇ.

— قانداق، كۆزۈڭ قىزىرىۋاتامدۇ؟

— ئەمىسە، ئۆزۈڭچۇ. ئۆزۈڭ قانداق تونۇشۇۋالغان بۇ ھۆر بىلەن.

بىز مەھبۇبە بىلەن خوشلىشىپ ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئاشۇلارنى دېيىشتۇق. مەن تونۇشۇش جەريانىمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم.

— ئاشۇنداق گۈزەللەر مۇشۇنداق خار-زار، نېمە دېگەن ئادالەتسىزلىك بۇ.

— ھوي، سەنمۇ كۆنۈپ قالىسەن، مەنمۇ كۆنۈپ قالدىم. ھازىر تام كۆمتۈرۈلسىمۇ پىسەنتىمگە كەلمەيدۇ. بىزدە خار-زار، دەپسەندە بولۇۋاتقان نەرسە ئازمۇ. بىزدە قايسى گۈزەل بولسا شۇ خار، شۇ دەپسەندە بولۇۋاتامدۇ. بۇنى سۆزلەپ كەلسە ئادەم ئىچ-ئىچىدىن قايناپ كېتىدۇ، چۈگۈنمۇ قايناپ ئۆزىنىڭ

بوينىغا تاشىدۇ ئەمەسمۇ؟ بولدىلا سۆزلىمەيلا قوياي، مەن ساڭا قايسى بىر شائىرنىڭ بۇھەقتىكى شېئىرىنى ئوقۇپ بېرەي…

مەن ئۇنىڭ ۋاتىلداق ئاغزىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ كەتتىم.

1992-يىل 1-ئاي.

# قىرتاق سوقا

چەت ئەلدىن تاغامنىڭ ئوغلى كەلدى. ئۇ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە تەتقىقاتچى ئىكەن. مېنىڭ ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، ئۇ بەكلا سۆيۈنۈپ:

—بالام، مېنىڭ ۋەتەندىكى ئالىملار، يازغۇچى، شائىرلار بىلەن ئۇچرىشىش نىيىتىم بار ئىدى، ئىمكانىيىتى بولارمۇ؟— دېدى.

—مۇمكىن بولار، —دېدىم ھاياجان بىلەن.

دادامنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئاۋۋال شەھىرىمىزدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئەدىب ھەم جامائەت ئەربابىنى تېپىپ ئۇنىڭغا تۇغقىنىمنىڭ مەقسىتىنى ئېيتىۋېدىم، بۇ كىشىمۇ خۇشال بولۇپ:

—بەك ئوبدان گەپكەن، ئۇكام. مەن بارماق بىلەن سانىلىدىغان ئالىم، ئەدىبلىرىمىزنى خەۋەرلەندۈرەي، بۇ چوقۇم ئوبدان ئۇچرىشىش بولىدۇ، —دېدى.

شەنبە كۈنى كەچتە بىزنىڭ ئۆيدە ئۇچرىشىش بولدى. تۇغقىنىمنىڭ كۆزىدىن ياش كەتتى. بىردەم ئۇياق-بۇياقنىڭ پاراڭنى قىلغاندىن كېيىن، ئۇ قولىغا رومكىنى ئېلىپ سۆزلىدى:

—مەن ۋەتەنگە تۇنجى قېتىم كېلىپ شۇنچە ھاياجانلانغان،

كۆرۈپ، ئاڭلاپ تويمىغان، مېنىڭمۇ مۇشۇنداق ۋەتىنىم بار ئىكەنغۇ، مەن ۋەتەنسىز ئەمەس ئىكەنمەن، دەپ ئىپتىخارلانغان. مانا هازىر ھەرقايسىڭىزلارنى—نادانلارنىڭ دىلىغا چىراغ ياققۇچى، ۋەتىنىنىڭ چولپان يۇلتۇزلىرىنى كۆرۈپ، كۆزۈمدىن ياش توختىمايۋاتىدۇ. هازىر مۇشۇ رومكىدىكى ھاراقنى ھەرقايسىڭىزلار بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئىچىشكە بەكمۇ تەقەززامەن.

—مەن يولداش ئېلى ۋەلىنى تونۇغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنى ئاۋۋال تونۇشتۇرۇپ قويسام، قالغان يولداشلارنى يولداش ئېلى ۋەلى تونۇشتۇرۇپ قويسا، —دېدى دادام.

—ئوبدان، مەرھەمەت، —دېدى تۇغقىنىم.

—يولداش ئېلى ۋەلى ۋىلايەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى، مەملىكەتلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي ھەيئىتى.

ئېلى ۋەلى خۇشال ھەم خىجىل بولغان قىياپەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇغقىنىمىزغا قاراپ كۈلۈپ باش لىڭشىتتى. ئاندىن سورۇندا ئولتۇرغانلارنى تۆردىكىلەردىن باشلاپ تونۇشتۇرغىلى تۇردى:

—يولداش ئىسمائىل ئىسلام، ۋىلايەتلىك قەنت، تاماكا، ھاراق شىركىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

قويۇق چۇپۇر يۈزلۈك ئادەم بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى.

—يولداش مۇسا توختى، ئاپتونوم رايونلۇق يىپەك يولىنى ئېچىش جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك يىپەكچىلىك زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى.

ئىسكىلىت چىراي تاقىر باش ئادەممۇ كۈلدى. تاغامنىڭ

ئوغلىنىڭ بېغىر كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ ھەيرانلىق بىلەن بىر ماڭا، بىر دادامغا تىكىلدى. بىز پەخىرلىنىپ كۈلۈپ بېشىمىز-نى لىڭشىتتۇق.

— يولداش قاسىم باسىت، شەھەرلىك تارازا-ئۆلچەم باشقۇ-رۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى؛ يولداش ھېيت سېيىت، ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

تۇغقىنىمنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ھالدا، ھەممە چىرايىغا ھاڭۋېقىش بىلەن ياندۇرمىلاپ قارىدى. مەن سەل ھودۇقۇشقا باشلىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ بېغىر كۆزلىرىدىن نارازىلىق يېغىپ كەتتى.

— يولداش ئىسمەت يالقۇن، شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى-نىڭ سوتچىسى. ھە، مەن بارلىق يولداشلارنى تونۇشتۇردۇم. ئەمدى ھۆرمەتلىك مېھمان ئۆزىنى تونۇشتۇرسا، تونۇشقانلىقى-مىزنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ئىچىشسەك.

ھەممىسى شۇنداق دېيىشىپ باش لىڭشىتىپ كۈلۈشتى. تۇغقىنىمنىڭ چىرايى بۇلۇتلىنىپ كەتكەندى. ھەممەيلەن كۈ-لۈشتىن توختاپ بىر-بىرىمىزگە گاڭگىراپ قاراشتۇق. تۇغقى-نىم ئورنىدىن تۇردى:

— ئەزىز ۋەتەنداشلار، مەن ئەسلىدە ئۆزۈمنى تونۇشتۇرماق-چى ئىدىم. ئەپسۇسكى بۇ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش ئىلمىي خادىم-لارنىڭ ئولتۇرۇشى بولماستىن، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئول-تۇرۇشى بولغانلىقى، ئۆزۈمنىڭ مەسئۇل خادىملار بىلەن ئالاقى-سى بولمىغانلىقى سەۋەبلىك بۇ نىيىتىمدىن يېنىشنى قارار قىل-

دىم. تاغام ئالىم، ئەدىب، سەنئەتكارلار بىلەن كۆرۈشۈش سو-
رۇنى ئويۇشتۇرۇلدى، دېيۈدى، تاغام خاتا دەپ قويدىمۇ ياكى
مەن خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ، بىلەلمىدىم. شۇڭا ۋەتەنداشلارغا
بولغان ھۆرمەت تۇيەيلى بۇ تونجى رومكىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن
يەنە ھەمسۆھبەت بولالمايدىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن…
—ياق…ياق …بۇ…مەن …ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالمى-
سۇن، ئەستا، —ئېلى ۋەلى ھودۇقۇپ قىزىرىپ كەتتى، —
بۇ…بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتاقلىق ئالىم، يازغۇچى، رەسسام،
سەنئەتكار. ئالدىنىڭ ئوندىن ئارتۇق كىتابى نەشر قىلىنغان،
ھەتتا چەت تىللارغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان.
تۇغقىنىمنىڭ قاپىقى تېخىمۇ تۈرۈلدى. بىردەم جىممىدە
تۇرۇپ قالدى. كۆزىدە ياش لىغىرلىدى.
—ئەپسۇس، ئەپسۇس، مەن چۈشەنمەپتىمەن، كەچۈرۈڭ-
لار، ئىلمىي ئەمگەكچىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلاردىن كېيىنمۇ تىلغا
ئېلىنمايدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىماپتىمەن. مېنى كەچۈرۈڭلار.
بۇ پەقەت چۈشىنىشمەسلىك. قېنى كۆتۈرەيلى، خوشە، سالامەت-
لىكىمىز ئۈچۈن!
مەن تۇغقىنىمغا قاراشتىن ئۇيۇلۇپ دەرھال تالاغا چىقىپ
كەتتىم.

1991-يىل 11-ئاي.



# قىز كېتىدۇ

ئاخشامدىن بېرى توختىماي ياغقان قار بىر كېچىدىلا يۇرتنى كۆمۈپ تاشلىدى. بوجۇق توپا ئاقىدىغان مەھەللە يولى، غولىدىن تارتىپ شاخلىرىغىچە بىر ئىلىك توپا قونۇپ، سەل-پەللا شامال چىقسا توزان ئۇچۇپ تۇرىدىغان دەل-دەرەخ، ئېتىز قىرلىرى بىلەن ئېرىق قاشلىرى، قېلىن ئۆسكەن قومۇشتا باسۇرما قىلىنغان كەڭ دالا ۋە پاكار دۆڭلەرگىچە ئاپئاق قاردىن لىباس كىيگەندى. پاخپىيىپ ئۆسكەن جىگدە نوتىلىرى يالغان چاچ سېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن جۇۋاننىڭ بېلىدەك ئېگىلگەن، جىگدىچۈك بىلەن ئاق قۇشقاچلار يېگۇدەك بىر نەرسە تاپالماي ۋىچىرلىشىپ دەرەخ نوتىلىرىدىكى قارلارنى توزۇتۇپ ئۇچۇشاتتى.

بۈۋى مەريەم بايا قومۇش ئىسى بىر ئالغان ئۆيدىن ئاپقۇردا ئاش كۆتۈرۈپ چىققاندا، ۋۇجۇدىغا ئىس سىڭىپ كەتكەندەك تۇيۇلغانىدى. قارھاۋاسى بىر دەمدىلا ئۇنىڭ ئىچ-ئىچىگە سىڭىپ، كەتكەن ئىسلارنى تارتتى بولغاي، بىردىنلا كۆڭلى ئېچىلىپ، بېشى ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن پاختەكلەردەك ئۇچقۇسى كېلىپ

كەتتى. لېكىن بىردەم ماڭا-ماڭماي كونا ئۆتۈكىنىڭ پايتىما-
پايپاقلىرى كۆرۈنۈپ قالغان يىرتىقلىرىدىن سوغۇق ئۆتۈپ، پۇ-
تى ئۇيۇشقا باشلىدى. ئاپقۇرنى ئانىسى ھېلىمۇ ياخشى كونا باش
ياغلىقىقا چېگىپ بېرىپتىكەن، بولمىسا قانداق قىلاتتىكىن، ھەر
بەش قەدەمدە بىر قېتىم ئۇ قولدىن بۇ قولغا يۆتكەپ تۇرسىمۇ
قوللىنىڭ بارماقلىرى توڭلاپ قولاشماي قالدى. ئۇ چوڭ بولغان-
دىن بېرى بۇ يۇرتتا بۇنداق قېلىن قار ياغقىنىنى ئەسلىيەلمەي-
دۇ، قار ياغمىغاندىن كېيىن سوغۇقمۇ ئانچە قاتتىق بولمايدۇ-
دە. ”خۇدانىڭ بۇ رەھمىتى چوقۇم ياخشىلىقتىن بېشارەت، —
دەپ ئويلىدى ئۇ مۈدۈرۈپ-چوقۇرۇپ كېتىۋېتىپ، —
ھېچبولمىسا كېلەر يىلى مېۋىلەر ئوبدان ئوخشاپ، باغلار تۆك-
مە-تالقان، سېسىمچىلىق، توقچىلىق بولىدۇ. قار قېلىن ياغسا
دەرياغا سۇ تولۇپ كېلىدۇ. كېۋەز ئېتىزلىرى قاندۇرۇپ ئوسا
قىلىنىپ، پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىنسا، ئۇنىڭ پۇلى دەرد-
سەدىن ئېشىپ ئۆينىڭ يىللىق كەلدى-كەتتىسىنى قامدىسا،
ئاندىن موزاينىڭ پۇلى تېلېۋىزورغا ئاشىدۇ. خۇدايىم ئاغرىق-
سىلاق، كېلىشمەسلىكتىن ساقلا. بولمىسا ھەممىسى يەنە تۈتۈن-
دەك تۈگەيدۇ. خۇدايىم يەرگە قىلغان ئەجرىمىزگە يارىشا بەرد-
كەت بەرسە، كېلەر يىلى قىشتا ئاتامنى ھاشارغا پۇل تۆلەشكە
كۆندۈرىمەن. تۇخۇم يېمىسەكمۇ، كىنو كۆرمىسەكمۇ مەيلى،
كېلەر يىلى قىشتا چوقۇم تۇخۇمنىڭ پۇلىنى يىغىپ تۆت تاغار
كۆمۈر سېتىۋېلىپ، بىزمۇ قىشنى باقى مىرابتەك ئىسسىق ئۆيدە
تەرلەپ ئولتۇرۇپ چىقىرىمىز...“

بۇۋى مەريەم ئاتىسى ئىشلەۋاتقان زەيكەش بېشىغا كەلگەندە

ئاپقۇرنىڭ ئىسسىقى پەقەتلا قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىدا يىغلىغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇ شۇنچە ئالدىراپمۇ ئاتىسىغا ئاشنى ئىسسىق پېتى ئەكىلەلمىگىنىگە ئۆكۈنەتتى. "بىچارە ئاتام مۇز-دەك ئاشنى ئىچسە ئىچىگە بىر پارچە مۇزكىرگەندەك تىترەپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كەتمەننى قانداق چاپار... ئىتتىكرەك ماڭماي ئاشنى سوۋۇتۇپ قويۇپسەن دەپ تىللارمۇ ياكى ئىچمەي قايتۇرۇۋېتەرمۇ..." بۇۋى مەريەم ئەندىشىلىك خىياللارنى قىلىپ ئېخىمۇ توڭۇپ كەتتى. ھاشارچىلار قېلىن قار قاپلاپ كەتكەن بىنەملىكتە زەيكەش چاپماقتا ئىدى. ئەرلەر چوڭقۇر زەيكەش ئىچىدىن قارا لايىنى كەتمەن بىلەن قاشقا تاشلىسا، ئاياللار ئۇزۇن كۆڭلىكىنى بېلىگە تۈرۈۋېلىپ، دۆۋىلەشكەن لايىنى كەينىگە سۈ-رەتتى. ئۇلار چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ قىزغىن ئىشلەيت-تى. "ۋاي خۇدايىم، ئۇنبەش كوينىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقىپ بۇگۈنلۈك ھاشاردىن قۇتۇلمىغان بولسا، ئانامۇ ئاشۇ خوتۇنلار-دەك لاي تارتارمىدى؟" خىيالىدىن مۇشۇلار كەچكەن قىز زەي-كەش قىرىنى بويلاپ ئاتىسىنى ئىزدەپ ماڭدى.

ئاتىسى تۇۋلىمىغان بولسا، ئۇ تونۇماستىن ئۆتۈپ كېتىۋې-رەمتىدىكىن، ئاتىسىنىڭ يۈز-كۆزلىرى قارا لاي چاچراپ تونۇ-غۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ كەتمىنىنى جايىدىلا قويۇپ پۇتلى-رىنى تەستە يۆتكەپ قاشقا چىقتى.

يۈزىڭىز قاپقارا بولۇپ كېتىپتىكەن، تونۇماي ئۆتۈپ كەت-كىلى تاس قاپتىمەن، — دېدى بۇۋى مەريەم ئاتىسىغا سىنچىلاپ قاراپ.

ئاتىسى كىرلىشىپ كەتكەن كۆك كاجى بەلۋېغىنىڭ ئۇچى

بىلەن يۈزىنى چالا-بۇلا سۈرتۈپ ئىنكاس قايتۇردى:
— كۆزۈڭ پەرق قىلالمىغان بىلەن يۈرىكىڭ تونۇغان گەپ-تە، بالام. ئاناڭ نېمە ئەۋەتتى؟
— يوبدان ئەۋەتكەن، شۇنچە ئالدىرىساممۇ سوۋۇپ قالدى. ئىچىڭىز مۇزلاپ كېتەرمۇ، دادا؟
— مەيلى بالام، ئىچىۋېرىمەن، قايسى بىر توڭغاننى دەيسەن بالام، بىز سۇ كېچىپ زەيكەش چاپساق، كادىرلىرىمىز قاشتا تۇرۇپ توڭدۇق دەيدۇ. ئادەم دەسلەپتە توڭغاندەك بولىدىكەن، بىردەمدىن كېيىن سوغۇق بىزدىن قورقتىمۇ ياكى... ھېچ توڭغاننى سەزمەيدىكەن ئادەم.
— نەدىكىنى، بەدەن توڭۇپ چەككە يەتكەندىن كېيىن سەزمەس بولۇپ قالغان گەپ. ئىسسىت ئاتا، تايىنلىق ئىككىلا چامنى ساتساقمۇ بولۇپتىكەن، جاننى قىينىغىچە. پۇل دېگەن تېپىلار ئىدى.
ئاتا ئۇندىمەستىن، سوۋۇپ قالغان ئاشنى قوشۇق ئىشلەتمەيلا سۇمۇرۇپ ئىچىۋەردى. قورسىقى ئارام تاپقاندىن كېيىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ دېدى:
— ھەي... بالام، خۇدا ساڭا بۇنداق ھاشارنى كۆرسەتمەس. مېنى شۇنداق ئويلىمىدى دەمسەن. شۇنداق قىلساققۇ بۇنداق جاپانى تارتماي، ئىسسىق ئۆيدە راھەتلىنىپ ئولتۇراتتۇق. لېكىن، ئەھلى-مەھەللە ھاشارغا چىقسا، بىز ئەر-خوتۇن ئىككىلىمىز چىقمىساق، پۇلغا زىيان بولۇشتىن سىرت يەنە ئەڭ ئەدناسى مەھەللە-كويدىن ئۆرە بولۇۋېلىش كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ياخشى ئەمەس. ئات تەپكەنگە ئات چىدايدۇ، خەق چاپسا، بىز

چاپمىساق بىشىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيمىز، بۇنىڭدىن كۆرە يۈرتتىن چىقىپ كەتكىنىمىز تۈزۈك. ھازىر ئاناڭنىڭ ھاشارغا چىقمىغانلىقىغىمۇ، چامنى پۇلغا ساتقان تۇرۇقلۇق، ئۆزۈمچە خۇدۇكسىنىپ بىر قىسما بولۇپ كېتىۋاتىمەن...

—ھەي...ھەي، ئاۋۇ چام كىمنىڭ؟ —قاش بويلاپ يېتىپ كېلىشكەن بىر توپ كادىرنىڭ ئالدىدىكىسى سورىدى.

—مېنىڭ! —دېدى بۇۋى مەريەمنىڭ ئاتىسى.

—نېمىشقا چاپماي ئولتۇرىسەن؟

—چېپىۋەرسەم سۇ چىقىپ، تېيىلغاق بولۇپ كەتتى. بىر-دەم تۇرۇپ قۇرۇغاندا چاپاي دېدىم.

كادىرلارمۇ، زەيكەش ئىچىدە چام چېپىۋاتقانلارمۇ پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ "چاقچاق"نىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغان كادىر بىلەن بۇۋى مەريەمنىڭ ئاتىسى نېمە بولغىنىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ قېلىشتى. بۇۋى مەريەممۇ ھېچنېمىنى ئۇقالماي ھو-دۇققان ھالدا كادىرلارغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى. ھېلىقى كادىر بىردىنلا قىزىرىپ:

—ھۇ نەس ئوغرى، قانداق قىلساڭ قىلە! —دېگىنىچە كېتىپ قالدى.

زەيكەشتىكى ھاشارچىلار بىلەن قالغان كادىرلارنىڭ كۈل-كىسى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

—يائاللا، سوپىباي، تازىمو كەلتۈردۇڭ جۇمۇ!

ھاشارچىلار كادىرلارنىڭ بۇ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ "سوپىباي، ھاردۇقىمىزنى چىقاردىڭ" دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. سوپاخۇنمۇ بىردەم تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى.

ئارقىدىنلا قىزنىغا قاراپ ئۇيالغاندەك بولدى-دە، بىلىنەر-بىلىنمەس قىزاردى. بۈۋى مەريەم بۇنداق چاقچاقلارنى پەقەت چۈشەنمىسىمۇ، بىرەر ئۇياتلىق گەپ بولغانلىقىنى پەملەپ يەرگە قارىۋالدى.

—ئاكا، بۇ سىزنىڭ قىزىڭىزمۇ؟

بۇ يەرلىكلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان كۆلگۈنچەك بىر ئادەم سوپاخۇنغا يېقىن كېلىپ، ئەدەب بىلەن سورىدى.

—خۇدايىم بۇيرىسا، شۇنداق.

—ئالدىڭىزغا مېڭىپ بېقىڭا قىزچاق.

بۈۋى مەريەم ئۇيالغىنىدىن بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سېلىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا قارنى جىجاشقا باشلىدى.

—ئۆرە تۇرغاندىكىن ماڭالايدۇ، ئەلۋەتتە! —سوپاخۇننىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى.

—سوپاخۇن، بۇكىشى ئۇرۇمچىدىن كەلگەن، —دېدى بۇ گەپنىڭ ئۇستىدىن چۈشكەن سېكرېتار، —مانداغ دەنشىگە① رەسىم ئالىدىكەن، چېغىمدا قىزىڭلىنى دەنشىگە چىقىراي دەپ قالدى، شۇنداقمۇ ئۇستام، ئەگەر قىزىڭلا ياراپ قالسا دەنشىگە چىقىدۇ.

سوپاخۇن كۆلگۈنچەك ئادەمگە قارىۋېدى، ئۇ كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى. بۈۋى مەريەم بېشىنى لەپپىدە كۆتۈرۈپ، ياتباش ئادەمگە قارىدىيۇ، يەنە قىزىرىپ بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سالدى. لېكىن خۇشاللىقتىن ئىچىگە بىر پارچە ئوت كىرگەندەك بولۇپ،

① "تىبلېۋىزور"نىڭ خەنزۇچە بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

ۋۇجۇدى يېلىنجاشقا باشلىدى.

— بالام، كادىر ئاكاڭنىڭ تەلىپى بويىچە ماڭە، زەيكەشتىن قۇتۇلىسەن، چام چاپمايدىغان ئادەم بولۇسەن! — دەيتتى ئاتا جانلىنىپ، — بۇ ئىشنى خۇدايىم يەتكۈزدى. كادىر ئۇكام، قىزىم دەنشىگە چىقسا بۇ يەردىن كېتىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

— نېمە هاڭۋېقىپ تۇرۇسەن بالام، ماڭە-ماڭ! ئۇچ دېسىمۇ يالتايما.

ئاتىسى زورلاۋەرگەندىن كېيىن، بۇۋى مەريەم بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي، تەمتىرەپ، دەلدۇگۇنۇپ بەكمۇ تەستە بەش-ئالتە قەدەم مېڭىپ، ئىزىدا ئولتۇرۇپلا يىغلىۋەتتى. قاراپ تۇرۇشقانلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. سوپاخۇن يالۋۇرۇپ، تارتقۇشلاپ، پوپۇزا قىلىپ يۆرۈپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ يېتىلەپ ئەكەلدى.

— ئىسمىڭىز نېمە، سىڭلىم؟ — سورىدى كۈلگۈنچەك ئادەم.

قىز تىرنىقىنى تاتىلاپ، بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي تۇرۇۋەردى.

— ئۆيدە دەنشىنىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ بېشىمنى ئوچاق ئېتىسەن. مانا ئەمدى دەنشىچى ئۇستام كەلسە تامدەك تۇرغىنىڭ نېمىسى، گەپ قىلە. دەنشىگە چىقىسەن. خەقلەر سېنى دەنشىدە كۆرىدۇ. سەن-بىزدەك ئاددىي ئادەملەر تۇگۇل بۇ يەردىكى كادىرلارمۇ، هەتتا ناھىيىنىڭ هاكىممۇ دەنشىگە چىقىپ باقمىدى. سەن بىزنىڭ ناھىيىدىن تۇنجى قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ

دەنشىسىگە چىققان ئادەم بولىسەن. چاپسان ئىسمىڭنى دەپ بەر، دەيمەن. ھېلى بىكار مەندىن تولۇق كاچات يەيسەن.

— بۇ ... بۇۋى مەريەمگۈل، — قىز بېشىنى كۆتۈرمەستىن جاۋاب بەردى.

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئون تۆتكە.

— ئوقۇمسىز؟

— تولۇقسىزدا ئوقۇيمەن.

— ئوقۇسا چوڭ يەردە ئوقۇسا بولىدىكەن. شۇڭا ئەمدى بۇ يەردىكى ئەپەندىچاقلاردا ئوقۇتمايمىكىن دەۋاتىمەن. سىلى ئەكەتىپ ئوقۇتسىلا بولمىسا كادىر ئۇكام، — دېدى سوپاخۇن يېلىنىپ.

— ناخشا ئوقۇيالامسىز؟

— ھىم...

— ئوقۇيدۇ، ئوقۇيدۇ. ئوقۇيالايمەن دە. سىلىدىن تارتىنىۋاتىدۇ، ئۆيدە تۇمۇچۇقتەك سايرايدىغان بالا دېسىلە بۇ. ئوقۇغىنا، كادىر ئاكاڭ ئاڭلىسۇن.

— تارتىنماي ئوقۇۋېرىڭ.

— قايسى ناخشىنى ئوقۇيمەن؟

— بىلگىنىڭىزنى ئوقۇڭ.

— ھاشار بېشى بولغاندىكىن ھاشارچى ناخشىسىنى ئوقۇسۇن.

— ھە، ياخشى، ھاشارچى ناخشىسى بولسا بەك ياخشى.

— ئىز...ئىزا تارتىدىكەنمەن. ئاۋۇ تەرەپكە قاراپ ئوقاي.

—بولىدۇ، بولىدۇ. ئاۋازىڭىزنى قويۇپ بېرىپ ئوقۇڭ.
قىز بىر هازا تىرناق تاتىلاپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاۋازىنى ئاستا-ئاستا قويۇپ بېرىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

............

زەيكەشنى تولا چېپىپ،
لاي چاچراپ قارا بولدۇم.
ئامەت-تەلىيىم قېچىپ
بەختسىز بالا بولدۇم...

بۇۋى مەريەم ناخشىسىنى ئوقۇپ تۈگەتمەستىنلا دۈگىنىڭ كەينىگە قېچىپ كەتتى.

—ئۇلۇغ خەلق، بارلىق مۇھەببەت يەنىلا سەندە، —دېدى كولگۇنچەك ئادەم پىچىرلاپ.

سوپاخۇن گاڭگىرىغان هالدا تۇرۇپ قالدى. باشقىلارمۇ هېچنېمىنى ئاڭقىرالماي هېلىقى ئادەمگە قاراشتى.

* * *

بۇۋى مەريەمنى ناخشا ئوقۇتقان كولگۇنچەك كىشى بۇرۇنقى زامان ئەكىس ئەتتۈرۈلىدىغان تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلىگىلى كەلگەن رېژىسسور باسىت ئىدى. ئۇنىڭ، قېرى شاهنىڭ دېهقان قىزنى توقال قىلىدىغان كۆرۈنۈشكە لايىق كېلىدىغان ئارتىس تاپالماي ئىچى پۇشۇپ، دېهقانلار زەيكەش چېپىۋاتقان بۇ جايغا كەلگەندە تاسادىپىي هالدا مۇرادى هاسىل بولۇپ قالغانىدى.

بۇۋى مەريەمگۈلنىڭ خانىش رولىنى ئېلىپ تېلېۋىزورغا چىقىدىغانلىقى مەهەللىسىگىلا ئەمەس، پۈتۈن ناهىيىگە پۇر كەتتى. بۇ ”ئامەت“تىن سوپىباينىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى. بۇۋى

مەريەمگۈل پادىچى يىگىتنىڭ ئاشىقى بولۇپ ناخشا ئېيتىدىغان ۋە يىگىتى چالغان نەيگە كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان كۆرۈ-نۈشلەردە ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ رول ئالدى. ئەمما شاھ مەج-بۇرلاپ خوتۇنلۇققا ئالىدىغان ئاخشامدىكى كېلىن ھۇجرىسى ۋە چىملىدىق ئىچىدىكى كۆرۈنۈشلەرگە كەلگەندە، قورقىمەن، ئىزا تارتىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. باسىت ئۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ چۈشەن-دۈرۈشكە ئۇڭايسىزلىنىپ، بىر ئايال ئارتىسنى مۇشۇ كۆرۈنۈش-نىڭ ياردەمچى رېژىسسورلۇقىغا تەكلىپ قىلدى.

رابىيە ئىسىملىك بۇ ئايال بۇۋى مەريەمگە شاھ بىلەن چى-مىلدىق ئىچىدە بولىدىغان ئىشلارنىڭ جەريانىنى رەسمىي يوسۇن-دا كۆرسەتتى. قىزنىڭ كۆز ئالدىغا دەرھال كىنولاردىكى ئاشۇن-داق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەن چاغدا يۈرىتىدىكىلەر بىلەن ئاتا-ئا-نىسىنىڭ قانداق غۇلغۇلىلارنى قىلىشىدىغانلىقى كەلدى.

ئىلگىرى كىنولاردا شۇنداق كۆرۈنۈش چىقىپ قالغاندا ئۇ-لار ياقىسىنى تۇتۇشۇپ دېگەن گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرگەن ئىدى: ”قانداق ئادەمنىڭ بالا-چاقىسىدۇ، ئاشۇنداق قىلسا ما-قۇل دەيدىغان ياكى ئۇلار رەسمىي ئەر-خوتۇنلارمىدۇ. ئەجەب نومۇسنى بىلمەيدىغان خەقكەن، ھەرقانچە بولسىمۇ پەردىشەپنى قايرىپ قويۇپ شۇنىمۇ كىنوغا ئالغان بارمۇ...“

—بۇ رەسمىي ئۇنداق بولىدىغان ئىش ئەمەس، سۈرەتكىمۇ پەقەت مانا مۇشۇ كۆكسىڭىزنىڭ يۇقۇرىسىلا ئېلىنىدۇ. سىز قورققىدەك ئىش يۈز بەرمەيدۇ. بۇلار ئەمەلىيەتتە يالغان، لې-كىن سىز راستتەك ھېسسىياتتا بولىسىز، مانا مۇنداق...

رابىيە قېرى شاھ بىلەن چىملىدىق ئىچىگە كىرىپ تولغى-

ىنىپ، لەۋلىرىنى چىشلەپ ۋارقىرىغان ھەرىكەتنى يەنە بىر قې-
تىم كۆرسەتتى.
— قورقۇۋاتىمەن.
— قانداق قورقۇش بۇ، ھېچ ئىش يوق! قاراڭ، ئەمەلىيەت-
تە بىز يالغۇز ئەمەس، ئوپېراتور بىلەن چىراغچىلار كۆرۈپ
تۇرىدۇ.
شاھىنىڭ رولىنى ئالىدىغان ئارتىس يىگىتنىڭ تاقىتى تۈ-
گەپ زەردە قىلدى. بۇۋى مەريەمگۈل يۈزىنى ئېتىۋېلىپ يىغلاپ
كەتتى.
— بىزدە نى-نى قىزلار بىرەر فىلىمدە رول ئالالماي خۇن
بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. سىز بولسىڭىز نېزىقاپ تۇرۇۋېلىۋاتىسىز.
رېژىسسور ھەدەپ يىغلاۋاتقان بۇۋى مەريەمگۈلنىڭ يېنىغا
كەلدى:
— سىڭلىم، كۆڭلىڭىزدە بىر تۈگۈچ باردەك قىلىدۇ. بۇ
يەردىكىلەر نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار-
دەك بولۇپ كەتتۇق. سىز بىزنىڭ قىزىمىز ياكى ئۆز سىڭلى-
مىزغا ئوخشاش، تارتىنماي دەۋېرىڭ.
بۇۋى مەريەمگۈل رېژىسسورغا قاراپ لېۋىنى چىشلەپ قوي-
غاندىن كېيىن، يەرگە قارىغىنىچە دېدى:
— ئانام... ئانام ”كىنوغا چىققاندا ياتيالاڭ ئىشنى[1] قىلساڭ
يۇرتتا يامان ئاتاققا قالىسەن، ئەر ئالمايدۇ. ئۇنداق ئىشلارنى
قىل دېسە ئۇنىمىغىن...“ دېگەن.

---

[1] غەيرىي مەنىسىدە.

—بىز سىزنى سەنئەت ئىنستىتۇتىغا تونۇشتۇرىمىز. مۇشۇ فىلىمدە رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالسىڭىزلا سىزنى ھەرقانداق سەنئەت ئورۇنلىرى قوبۇل قىلىشقا قىزىقىدۇ. ئىش قىلىپ ئەمدى بۇ يەردە تۇرمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىڭ.

—مەن سىزنى راستىنلا ”خانىش“لىققا تاللىسام، يۇرتتا كىم ئالالايتتى؟ —دېدى شاھ رولىنى ئالىدىغان يىگىت.

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇۋى مەريەمگۈلمۇ كۈلۈپ تاشلىدى. ئارقىدىنلا قىزىرىپ يەرتېگىدىن يىگىتكە تىكىلدى. يىگىتنىڭ كۈلمىگەنلىكىگە قىزدىن باشقىلار دىققەت قىلمىدى. ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى قىزنى تەمتىرىتىپ قويدى.

فىلىمغا ئېلىش رەسمىي باشلاندى.

قېرى شاھ، قىز ھۆجرىسىغا كىردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاچكۆزلۈك چىقىپ تۇراتتى. ھەممە ئاغىچىلىرى ”توقال“نى چىمىلدىق ئىچىدە قالدۇرۇپ، شاھقا تەزىم قىلغان ھالدا ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىشتى. شاھ تويلۇق لىباسلىرىنى سېلىپ يېرىم يالىڭاچ چىمىلدىق ئىچىگە كىردى-دە، قىزنىڭ مەڭزىدىن بويۇنلىرىغىچە قوللىرى تىترىگەن ھالدا سىيلاپ ئۇنىڭغا ئېڭىشتى. قىز چىرقىراپ، تاتىلاپ شاھنى ئىتتىرىۋەتتى. شاھ قىزنىڭ توختىماي تېپىچەكلەۋاتقان قول-پۇتلىرىنى بېسىقتۇرالماي ئاۋارە ئىدى.

—بولمىدى، قايتا! —رېژىسسور ۋارقىرىدى، —ھېسسىياتمۇ، ھەرىكەتمۇ سۇنئىي بولۇپ قالدى. خۇددى راستتەك، شۇنداق قىلىۋاتقاندەك بولسۇن، فىلىمغا ئېلىنىۋاتقانلىقىڭلارنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭلار كېرەك.

فىلىمغا ئېلىش يەنە يېڭىۋاشتىن باشلاندى.
—بولمىدى، قايتا. ھەرىكەت بەكلا سۇس!
ئالتە يېرىم سائەت ئىچىدە ئۇدا يىگىرمە ئۈچ قېتىم قايـ-تىلانغان بولسىمۇ، بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھېچقايسىسى رېژىسسور-نى رازى قىلالمىدى. خادىملارمۇ چارچاپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغانىدى.
—ھەممىڭلار غەيرەت قىلىڭلار، ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر ئالىمىز، بۇمۇ قاملاشمىسا، بۈگۈن توختىتىپ ئەتە داۋاملاشتۇ-رىمىز.
ھەممەيلەن جانلىنىپ يېڭىۋاشتىن ئىشقا كىرىشتى.
شاھ قىزغا يېلىندى. قىز كۆندۈرۈلمىگەن تايدەك چاپچىپ يۇلقۇندى. بىر چاغدا شاھ ھاسىراپ-ھۆمىدەپ قىزنىڭ ئىككى قولىنى قوشنىڭ قانىتىدەك يېيىپ ئالىقانداپ يەرگە تىرىۋالدى. قىز باشتا چىرقىراپ بېشىنى ياستۇققا ئۇرۇپ پىلتىڭلىدى. كېيىن بىردىنلا بوشاپ بىر "ئۇھ" تارتىپلا ھوشىدىن كەتتى.
—مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بۇ كۆرۈنۈش كۈتكىنىمدىن ياخشى چىقتى. سىلەرنى قۇتلۇقلايمەن.
رېژىسسور چاۋاك چېلىپ، شاھ رولىنى ئالغان يىگىتنى قۇچاقلىدى. قالغانلارمۇ خۇشال بولۇپ سەكرەشتى. لېكىن قىز چىمىلدىقتا تېخىچە لايدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. ساراسىمىگە چۈش-كەن خادىملار ئالمان-تالمان ئۇنى يۆلەشتۇردى. قىز راستىنلا ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئۇ خېلىدىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئۇنىڭ پۇت-قولى چېقىپ تاشلانغاندەك ھەرىكەتلىرى سۇس بول-سىمۇ لېكىن چىرايى شېرىن چۈشتىن ئويغانغان سەبىيىنىڭكە-

دەك ئوماق ئىدى.

— بەك ياخشى بولدى. چارچاپ كەتتىڭىزمۇ؟

— بىلمەيمەن.

قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىسىز؟

— پۈتۈن دۇنيا يېڭىلىنىپ، ئازادلىشىپ كەتكەندەك، ئىش قىلىپ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر خۇشلۇق بار.

رېژىسسور قىزنىڭ قولىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىقتى:

— مانا بۇ ھەقىقىي سەنئەت دۇنياسىغا شۇڭغۇش ھېسابلىنىدۇ.


— ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇشۇمنىڭ ئورنى قالمىدى. نان يېمەكچىمۇ تەس.

— بىز بارلىق تىرىشچانلىقىمىزنى ئىشقا سالىمىز — ... دېدى رېژىسسور قىزنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— قىز چوقۇم كېتىدۇ، رېژىسسور. بۇ مەن ئۇچۇن فىلىمدە رول ئېلىشتىنمۇ مۇھىم! — ”شاھ“ يىگىت رېژىسسورنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا ئېيتتى.

قىز ئۇنىڭ تەلۋە نۇرچاقنىغان كۆزىدىن ئۆزى ھازىر بايقىغان يېڭى دۇنيانى قايتا كۆردى.

1992-يىل فېۋرال، قەشقەر.



# ئۈرۈمچىنىڭ ئارقا كوچىسى

خېنىمنىڭ قېشى چىرايلىق بولىدۇ، چۈنكى ئۇ كۆرۈمسىز بەسەي سىياق بولسىمۇ، قاش-كۆزىگە زورۇقۇپ ئىشلەپ، ئەس-كى قورۇننىڭ قوڭ ئورنى يەردە گۈللۈكى بولغاندەك بىر قاراشقا بولىدىغان چىرايلىق بىرىپېرىنى ياسىۋالىدۇ. خېنىملارنىڭ ئاشۇ گۈزەل قاش-كۆزىگە قاراپ ۋىللىدە بولغان كۆڭۈل، تاۋىقىنىڭ تېشىغا قاراپ لاسىدە بولىدۇ. ئۈرۈمچىنىڭ ئالدى كوچىسى خېنىملارنىڭ قاش-كۆزىدەك ياسىلىپ، ئارقا كوچىسى خېنىم-نىڭ دەزكەتكەن تاۋىقىدەك شەلۋەرەپ ئېقىپ يامراپ تۇرىدۇ. ئالىي ماشىنا، ئالىي رېستورانلاردا كېيىكتەك سۈزۈلۈپ يۈرگەن خېنىم-قىزلارنىڭ بىرمۇنچىسىنىڭ ئاشۇ پۇچۇق تاۋاقتەك غىل-تاڭ كوچىلاردا چىرايلىق توشقاننىڭ پاسكىنا ئورىدا ئۆۋىسى بولغاندەك ئۆيلىرى بارلىقىنى بىلىدىغانلارمۇ، بىلمەيدىغانلارمۇ بار، بۇ ئادەملەر بۇ تار، ئۇزۇنلۇقى بىر ئون يېتىم كەلمەيدىغان پاسكىنا كوچىغا خۇددى سوقۇر ئۈچەيگە تىقىلىپ قالغان غەل-دى-غەشكە ئوخشاش قىستىلىپ، قىمىرلىشىپ يۈرىشىدۇ. مەن-

مۇ ئاشۇ سېسىق سوقۇر ئۆچەيدىكى غەلدى-غەشتەك تىقىلىپ قېلىپ، چىقىش يولى تاپالماي جان قايغۇسىدا قۇرتتەك قى-مىرلاپ يۈرگەن غەلدى-غەشنىڭ بىرى سۆپىتىدە ئەنە شۇ سې-سىق، پاسكىنا كوچىدا ھەر كۈنى مىڭ قېتىم ئۆياقتىن-بۇياققا ئۆرۈلۈپ-سوقۇلۇپ، سۆرۈلۈپ يۈرگەندىن كېيىن، ئاشۇ سو-قۇر ئۆچەينىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى— سېسىپ كەتكەن غەلدى-غەش تىقىلىپ قالغان يەردىكى كامىرىمغا كىرىپ كېتىپ جىمى-قىمەن. يەنە ئەتىسى سەھەردە چىقىش يولى ئىزدەپ تىقمۇتىقماق كوچىغا يامراپ چىقىمەن. يول تاپالمىغانچە پات-پات ئۆلۈغ-كى-چىك تىنىپ كۆككە قاراپ قويۇمەن. كۆككە ھەر قېتىم قارىغى-نىمدا تەلمۈرگەن كۆزلىرىمگە ئىس-تۈتەكنىڭ دەستىدىن قارا داڭگالدەك ئۆچۈپ كېتىۋاتقان ئۈرۈمچىنىڭ ئاق قۇشقاچلىرى كۆرۈنىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ئاق قۇشقاچلار بولسىمۇ مورىدا ئۆي تۈتەن شەپەرەڭلەردەك يۈزلىرىمۇ، كۆزلىرىمۇ، پەي-قانات تۈكلىرىگىچە قارىيىپ كېتىدۇ. ئۇلار مۇشۇ سوقۇر ئۆچەي كو-چىسىدا سېسىپ-چىرىپ كەتكەن ئەخلەتلەرنى يۈيۈپ-تاراپ سې-تىپ، كونا پايپاق، شالتاقتىن ئېغى پۈرۈلۈپ قېتىپ قالغان كونا كۆسار سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان جەنۇبىي جۇڭگونىڭ يايمىكەشلىرى بىلەن ئوخشاش تەڭ جاۋىلدىشاتتى. مەن سوقۇر ئۆچەي ئىچىدە ئۆرۈلۈپ-سوقۇلۇپ كېتىۋاتقىنىمدا چىرايلىرى جىددىيلىكتىن تارتىشىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئالدىرىشىپ يۈرگەن تۈمەن خىل ئادەملەرنى كۆرۈش بىلەن تۈمەن خىل پاراڭلارنى ئاڭلايمەن. گەپلەرنىڭ ئەڭ كۆپى ئېغىزغا ئالغىلى بولماس سەت گەپلەر، ئاندىن يۈرەكنى ئېزىپ زەردە قىلىدىغان

قايغۇلۇق گەپلەر. ئادەمنى خۇش قىلىدىغان، كۆڭلىنى كۆتىرىد-
دىغان گەپلەر تولىمۇ ئاز ئاڭلىنىدۇ. ھەر كۈنى ئالتە-يەتتە
يەردە جېدەل، تىللاشماقلار، مۇشتلاشماقلارنىڭ ئۈستىدىن چۈ-
شۈپ قالسامۇ، شياڭگاڭدا ئىشلەنگەن يالغان مۇشتلاش كىنولى-
رى قىلچە تەسىر قىلمىغاندەك ئالدىمغا قاراپ كېتىۋېرىدىغان
بولۇپ قالدىم. بالا چاغلىرىمدا بۇنداق جېدەل قەيەردە بولسا
قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كۆرىدىغان، كېيىن
ئۇ جېدەللەرنى باشقىلارغا دوراپ بېرىپ يەنە بىر مۇنچە
كۈلۈپ يايرىۋالىدىغان ئىدىم. بۇ جېدەللەرنى ھەقسىز كىنو-تى-
ياتىر دەپ بىلەتتىم. مانا ئەمدى ئۇنداق قىزىق تۇيۇلمايدىغان،
كۈلمەيدىغان، ئازابلىنىدىغان بولۇپ قاپتىمەن، ئادەم شۇنداق
يارىلىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالىمەن. بۇ جېدەل ھەر كۈنى شۇن-
داق ئۇچراپ تۇرۇۋەرگەندىكىن، بۇ كوچىدىكى ھايات شۇنداق
بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ كۆنۈپ قالدىم. ھەتتا بەزى كۈنلىرى
كوچىدا جېدەل، تىللاشماقلارنى ئاڭلىماي، كۆرمەي ئۆتۈپ قال-
سام بىر نەرسەم يىتىپ كەتكەندەك، كەم بولۇپ قالغاندەك
ھەيران قېلىپ، ئەتراپقا ئىزدەشتۇرۇپ قاراپ كۆزۈمگە چېلىق-
قاندىن، قۇلىقىم ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلۈم ئەمىن تاپقاندەك
يولۇمغا قاراپ كېتىمەن. بۈگۈن سوقۇر ئۇچەيدە ئاغرىق پەسەي-
تىش دورىسى يەپ تىنجىپ قالغاندەك ھېچ جېدەل كۆرمەي
ئۆتۈپ، يەنە بىر نېمەم كەم بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ،
كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى يېرىمدەك، ئىچىم سىقىلغاندەك بو-
لۇپ كېتىۋاتسام، سوقۇر ئۇچەينىڭ يەنە بىر تار بالىخانىسىدىن
ۋارقىراشماقنى ئاڭلاپ، ھە بۈگۈن كەم ئەمەسكەن، دەپ كۆڭ-

لۇم تىندى. شۇئان ئەندىشىلىك بىر خىيال كاللامغا كېلىپ
چۆچۈپ كەتتىم. ھازىر مەن مۇشۇنداق جېدەل-ماجىرا، ۋارقى-
راش-تىللاش، ئۈنئالغۇ لېنتىسى دۇكانلىرىنىڭ كاركىراشلى-
رىغا كۆنۈپ قالدىم. بۇ كوچىدا بۇئىشلار يوقالسا ياكى بۇ
كوچىدىن باشقا يەرگە، جېدەل يوق تېنچ يەرگە بېرىپ قالسام
قانداق قىلارمەن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم. چۈنكى بۇ نەرسىلەر
كۆرمىسەم تۇرالمايدىغان، ئايرىلسام چىدىيالمايدىغان جالاپ بو-
لۇپ كەتكەن داپ يۈز ئاشنامدەك كۆڭلۈمگە ئورنىشىپ كەتكەنى-
دى. جېدەل-ماجىرا، غوۋغا، تىللاشماقلارنىڭ ساداسىنى ئاڭ-
لىمىسام، كۆرمىسەم كەملىك ھېس قىلىدىغان، ئاچ قورساق
مەينەت، خالا-خۇتتۇڭ تاماقنى كۆرۈپلا غىققىدە تويغاندەك بو-
لۇپ كۆنۈپ قالغان كۆڭلۈم، بۈگۈنكى جېدەلگە بالا چاغلىرىمدى-
كىدەك بىردىنلا مەلىكە بولۇپ قىزىقىپ، جېدەلنىڭ قىزىقى
مەندىن يىراقلاپ كەتكىچە ئاتايىن كۆردۈم.

يان كوچىنىڭ يان كوچىسىدىن بىر جۈپ ياش ئەر-خوتۇن
سۆرىشىپ چىقتى. بىر قاراشتىلا ئۈرۈمچىنىڭ مودا بايۋەچچە
ياشلىرى ئىدى. چۈنكى، يىگىتنىڭ بارماقلىرىدىكى سەرەڭگە
قېپى بىلەن بەسلەشتۈرگەندەك ياسالغان ئالتۇن ئۈزۈكى، بې-
غىشلىرىدىكى ئالتۇن زەنجىر بىلەزۈكى، ئۈچىسىدىكى خۇرۇم
چاپان-شىملىرى ئۇنىڭ پۇلنى خەجلەيدىغان يەر تاپالماي قالغان
پۇل بۇزۇقى ياش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. يىگىت
بىلەزۈك سالغان يەردە قىزنىڭ كىيىملىرى ھەم ئالتۇن جابدۇق-
لىرىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش، پەلەي كىيىپ قول يۇيغاندەك
ئىش، ئەمما ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئوخشاش رەڭدىكى ئالىي

دەرىجىلىك قىممەت مودا ئىشتان كىيىشنىڭ ئالغىنىنى دېمەي بول-مايدۇ. ئۆزۈمچە ئىككىسىنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئالمىشىپ كىيى-لىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. چۈنكى، جىق پۇلغا جىق زورلاپ ئوبدان يېگەنلىكتىن ئىككىلىسىنىڭ بەدەن قورۇلمىسى بۇزۇلۇپ، بەسلىشىپ سەمرىگەن موزاي-توپاقتەك، ئالىي ئىش-تانغا قوڭلىرى پاتماي، سارماي تىققان تۇلۇمدەك لوپۇلداپ كەتكەنىدى. ياش جۇۋاننىڭ يۇيۇقسىز، كىردىن سارغىيىپ كەت-كەن چىشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆزىمۇ تازا چىرايلىق ھەم ئەپلەپ گىرىم قىلالايدىغان ئورۇمچى خوتۇنلىرىدىن ئىدى. تار كوچىدىن تەڭ ۋارقىرىشىپ، قىزىشىپ چىققان ئەر-خوتۇن چوڭ كوچىغا چىققاندا، ئەر بولغۇچى سۆلەتلىك بايۋەچچە يېلى چىقىپ مازلاشتى. خوتۇن بولسا ئەلپازىدىن يانمىدى.

ھەي، سەن... سەن... مېنىڭ خوتۇنۇممۇ ئەمەسمۇ؟

— خوتۇنۇم دېسەڭ خوتۇنۇڭ، دېمىسەڭ ئەمەس، — خوتۇن ئەردىنمۇ بەكرەك خاتىرجەم ۋارقىرىدى.

— خوتۇنۇم تۇرۇپ ئۆيدە مەن بولمىسام نېمىشقا ئەر كىشى-نى قوندۇرىسەن؟

— ئۇ سېنىڭ ئاغىنەڭ، مېنىڭ ساۋاقدىشىم تۇرسا، نې-مىشقا قوندۇرمىغىدەكمەن؟

— توغرا، مېنىڭ ئاغىنەم، سېنىڭ ساۋاقدىشىڭ، لېكىن بەرىبىر يات ئەر كىشىنى، مەن بولمىسام نېمىشقا ئۆيدە قوندۇ-رىسەن دەيمەن؟

— قوندۇرسام قوندۇرىمەن قانداق؟ سەن ھازىر ئاغىنىدار-چىلىقتىن كەچكەن بىلەن مەن ساۋاقداشلىقىمدىن كەچمەيمەن،

ئۆي يالغۇز سىنىڭلا ئەمەس!

—ئەر كىشى يوق ئۆيدە يات ئەر قونسا بولمايدۇ، مەن چىدىمايمەن. مەن كەچۈرمەيمەن.

—ھەر ئىككىمىز قاتتىق ئىچىشىپ مەست بولۇپ كەتكەن تۇرساق، قوندۇرۇپ قالماي قوغلاپ چىقىرامدىم ساراڭ، ئۇ دېگەن ساۋاقدىشىم تۇرسا.

—ئۇ ساۋاقدىشىڭ بولسا، مەن سىنىڭ ئېرىڭ، قوندۇ-رۇشقا زادى بولمايدۇ!

—پوق يەپسەن ساراڭ دەلدۈش، ئېرىم بولساڭ نېمە بوپتۇ. ئەجەب سەن بىلەن ئۇچيۈز ئاتمىش كۈن قونسام، بىللە ياتسام بولىدىكەن، ساۋاقدىشىم بىلەن بىر ئاخشام قونسام نېمىشقا بول-مايدىكەن؟

—ئاجرىشىپ كېتەمدۇق ئەمىسە؟

—ئاجراشساق ئاجراشتۇق.

—ھەي ساراڭ، ئارىمىزدا بىر بالا تۇرسا، بالىنى قانداق قىلىمىز؟

—بۇ ئۆيگە مەن بالا كۆتىرىپ كەلمىگەن، بالا سىنىڭ، سىنىڭ بالاڭنى مەن بېقىپ بېرىدىغان مالىيىڭ ئەمەس، بالا بولسا نېمە بولاتتى.

ئەر گەپ تاپالماي پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىنى مۇجۇقلاپ تولغىنىپ كەتتى.

—خوتۇن قارا، ئاجراشمايلى، بالىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولدى قىلاي. ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن مەن يوق چاغدا ئەر كىشىنى قوندۇرما، ئەر كىشىنى مېھمان قىلما.

—بولدى قىلە مازلاشماي، سەن مېنىڭ باشلىقىم ئەمەس ئۇنى قىل، بۇنى قىلما دەيدىغان.
—ھەي ساراڭ، مەن سېنىڭ ئېرىڭ دەيمەن.
—مەن سېنىڭ قۇلۇڭ ئەمەس، قىل دېگەننى قىلىپ، قىلما دېگەننى قىلمايدىغان. خالىغاننى قىلىمەن، خالىمىغاننى قىلمايمەن.
—جۇرە بولىدى، كوچىدا سەتلەشمەي ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى.
—تولا چۆچۈرىنى خام سانىما، قىلىدىغاننى قىلىپ بولۇپ. . .
—ھە ئەمدى نېمە دېمەكچىسەن، مەن بولدى قىلىۋەتتىمغۇ مانا؟
—سەن بولدى قىلغان بىلەن مەن بولدى قىلمىدىم تېخى. سەن بىلەن ئەر-خوتۇن بولغىلى بەش يىل بولغان بىلەن ئۇنىڭ بىلەن ئون يىللىق ساۋاقداشمەن، شۇنداق يېقىن ساۋاقدىشىمنى رەنجىتىپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردىڭ، ئۇنىڭدىن، مەندىن ئەپۇ سورايسەن، بولمىسا بىز سېنى كەچۈرمەيمىز.
—بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن.
—چىدىمىساڭ بولدى قىلايلى، ئاجرىشايلى،—چوكان شىمىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ، ساغرىسىنى تولغاپ، چاچلىرىنى شاپتۇل قېقىپ ماڭدى. ئەر يەنە ئالدىنى توستى:
—بولدى، بولدى، مەن ئەپۇ سوراي،
—ئۇنداق بولسا يولغۇن ياكى تەبەسسۇمغا جوزا بولايسەن، ھەممە دوستلار، ساۋاقداشلارنى يىغىپ مېھمان قىلىپ قىلمى-

شىڭغا توۋا قىلىسەن!

—بولىدۇ خوتۇن، بولىدۇ، جۆرە ئۆيگە.

—ياق، ھازىرلا تېلېفوندا چاقىرىسەن، بۈگۈنلا ئورۇنلاشتۇرىسەن، بولمىسا، ھازىر ئۆيۈڭدىن چىقتىمما كەچتە رېستوراندا مەست بولمىغىچە ئۆيۈڭگە دەسسىمەيمەن.

—بولدى جۆرە.

ئۇلار شۇنداق كېلىشىپ تېلېفون ئىزدەپ يەنە بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى. بالىلىقىمدىن كېيىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتسىز جېدەلنى ئاخىرغىچە كۆرۈشۈم مۇشۇ ئىدى. مەن كۈندە كۆرۈپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان جېدەللەر قانداق ئاخىرلىشىدىغان بولغىيتتى، دەپ ئويلاپ قالدىم.

1996-يىل 10-فېۋرال، ئۈرۈمچى.



# كونا پاختا

دەل-دەرەخلەرنىڭ كۆككە يېقىن بوي سوزغان شاخلىرىدى-
كى ياپراقلار كەچ كۈزنىڭ ئۈششۈكى بىلەن تۆكۈلۈپ كەتكەن.
تۆۋەن تەرەپتىكى ياپراقلار خازان بولۇش ئالدىدا سارغىيىپ سو-
لىشىپ كەتكەندى. تېخى تۆكۈلمىگەن سېرىق ياپراقلاردا كېچى-
چە قاتقان قىرو يېقىملىق كۈن نۇرىدا پارقىراپ ئېرىشكە باشلى-
دى. چەكسىز كەتكەن كېۋەزلىكتە قىزغۇچ رەڭگە كىرىپ قو-
رۇلغان كېۋەز غازاڭلىرىدىكى شەبنەمگە ئايلانغان قىرو ئاق بال-
داق بولۇپ ئېچىلغان كېۋەزلەر بىلەن تەڭ كۈنگە قاراپ كۈلمەك-
تە ئىدى. قول ئۇچى يېڭىگىچە، ئايىغىدىن تىزىغىچە كېۋەز
غازىڭىدىكى شەبنەملىك توزان توپىدىن لاي بولغان كىشىلەر
ئۆمىلىگەندەك يۇرۇپ پاختا تەرمەكتە ئىدى. پاختا تېرىۋاتقانلار-
نىڭ كۆپچىلىكى ئاياللار بىلەن باللار بولۇپ، تولا ئېگىشىپ
بەللىرى ئاغرىغانلىقتىن چىرايلىرى كېۋەز غازاڭلىرىدەك قورۇ-
لۇپ توپا چىراي بولۇپ كەتكەندى. پاختا تېرىۋاتقانلار پات-پات
باشلىرىنى كۆتۈرۈپ يىراقتىكى يېرىم يالىڭاچلانغان دەرەخلەر

ئارىسىدىن يېرىم-يارتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيلىرى تەرەپكە قاراپ قويۇشاتتى. چۈنكى مەشرىق سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ ئىسسىق يوتقانلىرىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپلا كېۋەزلىككە كېلىشۋالغان بۇ دېھقانلار چاشكا بولغانغا قەدەر ناشتا قىلمىغانىدى.

دەل-دەرەخلەر ئارىسىدا كۆزگە غۇۋا چېلىقىدىغان ئۆيلەر-نىڭ مورىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىسلار ئاستا سوزۇلۇپ كېلىپ چەكسىز كەتكەن كېۋەزلىكلەر ئۈستىدە سۇس تۇمان ھاسىل قىلغانىدى. كېۋەزلىكنىڭ ئېرىقىنىڭ ئىچى بىلەن ئېشەكنى ئالدىرىتىپ كېلىشۋاتقان سايىت پوقاق پات-پات ئېشەككە ئەگە-شىپ كېلىشۋاتقان سېرىق چۈپۈرلۈق قانجۇقنى تىللاپ تەھدىت سېلىپ ماڭماقتا ئىدى. تورغاي چۈچۈلىغاندا سايىت پوقاق ئاخ-شام تۈگمەنگە ئاپىرىپ قويغان ئۇگۈتتىن ئەنسىرەپ ئېشەكنى توقۇمايلا ئالدىراپ يايداق مىنىپ ماڭغاندا قانجۇق ھېچ كۆرۈنمە-گەنىدى. كېيىن تۈگمەندىن ئۇننى ئېلىپ چىقسا ئېشەكنىڭ كەينىدە قۇيرۇقىنى چاترىقىغا تىقىۋالغان قانجۇقنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان بىرمۇنچە كۇسۇك ئىتلار بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشىپ تۇرۇشۇپتۇ. سايىت پوقاقنىڭ قاتتىق ئاچچىقى تۇتۇپ قانجۇقنى تىللاپ قوغلىۋىدى، قانجۇقنىڭ مەيلىنى تارتىش كويىدا ھەلەك بولۇشۇۋاتقان كۇسۇك ئىتلار ئۇنى تالىشۋەتكىلى تاس-تاماس قال-دى. بىر توپ كۇسۇك ئىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان سايىت پوقاقنى كالتەك كۆتۈرۈپ چىققان تۈگمەنچى قورۇغداپ قالدى.

تېرىكمەڭ، سايىتكا، قانجۇقىڭىزنىڭ بازىرى چىقىپ كې-تىپتۇ. سىزگە بىرمۇنچە كۈيئوغۇللارنى يىغىپ بېرىشىپتۇ. ئەمما بۇ كاساپەتلەر ئۆزىنىڭ قېيناتىسىنى تونۇماي تاس قاپتۇ

...... بۇلارنى ئاپىرىپ پەم بىلەن ھويلىڭىزغا قاۋاپ باغلىۋالسى-
ڭىز، ھەپتە-ئون كۈندىن كېيىن ئىت ئالىدىغانلارغا ساتسىڭىز،
تۆگمەننىڭ غەللىسىنى تۆلىۋېتەلەيسىز.

سايىت پوقاق خالتىدىكى ئۈننى زەردە بىلەن ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ئۇردى. خىرامان سالپىيىپ تۇرغان ئېشەك قىسماقتەك بىر ئېگىلدى-دە، يان تەرەپكە مۆدۈرۈپ كېتىپ يەنە تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. سايىت پوقاقنىڭ ئالمىدەك پوقىقى قىپقىزىرىپ خورازنىڭ ساقىلىدەك بىر قىزىرىپ ئۆيقۇسىز كۆزى چەكچەيدى. ئۇنىڭ تۇزانلىرى قونۇپ ئاقىرىپ كەتكەن شاپ بۇرۇت، كۆتمەك ساقىلى دىردەيدى. تۆگمەنچى دەرھال يالۋۇرۇپ ھىجايدى.

— ئاھا سايىتكا، تەرۋاز بولۇپ كېتىپسىز جۇمۇ، چاقچاق قىلىپ قويدۇم. بىلىسىز، مېنىڭمۇ قانجۇقۇم بار. مەھەللىمگە بارسىڭىز كۆرىسىز، ھەر يىلى مۇشۇنداق بىرمۇنچە كۈشۈك ئىتلار، بۇنىڭدىنمۇ خەپلەس جىق كۈشۈك ئىتلار مەھەللىمگە يىغىلىدۇ. بالىلىرىم ئۆيگە بەخىرامان كىرىپ-چىقالماي قىيامەت قايىم بولىدۇ دەڭا. بۇلتۇر چوڭ بالام ئۈچ ئىتنى ھويلىغا قاۋاپ قويۇپ ئىت ئالىدىغان ئادەمدىن بىرنى باشلاپ كېلىپ سېتىپتۇ. ئۇ ئادەم ھويلامدىلا ئىتنى تاغارغا سولاپ ئەكېتىپتۇ. ئۇ گۆي شۇنداق قىلىپ بىرمۇنچە پۇل تېپىپتۇ. دېمەكچىمەن، ئەمدى...

— بالىلىرىڭغا باي بولۇشنى ئوبدان ئۆگىتىپسەن. ئىتنىڭ گۆشىنى يېگەندەك بولۇپسىلەر... ”سامان ئارىلاشمىسا لاي بولمايدۇ، ھارام ئارىلاشمىسا باي“ دېيىشىدىغان باشقىلار.

سايىت پوقاق شۇنداق دەپلا ئېشىكىگە مىنىپ ئېشىكىنى

تازا ئۇرۇپ ماڭدى.

— ئەبگا پوقاق... بىرتىيىنى يوق. گېپىنىڭ يوغانلىقىنى كۆر... هالال ياشىغانلارنىڭ ھەممىسى ساڭا ئوخشاش كۆكتۈش قەرزدارلار...

سايىت پوقاق تۈگمەنچىنىڭ گېپىگە جاۋاب ياندۇراي دېدى-يۇ، تىلىنىڭ قىسىنچىلىقى بولغاچقا ئۇن چىقارماي ئاڭلىماسقا سېلىپ كېتىپ قالدى. ئۆزىدىن يىراقتا قورققىنىدىن ھېلى كېۋەزلىك، ھېلى تېرەكلىك، جىگدىلىك ئارىسىدا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ ئەگىشىپ كېلىۋاتقان قانجۇقنى پات-پات ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تىللىغاچ ئۆيگە ئالدىراپ ماڭدى. "باللار سەھەردە قوپقان بولسا بۆكەمگە ھېچ بولمىسا ئۈچ تاغار پاختا تېرىپ بولدى... چۈشكىچە يەنە ئۈچ تاغار تەرسەك، چۈشتىن كېيىن پاختا پونكىتىغا ئاپىرىپ ساتساق... ھەي چۈشتىن كېيىن ئۆچرەت تەگمەي ساتالماي قالارمىزمۇ؟..." دېگەن ئويلارپات-پات ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كېچىپ تۇردى.

ئېشەك كېۋەزلىكتىكى خېلىدىن بېرى سۇ دىدارى كۆرمەي تېگى بوز توپىغا ئايلانغان، قىرىدىكى كۆزنىڭ ئاجىز ئاپتىپىدا قاغجىراپ بوشاپ كەتكەن داڭگال-چالمىلاردىن كىچىككىنە شامالدا توپا توزۇپ تۇرىدىغان ئېرىقتا كېتىۋېتىپ ئۇششۇككە بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتقان يۇمران، يېشىل خوخىنى پەم بىلەن بىر چىشلىۋالاتتى. ھەر قېتىم بىر كاپام ناشتىلىققا ئېرىشكەندە ئىگىسىدىن بىر تاياق يەيتتى. تاياق يېسىمۇ بىر كاپام ئوزۇق ئۈچۈن كۆزنى يۇمۇپلا تەۋەككۇل قىلىپ قورسىقىغا ئىشلىگەچ ماڭدى. كېۋەزلىكتە ئادەملەر ئۇمىلىشىپ يۈرۈشەتتى، ئەمما ئۇ-

زىنىڭ كېۋەزلىكى... ئاخىر ئۇ ئەنسىرىگەن ئىش بولغانىدى. باللار كېۋەزلىكتە كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار پاختا تەرگىلى چىقمىغانىدى. باللارنىڭ ئانىسى بولتۇر ئەترەتنىڭ ھېساباتخانىسىدا ئۇستەلگە ياتقۇزۇلۇپ تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلىنغاندىن كېيىن خۇن توختىماي، بېلىنى ئالالماس بولۇپ كېرەكتىن چىقىپ ئورنىدا سېسىپ يېتىۋاتاتتى. ئىتتىنىڭ خاپىلىقىدا سەپرايى تۇتقان سايىت پوقاقنىڭ غەزىپى تۇۋىدىن تۇتۇپ تاياق ئۆتمەس بولۇپ كەتكەن قېلىن ئىشەكنىڭ يوغلۇق بېشىغا تازا سالدى.

—ھەي...ھەي...سايىتباي، ئۇمۇ خۇدانىڭ جېنى، ئۇمۇ خۇدا دەيدۇ. نېمەدەپ ئۇرۇۋېرىسەن. ئېشىكىڭنى ئۇرغىچە ئاۋۇ كېۋىزنىڭ ئېچىلىپ يېتىم ئوغلاقنىڭ ماڭقىسىدەك چۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ. تېرىپ ساتساڭ بولمامدۇ...، —دېدى پاختا تېرىۋاتقان بىر مەزلۇم.

—پاختاڭنى تېرە جەددال... ماڭا تاك-تاكچىلىق قىلماي، تېرەمدىم-تەرمەمدىم ئۆزەمگە ھېساب. تۇگمەس ناخشىدەك گېپى تاتلىق بەرىكەتسىز ئېچىلغان كېۋەزنىڭ تۇۋىدە تولا دوڭغىيىپ كۆتۈمۇ ئېچىلىپ كەتتى.

—بۇگۇن جىن چاپلىشىپ ساراڭ بولۇپ قوپۇپسەن سايىتباي. ساڭا گەپ قىلغان زۇۋانىمغا ئوبدانلا تىقىپ بەردىڭ. ساڭا گەپ قىلىدىغان ئاغزىمنى بۇندىن كېيىن كاكىلە بىلەن سۇۋاپ ئېتىۋېتەرمەن ئىگەكىم.

مەزلۇم بېشىنى بىر كۆتۈرۈپ، بىر ئېگىشىپ جىق كوتۇلداپ قالدى. سايىتباي ئىت بىلەن ئىشەكنىڭ بەغەرەزلىك قىلىپ ئۆزىگە سالغان خاپىلىقىغا مەھەللە كويدىكى چوڭ-كىچىك

ھەممە خەق پاختا تېرىۋاتسا بالىلىرىنىڭ چىقمىغانلىقىغا كەلگەن
غەزىپى قوشۇلۇپ، يېرىلالماي ئاران كېتىۋېتىپ ئوبدان ئۆتۈدۇ.
غان قوشنىسى مەزلۇمنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ سالغانلىقىدىن
ئازابلىنىپ تېخىمۇ پۇشۇقۇنۇپ كەتتى. كۇپۇرلۇق بولسىمۇ خۇ-
دانىڭ ئۆزىنى ئېمىشقا مۇشۇنداق شۇم پېشانە يارىتىپ قويغىنىغا
ئېچىندى. بۇنداق جەبىر-مۇشەققەتكە قالغىچە تۇغۇلمىغانلا بول-
سام بۇ كۈنلەرنى كۆرمەستىم دەپ ئويلىدى-يۇ، يەنە شۇ زامات
توۋا ئېستىغپار ئوقۇپ ئاسمانغا قاراپ قويدى. بىر قانىتى چۇ-
ۋۇلۇپ شالىلىرى ساڭگىلاپ قالغان دەرۋازىسىغا بىرەر يۈز ماڭدام
قالغاندا تاقەتسىزلىنىپ ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئېشەكنى
تاشلاپ يۈگۈردى. ھويلا تېمىنىڭ سىڭا كاپىسى قىشتىكى يەر
تەۋرەشتە ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى، ئۇ كۆزدە كېۋەز ئېچىلغاندا
قولغا پۇل كىرسە ھويلىنىڭ ھەممە تېمىنى ئۆرۈپ يېڭىدىن تام
قوپۇرىۋالارمەن دەپ قاغىلەك جىگدىنىڭ شوخىسىدا چىتلاپ قوي-
غانىدى. كېۋەزمۇ ئېچىلدى. نەچچە مەرتەم تېرىپ ئاپىرىپ
ساتتى، ئەمما ئەترەتنىڭ سوقاباش دىقماق بوغالتىرى پاختا سات-
قان پۇلنى بېرىدىغان كامىردا ئۆزىدىن يوغان چوتنىڭ ئۆرۈقىنى
تاراسلىتىپ ئولتۇرۇپ پاختا پۇلىنى ئۇ قەرز، بۇ قەرز، دەپ
تولمايدىغان داخۇر كالۋاسىغا تىقىۋەردى. مانا ئەمدى قولغا پۇل
كىرسىمۇ تام قوپۇرغىلى بولمايدىغان كەچكۈز كەلدى. ئەتىياز-
لىقتا تام قوپۇرىمەن دەپ بولغۇچە كۈزدە پاختا ساتقان پۇلنى
قولدا تۇتۇپ قالغىلى بولامدۇ. قولغا پۇل كىرىپ بولغۇچە نەگە
كەتكىنىنى بىلگىلى بولمايلا توزۇپ تۈگەيدىغان گەپ ئۇنچىلىك
پول دېگەن. ھويلا تېمى خۇداغا ئامانەت، يەنە كېلەر يىلغا

قالدى-دە، سايىت پوقاق ئالدىراپ ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ كەت-
تى. تولا تاياق يەپ، مۆدۈرۈپ يۈرۈپ قارا تەرگە چۆمگەن،
قۇلاق تۈۋىدىكى پاخپىيىپ كەتكەن يۇڭلىرى تەردىن ئىزىغا چاپ-
لىشىپ كەتكەن ئېشەك ئۆشنىسىگە مىنىۋېلىپ بولۇشىغا زۇلۇم
سالغان ئىگىسىدىن ئايرىلىپ ئۈستىدىن تاغ ئۆرۈلگەندەك بولۇپ
ئىزىدا پۇشقۇرۇپ بىردەم تىرەجەپ، ھاسىراپ سالپىيىپ تۇر-
دى. يوغان ئېچىلغان قارا بۇرۇنلىرىدىن بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ
ئاران ئۇلگۈرۈپ چىقىۋاتقان ھوردىن قىرو باغلىغان شالاڭ،
ئۇزۇن بۇرۇتلىرى قوپال ئىگىرىلگەن ئاق يىپتەك تۇسكەكىرىپ
قالغانىدى. ئېشەك قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ، توختىماي ياشاڭغۇ-
راپ تۇرغان يوغان قارا كۆزلىرىنى يۇمۇپ، تۇمشۇقىنى شەبنەم-
دىن نەمدىلىپ قالغان بوزتوپىغا تەگكۈزۈپ، تۇمشۇقىدا يەر
دىيەپ بىر دەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاستا ھويلا تېمى ئورنىدا
چىتلاپ قويۇلغان قاغىلەك جىگدە چىتلىقىنىڭ يېنىغا كېلىپ
چىتنىڭ تۈۋىدىكى، قويۇق شوخا ئارىسىدا تېخىچە ئۇششۇك
تەگمەي، ھەم باشقا ھايۋانلار شوخىدىن قورقۇپ بېشىنى تىقالماي
بېجىرىم تۇرغان كۆپكۆك غاچچا، خۇخا، يۆگمەچ ئوتلارنى
بىردىن-بىردىن قاپساپ يۇلۇپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇ ئۇزۇن
ھەم ئۆتكۈر شوخىلار ئارىسىغا ھەر قېتىم بېشىنى تىقىپ قارا
تۇمشۇقىنى كۆك ئوتقا ئۇزاتقاندا مىڭ بىر تىكەنلەر ئۇنىڭ باش
كۆزىگە سانجىلاتتى، ئەمما ئۇ بىر چىشلەم ئوزۇق ئۈچۈن شوخى-
لارنىڭ سانجىلىشلىرىغا چىداپ تۇرۇپ كۆزىنى يۇمۇپ تىكەنلەر
ئارىسىغا بېشىنى تىقىشقا رازى ئىدى.

سايىت پوقاق بوغۇلغان ھالدا ئۆيگە دەمبەس قەدەم باستۇ-

روپ كىرگەندە قاراڭغۇ ئۆيدە ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. تۇڭ-
لۇكتىن چۈشكەن يورۇقلۇق پەقەت تۈڭلۈك ئۇدۇلىدىكى تۆكى
چۈشۈپ قورۇپ قارىداپ كەتكەن ئۆچكە تېرىسىنىڭ سىڭا كاپې-
سىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆينىڭ باشقا يەرلىرى مۇزخانىدەك
قاراڭغۇ ھەم سوغۇق ئىدى. ئۆيدىن سىڭىشىپ كەتكەن كونا تەر-
دىن بۇخسىغان ھىد ئىسسىق شامال بولۇپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.
شوربىلەن ئۆچكە چۆپۈرىدا لاي ئېتىپ ياسالغان مەش ئوچاقتا
ئوت يېقىلمىغاچقا كېسەكتىن قوپۇرۇلۇپ كاكىلدا سۇۋالغان
دۇتخانىمۇ يازلىق قوتاننىڭ كالتە تېمىدەك يېقىمسىز كۆرۈندى.
كۈلۈڭگا دۆۋىلەپ قويۇلغان قورۇق تېزەكلەر ئۆچى كۆيۈپ كەت-
كەن يۇلغۇن كۆسىيى بىلەن مۇگدىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.
— پاختا تەرگىلى تېخى چىقماڭ، مەشكە ئوت ياقماڭ،
قېنى بۇ جېنىمغا جاپا ئەزرائىل چېكەتكىلەر...... سايىت پوقاق
قاتتىق بوغۇلغانلىقىدىن خىرىلداپ كانىيىدىن گەپ چىقماي قې-
قىلىپ يۆتىلىپ كەتتى.
— تولا گەپ قىلىپ دېمىم كېسىلىپ كەتتى. گېپىمنى
ئاڭلىمىدىغان بۇ جۇۋا ئېغىزلار. بالا تۇغماي بېشىمغا بالا تۇغۇپتى-
كەنمەن......
دۇتخانىنىڭ تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان كونا يوتقان ئارىسىدىن
ئايالىنىڭ ئىنجىقلاپ ئاران گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
— تېخى ھېلىلا ئۆگزىدە ”ئاتام كېلىۋاتىدۇ“ دېيىشىپ چۇ-
رۇقلاشقان ئاۋازى ئاڭلانغان، شۇندىن كېيىن گۇلدۇرلىشىپ
جىمىقتى. شۇ تاپتا سامانلىققا مۆكۈۋالدىمىكىن دەيمەن. گەپ-
نىڭ ئايىغى چىقمايلا سايىت پوقاق ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتى.

— مانا... مانا... ئاتاڭ ساراڭنىڭ تاياق-تەستىكىنى مەنلا يەپ كېتەي. ئۆلەر دېمەستىن ئۇرىدۇ قان تەللىزى. بىزماللىقا ئاتاڭ كەلگۈچە مىدىرلىغاچ تۇرۇڭلار دېسەم... گېپىمنى بىر پۇلغا تەڭ قىلىشمىدى......

يوتقاننىڭ ئىچىدە ئىنجىقلاپ ئاران تىنىپ كوتۇلداپ گېپىنىڭ ئاخىرىغا كۈچى يەتمىگەن سايىت پوقاقنىڭ ئايالىنىڭ يىغا بىلەن ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

سايىت پوقاق بوراندەك ئېتىلىپ سامانلىققا كىردى. يۈزىگە ئۆمۈچۈك تورى چاپلىشىپ دىمىقىغا ساماننىڭ قۇرۇق، ئاچچىق توپىسى ئۇرۇلدى. يۈز-كۆزىگە چاپلاشقان ئۆمۈچۈك تورىنى يېڭى بىلەن سۈرتكەچ قېقىلىپ ۋارقىرىدى:

— چىقىشە ئوغرى مۈشۈكتەك مۆكۈنىۋالماي، ھېلى باكا دەسسەپ قوۋۇرغاڭنى سۇندۇرۇۋېتىمەن!...

سايىت پوقاق دۆۋە سامانلار ھەقىچان قىمىرلايدۇ دېگەن تاما بىلەن چەكچىيىپ قارىۋىدى، سامانلاردىن ھېچ شەپە چىقمىدى. ئېگىزرەك بىر دۆۋىنى غەزەپ بىلەن بىر تېپىۋىدى، پۇتى سامانغا كىرىپ كېتىپ سامان سورۇلۇپ باش كۆزىگە چېچىلدى. ئاچچىق سامان توپىسىدىن كاڭشىپ يۆتىلىپ بىرمۇنچە قېقىلىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ سامانلار ئارىسىغا قولىنى تىقىپ بىرەرسىنىڭ كوكۇلىسى قولۇمغا ئىلىنىشىپ قالار دېگەن ئويدا شۇنچە مالتىلاپ تاپالمىدى. بۇ گۇيلار سامانغا مۆكۈنىۋالماپتۇ دەپ ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن ئۆگزىگە ياماشتى. سايىت پوقاق ئالدىراشچىلىقتا شوتىنىڭ بالدىقىنى تاقلاپ كېتىپ سىيرىلىپ يىقىلغىلى قىل قالدى. ئۆگزىگە چىقىپلا قوناق شېخى ئارىسىغا

دۆۋلەپ قويۇلغان پاتاقلارنىڭ قىمىرلىغىنىنى كۆرۈپ قالدى.
سايىت پوقاق ئۆگزىدە بېلىنى رۇسلاپ ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ، قۇرۇق ئوت-خەسە ئارىسىدىن چاشقاننى كۆرۈپ قالغان ئاق سارەڭ پاتاقنىڭ ئارىسىغا قولىنى تىقىپلا بىرسىنى كوكۇلىسىدىن قامالاپ چىقتى. بۇ بالىلارنىڭ چوڭى—قىزى تۇرالا ئىدى. ئۇنىڭ تارالماي پاخپىيىپ چىگىشلىشىپ كەتكەن چاچلىرىغا قوناق شېخىنىڭ كۇكۇنىدىلىرى، پاتاق ئۇۋاقلىرى، قوناقنىڭ قۇرۇپ قالغان ساقاللىرى چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قوپال ياسالغان قەدىمىي ياغاچ قوشۇقنىڭ كاسىسىدەك قارا قېتىپ قالغان يۇزلىرى سوغۇقتىن تارتىشىپ، مايسىز، قۇۋۋەتسىزلىكتىن بارغانچە يوغىناپ قەلەي چۆمۈچتەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرى پولتىيىپ چىققان، كۆزىنىڭ ئىچى قۇۋۋەتسىزلىكتىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى. سايىت پوقاق تۇرالانى كاچاتقا بىر سىلىۋىدى دەلدۇگۇنۇپ كېتىپ يەنە تىك تۇرۇپ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بىر ئەلپازدا دادىسىغا نەپرەت بىلەن چەكچىيىپ تۇردى.
سايىت پوقاقنىڭ جۇدۇنى تېخىمۇ تۇتۇپ قاتتىق تەپتى. تۇرالا ئەسكى تۇماقتەك ئۇچۇپ بېرىپ يېڭىدىن دۆۋلەنگەن نەمخۇش تېرەك غازىڭى ئۇستىگە چۇشتى. ئەمما ئۇ يەنە سەكرەپ قوپۇپ چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ مۇشۇككە خىرس قىلغان چاشقان بالىسىدەك ھۇرپىيىپ تۇردى. سايىت پوقاق بىردىنلا سەگەكلىشىپ ھەيران قالدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قول كۆتۇرۇپ بولغۇچە دىرىلدەپ تىترەپ ۋارقىراپ چىرقىراپ ”ۋاي ئوبدان ئاتا، پوندىلەك ئاتا، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلاي، ئۇرمىغىن“ دەپ يالۋۇرىدىغان تۇرالا بۇگۇن ئەڭ قاتتىق كاچات بىلەن يامان تېپىك يەپمۇ

بۇرۇنقىدەك يۇمۇلۇنۇپ يېتىپ ئاللا-توۋا سالماي يەنە سەكرەپ تۇرۇپ ئۆزىگە غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ تۇردى. سايىت پوقاق ئەسكى تامنىڭ كامىرىغا قولىنى تىقىپ قوشقاچ باللىرىنى بىر-دىن تارتىپ چىقىرىپ بوغۇپ تاشلاۋاتقان ئوغرى مۇشۇكتەك ئاۋۋال كەنجى ئوغلى توختى قارىنى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قويۇۋالغان چوڭ ئوغلى پالتا بەگنى قاماللاپ پاتاق ئارىسىدىن سۆرەپ چىقتى. ئاندىن سۆڭەكتىن قىزغىنىپ ئۆزى-نىڭ بالىسىنى تالاۋاتقان ئىتتەك ئىككى ئوغلىنى دۇمبالاپ كەتتى. باللار تاياقتىن يۇمۇلۇنۇپ، ۋارقىراپ تاشلىدى-يۇ، يەنە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

—تازا ئۇرە ئوغرى. ئۇرە، بىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قاينى-تىپ يەپ مۇرادىڭغا يەت.

قىزى تۇرالا بار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ تۇرۇپ ۋارقى-رىدى. توختى قارى بىلەن پالتا بەگنى بولۇشىغا ئۇرۇپ تېپىۋات-قان سايىت پوقاق قىزىنىڭ هازىرغىچە ئۆزى ئاڭلاپ باقمىغان نەپرەتلىك ئاۋازدا چىرقىرىشىدىن توختاپ قالدى. قىزى قولىغا سۇنۇق ئارىنى ئېلىۋالغانىدى. تۇرالانىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئەسەبىي ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئارىنى ئاران كۆتۈ-رۈپ تۇرغان، "پۇۋ" دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك يىگىلەك گەۋ-دىسى، ئىككىنى بىر قىلسىمۇ ئارىنىڭ سىپىدەك كەلمەيدىغان ئىنچىكە بېغىشلىرى دىرىلدەپ تىترىمەكتە ئىدى. هەيرانلىقتىن بارلىق ئاچچىقى بىردىنلا ئىچ ئاغرىشقا، ئۆمرىدە كۆرۈلۈپ باق-مىغان ئىچى كۆيۈشكە ئۆزگەرگەن سايىت پوقاق پۇشايمان بىلەن لاسىدە بوشىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئون ئىككى ياشلىق قىزىغا

ئۆمرىدە بۇنداق ئىچى كۆيۈپ باقمىغان. بۇنداق قاراپ تۇرۇشقا چولىسىمۇ تەگمىگەندى. ئۇنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇپ قىزىنى باغ-رىغا باسقۇسى كەلدى. ئۇنىڭ بوشىشىپ ساڭگىلىغان قوللىرى-نىڭ بىردىن بارمىقى يىڭنە سانجىلغاندەك ئاغرىدى. ئۇ چۆچۈپ ئىسىگە كەلدى. پالتا بەگ بىلەن توختى قارى ئۇنىڭ بىردىن بارمىقىنى قاتتىق چىشلىگەندى.

—بىز…بىزنى ئۇرغان…چەمدەك قېلىن قولۇڭمۇ ئاغرى-دىكەن. . . —پالتا بەگ ئىسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئاتىسىنىڭ چۇپۇرقاش ئاستىدىكى چامغۇرئورىسىدەك چوڭقۇرلاپ كەتكەن كۆزلىرىگە، تۆل خوتۇنىنىڭ كونىراپ كەتكەن چۇچىلىق سۇپۇر-سىدەك قورۇق ھەم ساقال بېسىپ كەتكەن يۈزلىرىگە ئۆچمەنلىك ھەم يېلىنىش بىلەن قارىدى.

سايىت پوقاق لاسىدە ئىزىغا ئولتۇرۇپ ئون ياشلىق پالتا بەگ بىلەن يەتتە ياشلىق توختى قارىنىڭ ئاق توپىغا بۇلانغان يۈزىدىن ئېرىق ياساپ ئېقىپ چىقىۋاتقان ياشلىرىنى چەمدەك قېتىپ قۇرۇپ، جىگدە قوۋزىقىدەك يىرىكلىشىپ، يېرىلىپ كەتكەن ئالىقانلىرىدا سۈرتتى. باللارنىڭ تارتىشىپ كەتكەن يۈزلىرىدە توپا بىلەن ياش ئارىلىشىپ لاي سۇۋاق ھاسىل بولدى. ئۇ ئىككى ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئارىنى كۆتۈرەلمەي تىترەپ تۇرغان تۇرالمۇ ئارىنى تاشلىۋېتىپ كېلىپ ئاتىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

—توۋا قىلدىم خۇدايىم توۋا…باللىرىم…مەن سىلەرنى ئۇرمايتتىم…خۇدايىم توۋا، نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىغاندىمىز خۇدايىم. بىردەم بىكار ئولتۇرۇپ قالىدىغان، ئىش قىلمايدىغان

كۆنۈم بولمىسا. سەن ئۇخلاشقا ياراتقان كېچىلەردىمۇ بەخىرامان قېنىپ ئۇخلىمايمەن. شۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەن دېھقانچىلىقنىڭ كويىدا كېۋەزلىكتە دوڭغىيىپ يۈرگىنىم يۈرگەن. شۇنداق ئىشلىسەممۇ يا ئىشىنىڭ ئالدىغا چىقىپ بولالمايمەن ياكى بىر قېتىم ئىككى بولمايدۇ... توۋا، قىلدىم خۇدايىم توۋا، نېمە گۇنا-هىم باردۇر بىلمىدىم. شۇ خەققە بەرگەن ئاسايىش كۆڭۈلنىڭ بىزگىمۇ بارمىدۇ؟... جاھاندىكى ھەممە خەقتىن ئايىمىغان نېمەت-لىرىڭنى پەقەت بىزدىنلا ئايامسەن ئاللا. بىز سېنى سېغىنىمىز، ئەمما سەن بىزگە سىڭا كۆزۈڭدە قاراۋاتىسەن...

سايىت پوقاق بالىلىرى بىلەن پاتاققا تاشلىنىپ ئۆلۈم بول-غاندەك ھازا ئېچىپ بىردەم يىغلاشتى.

—نېمىشقا پاختا تەرگىلى چىقمىدىڭلار؟

بالىلار جىممىدە بولۇشۇپ بىر-بىرىگە قاراشتى.

—قورسىقىڭلار دىكىنى دەڭلار. مەن ئاتاڭلار چىرايلىق سو-راۋاتقاندىكىن سىلەرمۇ چىرايلىق دېسەڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ئۇرمايمەن. سىلەرمۇ تاياق يېمەيسىلەر. نېمىشقا كېۋەزلىككە چىقمايسىلەر؟ كېۋەزلىككە چىققان بولساڭلار مەن تۈگمەندىن كەلگۈچە ھېچ بولمىسا بىر تاغارنى بولسىمۇ ئۆرە قىلىپ بۇ كەمگە يەنە بىرسىنىمۇ قارا كۆرۈنە قىلىپ بولغان بولساڭلار، بىزمالىلىقا پاختا زاۋۇتىغا ماڭاتتىم. سىلەرمۇ مەكتىپىڭلارغا باراتتىڭلار، قورسىقىڭلاردا بىرەر غوم بولسا دەڭلار.

—مەن ...مەن ...باشتا دەي. سەن خۇدايىم بۇيرىسا كۈزدە پاختا ساتقاندا ھەممەبايىنىڭ تونۇر كاۋپىدىن، تۈدى قوشنىڭ ئەنجان پولۇرىدىن ئېلىپ بېرىپ كاۋاپ بىلەن پولۇدا سېنى تازا

بىر تويغۇز ۋۇھتەي دېگەنتىڭ، ھازىرغىچە ھەركۈنى شۇنداق دەپ گوللاپ پاختا تەرگۈزىسەن. ئالتە مەرتەم پاختا ساتتىڭ، ئېلىپ بەرمىدىڭ، پاختىنىڭ ئاخىرقى تېرىمى قالدى. ئەمدى بۇ قېتىم بىرتەرسەك تۇگەيدۇ. كاۋاپ بىلەن پولۇ ئېلىپ بەرمەيلا بولدى قىلىدىكەنسەن. ئەمدى تەرمەيمەن. ئۆزەڭ تەر ... ھە ... مېنى گوللىغاندىكىن تەرمەيمەن.

—سەنچۇ پالتا بەگ؟

—ھەر قېتىم پاختا ساتسام ئېلىپ بېرىمەن دەيسەن. پۇتۇم توڭۇپ پەقەت بولالمىدىم. قىشلىق ئۆتۈك ئېلىپ بېرىمەن دەپ ئىككى قىشنى ئۆتكۈزدۇڭ، ئېلىپ بەرمىدىڭ، يەنە پاختا تۇگەي دېدى. ئەمدى بۇ قېتىم ئۆتۈك ئېلىپ بەرمىسەڭ بۇ قىشتا يەنە يازلىق ئاياغ بىلەن قىش چىقىرالمايمەن.

—ۋەزىپە پۈتمىدى دەپ يوتقىنىمنىڭ پاختىسىنى تەرگەن پاختىغا ئارىلاشتۇرۇپ ساتتىڭ. بولتۇر بىر قىش يوتقاننىڭ ئىسسىقىنى كۆرمەي چىقتىم. بۇ يىل ھەر قېتىم پاختا تەرگەندە يەنە بىر قېتىم تەرگەندە يوتقىنىڭغا سېلىۋالارسەن دەيسەن، مۇشۇ ئاخىرقى تېرىمدە بولسىمۇ يوتقىنىمغا سالغىلى قويساڭ تېرىمەن، بولمىسا خەقنىڭ پاختىسىنى تېرىپ بېرىپ، يوتقىنىمغا لايىق پاختىغا ئىشلەيمەن

سايىت پوقاق شۇكلەپ، بېشى ساڭگىلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇغدىيىكى ئۇستىدىكى ناسۋال قاپچىقىدەك يارشىغى ساقاللىق ئېڭىكى ئارىسىغا چۆكۈپ كۆرۈنمەي قالدى. ئۇ قانجۇقنىڭ كاڭىلدىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. توختى قارى لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— قانجۇق كۈسۈكقا چۈشكەن ئوخشايدۇ، بىرمۇنچە ئىتلار مەھەللىگە كېلىۋاپتۇ، — دېدى.

— بالام، بۈگۈن كېتىمىزگەپ. بۈگۈن سىلەر مەكتەپكە بارماڭلار. ھەممىمىز پاختا تېرىمىز، تەرگەن پاختىدىن سەن يوتقىنىڭغا لايىق ئالغىن. قالغىنىنى سېتىپ پۇلىغا كاۋاپ، پولۇ... نېمە يېگۈمىز كەلگەن بولسا، بازاردا نېمە بولسا شۇنى يەيمىز. پالتا بەگ، مەن ساڭا قايسى ئۆتۈكنى تۇتساڭ شۇنى ئېلىپ بېرەي، بولامدۇ؟

— گېپىڭىز گەپمۇ ئاتا؟

بالىلار خۇشاللىقتىن سەكرىشىپ كەتتى.

— ئاناڭلارنىمۇ پاختىنىڭ تۆپىسىگە ياتقۇزۇپ ئاپىرايلى. بازارنى كۆرسۇن. نېمە يېسە شۇنى ئېلىپ بېرەيلى.

بالىلار خۇشلۇقىدا چۇرقىرىشىپ، سەكرىشىپ، تەلپەكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشتى.

— سەكرىمەڭلار... سەكرىمەڭلار... ئۆگزىگە چىققاندا پەم بىلەن پۇتۇڭلارنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىڭلار. ئۆگزە يېلىڭداپ تۇپىسى بورا ئارىسىدىن ئۆيگە چۈشۈپ بولدى. يازدا يامغۇر ئۆتىدۇ. قىشتا سوغۇق. بۇرنۇڭلارنىڭ ئۇچىنى كۆرۈپ ئەتىنى ئويلىمايدىغان بەغەرەزدەك چوڭ بولدۇڭلار. بىزدىن كېيىن قالساڭلار قانداقمۇ جان باقارسىلەر.

— مەن چوڭ بولسام ھەرگىز سەندەك بىكارغا ئىشلەپ بالىلىرىمنى ئاچ-يالىڭاچ قويمايمەن، — دېدى پالتا بەگ كوتۇلداۋاتقان ئاتىسىغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ.

— راست ئاتا، سەن بەك دۆتكەنسەن. يىل بويى بىركۈن

بىكار تۇرماي ئىشلەپ ئالغان ھوسۇلۇڭنى پۇلغا ساتماي ھېلىقى سوقاباش بوغالتىر يېزىپ بەرگەن قۇرۇق قەغەزگە ئۆتكۈزۈپ مانچىلىك قەرزىم قالدى دەپ سالپىيىپ ئولتۇرىدىكەنسەن. ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە تۈگىمەيدىغان قانداق قەرز ئۇ.

— ئاتا، مەن ئەقلىمگە كەلسەم قەرزىمىز بار دەيتتىڭ. ھەر يىلى زىرائەتلىرىمىز بەك ئوخشايدۇ. قارا دۆڭدەك چوقچايغان بۇغداي خامىنى، كېۋەز خامىنىدىن سۆيۈنۈپ تاتلىق ئويلارغا چۆمۈمىز. لېكىن يەنە شۇ قەرز......

— تولا كاپىلداشما، بۇنداق ھېساباتنى ئاڭلىسام بېشىم ئاغ-رىيدۇ. ئىلدام بېرىپ پاختا تېرىش. شۇنچە قۇرۇق گەپ قىلغۇ-چە ماڭغان بولساق كېۋەزلىككە بېرىپ بولاتتۇق.

— بۇ قۇرۇق گەپ ئەمەس ئاتا. سەن ئىشلەشنى بىلىپ ھېسابىنى ئېلىشنى بىلمىگەچكە، ئەمگەك قىلىشنى بىلىپ، ھەققىڭنى ئېلىشنى بىلمىگەچكە، قەرزىڭ مانچىلىك باردېسە خوش دەپ تۇرغاچقا، سېنى ئاشۇنداق جايلايدۇ ئۇ سوقاباش بوغالتىر، — دېدى تۇرالا شوتىدىن چۈشۈۋېتىپ.

— بالام، كىچىك بولغاندىكىن ئۇنداق جۇۋا ئېغىزلىق قى-لىپ ساقال غېرىچلىماڭلار، قەرزى ئېشىپ قالىدىغان ئىش مەن تۇغۇلسام بار ئىكەن. ئاتام بىلەن ئانام ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇلارنىڭ بىر يۈز ئون ئۈچ كوي ئۇماچ قەرزى ماڭا مىراس قالغان. ئەللە-مەھەللە دېھقان خەقنىڭ ھەممىسى كۆرگەن كۈن بۇ. يالغۇز بىزلا شۇنداق بولساققۇ قاقشىساق. ھەممە خەقنىڭ ھال--كۈنى شۇنداق تۇرسا، يالغۇز بىز قاقشىساق چۆگۈن قاينىسا ئۆزىنىڭ بويىنغا تاشىدىغان گەپكەن.

—چوڭ ئاتام-چوڭ ئانام-لار ئىشلىمەيدىغان ھۆرۈن خەقمىتى؟

—ياق، ماڭا ئوخشاش كىچە-كۈندۈز ئېتىزدىن كەلمەي ئىشلەيتتى. ھەتتا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، كۈزلۈك يىغىم ۋاقتىدا ئېتىزدا تۈنەپ ئىشلەيتتى.

—ئۇنداقتا ساپلا بىكارغا ئىشلەيدىغان كالۋالارنىڭ بالىلىرىكەنمىز.

—ھەددىڭدىن ئېشىپ پوق يېيىشمە!

ئۇلار كېۋەزلىككە ئاشۇنداق دەتالاش قىلىشىپ مېڭىشتى.

—دۈقا باش بوغالتىرنىڭ يېرىنى ھەممىڭلار تېرىپ يىغىپ بېرىسىلەر. ئۇنىڭ بۇغدىيى، سامىنى، كېۋىزى، كېۋىزىنىڭ شادىسىغىچە پۇل بولىدىكەن. ئۇ ئۆزى ئىشلىمەيدۇ.

—يېزىدىكى ھەممە باشلىقلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

—ئۇلارنىڭ يېڭى، پادىشاھنىڭ ئوردىسىدەك ئۆيى، ماشىنىسى بار.

—ئۇلار بىزدەك ئىشلىمەيدۇ. ئاچ-يالىڭاچ قالمايدۇ. يېڭى كىيىملەرنى كىيىدۇ. يىل بويى كاۋاپ، پولۇ يەيدۇ. بىزبەك ئىشلەيمىز. يەنە يوقسۇللۇقتا ياشايمىز.

—ئۇلار ھېسابتىن ئوغرىلايدىكەن ئاتا. سەن ھېساب قىلىشنى بىلمىسەڭ بىزنى ھېلىقى دۈقاباش بوغالتىر بىلەن ھېسابات قىلىشقا ئاپار. بىز ھېسابلىشىمىز، ماقۇلمۇ؟

—راست، ئاچام ھېسابقا ئۇستا. ھېساب قىلساق چوقۇم قەرزدىن قۇتۇلىمىز دادا، شۇنداق قىلىلى دادا.

باللارنىڭ گېپىدىن بارغانچە شۈكلەپ جاۋاب بېرەلمەي

قالغان سايىت پوقاق بالىلاردىن ئىلدامراق ماڭدى. بالىلار يۈگۈرۈپ يەنە ئالدىغا ئۆتۈۋالدى.

— ئاتا، سىزنىڭ مۇشتۇمدەك بار بوغالتىردىن نېمىشقا قورقىسەن؟ — دېدى پالتابەگ.

— "ئېشەككە كۆچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمنى" دەپ سوقاباش، كوسا بوغالتىردىن دەردىنى ئالالماي بىزنى ئۇرغىلى قويسا بولىدۇ ئاتامنى، — دېدى توختى قارى.

— بالام مېنى تولا قىستىماڭلار. سىلەر ھازىر كىچىك بىلمەيسىلەر. چوڭ بولغاندا بىلىپ قالىسىلەر. ئىش بوغالتىر بىلەنلا تۈگىسىغۇ ياخشى.

— شۇنچە جىق پاختا ساتساق، يەنە قەرز تۈگىمىسە. ھېسابلاشساڭ چوقۇم چىقىدۇ، — دېدى توختى قارى.

— مەن سىلەرگە دەپ بېرەي، بۇلتۇر كۆك تىكەندىكى ماڭسۇر سېرىق سوقاباش بوغالتىر بىلەن ھېسابات قىلىشىمەن دەپ ئۇرۇشۇپ قېلىپ، سوقاباش بوغالتىرنى بوغۇپ قويغانغا ساقچىلار تۇتۇپ ئەكىتىپ ئالتە ئاي سولاپ قويۇپ، جەرىمانە قويدۇق دەپ ئۆي ۋاقىنى سۇپۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ماڭسۇر سېرىقنىڭ بالا-چاقىسى ئاچ قېلىپ ئۆي ۋاقى ۋە يەرلىرىنى ئېچكىرىدىن كېۋەز تەرگىلى چىققانلارغا سېتىپ يەپ تۈگەتتى. ماڭسۇر سېرىق تۈرمىدىن چىقىپ بالىلىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچى تەرەپكە چىقىپ كەتكەن. ئاڭلىساق ئۈرۈمچىدە غالتەكتە باققاللىق قىلىپ يۈرۈپتىكەنمىش، يېقىندا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ. يۇرتتىن ئۈرۈمچىگە بارغانلار ماڭسۇر سېرىقنىڭ بالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قاپتىكەن. ئۇلار كۆز يېشى قىلىپ شۇلارنى

دەپتۇدەك. ئاڭلىساق باللىرىنىڭمۇ كۈنى تەسمىش. ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا غالتەككە ھەرخىل مېۋىلەرنى بېسىۋېلىپ تۇۋلاپ يۈرۈپ ساتارمىش. بازار باشقۇرغۇچىلارغا تۇتۇلۇپ قالسا ھەپتە تاپقان پۇلى بىر قېتىملىق جەرىمانىگە يەتمەيدىكەن. چوڭ ئوغلى ھاشىم سېرىق ئىچكىرىدە پۇل تاپىمەن دەپ، ئۇ يەردە ئۈچ چاقلىق ھارۋىغا قۇرۇق ئۈزۈمنى قاچىلاپ كوچىلاردا سېتىپ بېقىپ، مېھمانخانىدا قونالغۇ بەرمىگەچكە، نورغۇن دەرد تارتىپ نېمىلا بولسۇن يەنىلا ئۈرۈمچى ئوبدانكەن دەپ يېنىپ چىققانمىش. مۇشۇنداق خاپىلىق بىلەن يۇرتتىن يامانلاپ چىقىپ كەتكەنلەر تولا. ئەمما ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت. باشقىلارمۇ بىر ئادەم يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ بولغۇچە، ئانچىلىك قەرزى بار، مانچىلىك قەرزى بار، دەپ، خەقنىڭ ئۆي-يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلغىلى ئاران تۇرىدۇ. يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ ياقا يۇرتنىڭ دىشۋارچىلىقىغا چىدىماي قايتىپ كەلگەنلەر ساپلا ئۆي-جاي، يەردىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئۆز يۇرتىدا يەر-ماكانسىز قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ئۆيىدە ئولتۇرغانلارغا مەدىكار بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. يۇرتتىن يامانلاپ كېتىپ پۇشايمان قىلىپ نومۇس كۆچىدىن قايسى يۈزۈم بىلەن يۇرتقا بارىمەن دېگەنلەر ماڭسۇر سېرىق رەھمەتلىكنىڭ باللىرىدەك تالادا قالسىمۇ، ئۆرۈلۈپ-سوقۇلسىمۇ چىشىنى چىشلەپ ياشاۋاتىدۇ. ئاچ قالساقمۇ، يالىڭاچ قالساقمۇ باللىرىم، ئۆي-زېمىننى تاشلاپ كەتمەيلى. چىشىمىزنى چىشلەپ يەرجايىمىزغا چىڭ دەسسەپ تۇرمىساق قوڭمىزنى كۆتۈردۇقلا، كۈنىمىز تەس...

باللار جىمىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئورۇق يۇلغۇن چىۋى-

قىدەك بارماق، بېغىشلىرىنى كېۋەزغوزەكلىرىنىڭ مىختەك
ئۇچلىرى تىلغاپ، قانلىق قىزىل جىجىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكە-
نىدى. ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ بىرمۇنچە پاختا تېرىپ بولغىنىنى
سەزگەندە ئاللىقاچان چۈش پېشىم بولغانىدى. ئەمما باللار
جىمجىت قول-قولچە پاختا تەرمەكتە ئىدى. سايىت پوقاق بالى-
لىرىغا چەكسىز ئىچ ئاغرىتىش ئىچىدە زوقلىنىپ قارىدى.

— باللىرىم، چۈش پېشىمدىن ئېشىپتۇ. بىر بوردىدىن
ناشتا-ناۋا قىلىۋېلىپ تېرەمدۇق؟

— ياق ئاتا. يەنە بىردەم تەرسەك، ئىككى تاغار تولسا تايىن-
لىق بەش تاغار قىلىپ ئاپىرايلى. ناشتىنى يولدا قىلايلى.
بۈگۈن كەچ بولسىمۇ پاختا سېتىپ سودىلىق قىلىۋالمىساق، ئەتە
يەنە مەكتەپتىن قالىمىز، — دېدى تۇرالا.

— راست، تايىنلىق ناشتا قىلىلى، — دېدى توختى قارىمۇ.

— بۇنداق جان تەلپىنز قىلىپ ياشىغىچە ئادەم ياشمايدىغان
يەر بولسا كېتىپ جېنىمىزنى جان ئەتسەك، ئازراق بولسىمۇ
راھەتتە ياشارمىدۇقكىن، — دېدى پالتا بەگ كوتۇلداپ.

— جاھاندا ئۇنداق يەر بولسا خەقلەر جاھاننىڭ چېتىدە بىر
مۇزلۇقنى، ئاسماندىكى ئاينى پاسىل ئايرىپ ئىگەللەپ يۇرمەيت-
تى. يەرقالماي شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ، — دېدى تۇرالا.

— ھەببەللى بالام، ئوبدان گەپ قىلدىڭ، شۇڭا بىزگە
مۇشۇ يەردىنمۇ ئوبدان يەريوق. چىدايلى. چىدىمىساق ئامال
يوق. خۇدا بىركۈنى بىزگىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرسىتەر.

* * * * * *

زورلىغان بىلەن بولمىدى. باللارنىڭ ئانىسى ئازنا بازارغا بېرىپ پاختا سېتىپ سودىلىق قىلىپ مېھمان بولۇپ كېلىشكە ئۈنىمىدى. سايىت پوقاقنىڭمۇ، باللارنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بول- دى. ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىلغان بەش تاغار پاختىنىڭ ئۈستىدە ئاندا-ساندا بۆلۈت ئەگىپ يۈرگەن كۆككە تىكىلىپ ئۇخلىدا ياتقان سايىت پوقاق جاھاننىڭ تارھەم كەڭ يارتىلغانلىقىنى خىيال قىلماقتا. تۇرالا بىلەن توختى قارى ئاتىسىنىڭ ئىككى يېقىدا دۈم يېتىۋېلىپ ئازنا بازارغا بېرىشنىڭ خۇشاللىقىدا ھەرخىل تاتلىق خىيالغا بېرىلگەنىدى. باللارنىڭ ئازنا بازارنى ئويىنىم- غىنىغا ئازكەم بىريىل بولۇپ قالاي دېگەنىدى. ئاتىسى بۈگۈن تەرگەن پاختىنى ئازنا بازاردىكى پاختا زاۋۇتىغا سېتىپ ئەتە تەرگەن پاختىدىن بىر تاغارنى تۇرالانىڭ يوتقىنىغا سېلىۋېلىشىغا ماقۇل بولغانىدى.

تەلۋە چىرماقچى پالتابەگ ھارۋا ھەيدەشكە ئامراق بولغاچقا، ئائىلە بويىچە ھارۋىنى ئەپچىل ھەيدەيتتى. بوز ئېشەكمۇ پالتا بەگنىڭ ئاۋازىنى ئوبدان تونۇيتتى. پالتا بەگ پولۇ بىلەن تونۇر كاۋىپى ھەر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلگەندە قولىدىكى سېرىق سۆ- گەتنىڭ كۆك كەسمىسى بىلەن ئېشەكنىڭ بويىنىغا تازا كېلىشتۇ- رۇپ سېلىپ تۇردى. كۆك كەسمە ھەر قېتىم پاتاڭ ئارىلاش يۆگىشىپ تەگكەندە بوز ئېشەك چىچاڭشىپ ئالدىغا بىر شوخشۇپ بىرتىنىق سوكۇلداپ ماڭدى. ئېشەكنىڭ يۆڭلۈق كالتە پاچىقى قۇمساڭغۇ نەمسىز توپىغا، ئۇشلانمىغان، قوۋزاقلىرى سويۇلۇپ كەتكەن جىگدە قوزۇقىدەك پېتىپ كۆتۈرۈلگەندە ھاسىل بولغان توپا-توزان، غىچىرلاپ كېتىۋاتقان رېزىنكە چاقلىق ياغاچ ھار-

ۋنىنىڭ كەينىدە سۈس تۇمان ھاسىل قىلدى. ئانىسىنىڭ كاۋاپ بىلەن پولۇنى تازا يەپ تويغاندىن كېيىن مايلاشقان قوللىرىنى يۇزىگە ئوبدان سۈۋاپ، چاۋا-چاۋاڭ بولۇپ يېرىلىپ كەتكەن مايسىز يۇزلىرىنى مايلىۋېلىشنى ھەممىسىگە قايتا-قايتا تاپىلا-غىنىنى ئويلاپ قالغان پالتا بەگ ئارقىسىغا قاراپ سورىدى:

—ئانام نېمە دەپ تاپىلىدى؟

—كاۋاپ بىلەن پولۇنىڭ يېغىدا يۇزۇڭلارنى ياغلاڭلار دېدى شۇ، —دېدى توختى قارى.

—ئانامغىمۇ نانىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سىڭا تاۋاق پولۇ بىلەن بەش زىخ كاۋاپ يۆگىگەچ كېلىلى دادا، مۇزلاپ قالسىمۇ ئېغىز تەگسۇن، —دېدى پالتا بەگ.

—شۇنىمۇ دېيىش كېتەمدۇ دورۇن، —دېدى توختى قارى.

پالتا بەگ ئانىسىنى تولىراق ئويلاپ قالدى. "ھارۋىدا سىلكىن-تۇرمەي سىلىق ھەيدەيلى قەندەك ئانا. ناۋات ئانا... بازارغا بارە. ئۆيدە يېتىۋەرسەڭمۇ بىر كېسەل ئىككى بولۇپ تېخىمۇ تۇگىشىپ كېتىسەن ئانا —دېدى پالتا بەگ پاختا ساتقىلى مېڭىش ئالدىدا. ئانا بىر دەم شۇكلەپ كېتىپ جاۋاب بەردى:

—بولسىغۇ بارسام خوپ ئىدى بالام. مۇشۇ تاپتا تېنىمدىن ئۆلۈكنىڭ سورى كېلىدۇ. مۇشۇ ھالىمدا قانداقمۇ بازارغا بارا-لارمەن. سىلەر بېرىپ كۆرۈپ، تويۇپ كەلسەڭلار مەن كۆرگەن-گە، مەن تويغانغا ئوخشاش بالىلىرىم. كۆڭلۈڭلار ماڭا تىگىل بولدى. رەھمەت بالىلىرىم، خۇدايىم ھەممىڭلارنىڭ بەختىنى بەر-گەي.

ئانىنىڭ سۆزلىرىنى قايتا يادىغا ئالغان پالتا بەگنىڭ يۇر-

كى ئېچىشىپ، قارا قوي كۆزلىرىدىن ياش قويۇلدى.

ئۇلار ئېشەكنى قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ قوغلاپ يۈرۈپ ناماز دېگەر مەھەلدە پاختا زاۋۇتى ئىشتىن چۈشەرگە يېقىن ئازنا بازارغا ئاران ئۇلگۈرۈپ باردى. سايىت پوقاق پاختا زاۋۇتىنىڭ مۆزقاپاق پېرىيومچىلىرىنىڭ دۈشكەللەشلىرىگە خىجىللىق ھەم تۆۋەنچىلىك بىلەن زورىغا كۆلۈمسىرەپ، پاختىنى دەرىجىسىنى پەسلىتىپ ئېلىشقا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ ئۆنىتىپ، قوڭدىن يۆلەپ دېگۈدەك ئاران ئۆتكۈزدى.

باللار كەڭرى كەتكەن مەيداندا بىر-بىرىدىن ئېگىز تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان پاختا دۆڭلىرىگە قاراپ ھەيران قالدى.

پاختا پۇلىنى ئالىدىغان تۆشۈككە يېقىنلاشقانسېرى سايىت پوقاقنىڭ يۈرىكى سىيلىپ، پۇت-قولىدا جان قالمىدى. قولى، لەۋلىرى، پۇتلىرى دىرىلدەپ تىترەپ كەتتى. بىرخىل ئەنسىز-لىك ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرماشقا باشلىدى. كەچ كىرگەچ-كە پاختا ساتىدىغانلارنىڭ ئايىغى بېسىقىپ پۇل ئېلىش تۆشۈكىدە ئادەم يوق ئىدى. سايىت پوقاق تۆشۈكتىن قاراپلا شۈركىنىپ كەتتى. سوقاباش ھېساپچى شىرەگە بېشىنى قويۇپ خورۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. بېشىدىكى قەشقەرنىڭ شەپكىچى ئۇستىلىرى ئارد-سىنى كۈنجۈر بىلەن كىگىزدە قاتۇرۇپ ھاۋا ئۆتمەس قىلىپ يېرىم كىلو ئېغىرلىقتا تىككەن سارجا كەپكە چۈشۈپ قالغان. دۈمچەك ھېساپچىنىڭ بېشى ئاۋۋال يەريەپ كېيىن ئاپتاپ چېقىپ كەتكەن كۈزلۈك قوتۇر كۆكچى قوغۇننىڭ ئاق غەشەك قورسىقد-دەك ئاق ھەم تاقىر ئىدى. دۈمچەك گەجگىسى بورداققا چۈشكەن قېرى قوتازنىڭ بويىنىدەك تۈرۈلگەن گەدىنىدىكى تۈرۈم-تۈرۈم

هارام گۆشى بىلەن ياندىشىپ بوتىلاقىنىڭ لوكىسىدەك بولۇپ قالغانىدى. جاۋغىيىدىن قۇيۇلغان شالى ھېساب دەپتىرىنى ھۆل قىلىپ، قېرى چارپاقىنىڭ يەل خالتىسىدەك كۆپۈپ-جىمىپ تۇرۇۋاتقان سىرتقى قوۋزىغا ساقىپ چۈشكەنىدى. سايىت پوقاق سوقا باش ھېساپچىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئىچ-ئىچىدىن قىستىغان كۈلكىسىنى ئاران بېسىۋالدى. ئاندىن زورلاپ بىر قانچىنى قۇرۇق يۆتەلگەن بولسىمۇ، سوقاباش ھېساپچى قىمىرلاپمۇ قويمىدى، تىتىلداۋاتقان سايىت پوقاق توۋلاپ ئويغىتىشقا پېتىنالماي ئەستاغپۇرۇللا دەپ توختىماي ئېڭىكىنى سىيلىغىلى تۇردى. بوز ئېشەك ئەنسىز ھاڭرىۋىدى، سوقاباش ھېساپچى ئەندىكىپ ئويغىنىپ كەتتى. پالتا بەگ ئېشەكنىڭ بۇرنىغا ماز كەپلەپ ھاڭراتقانىدى. قورقۇپ كەتكەن سايىت پوقاقنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ كەتتى.

—ئېشەكنىڭ ئېرى ئاپىرىشە هاي كۈسپۇرۇچلار… ئەجەب سەت ھاڭرىدا… قوتۇر ئېشەك…، —دېدى سوقاباش ھېساپچى كېرىلىپ ئەسنەپ تۇرۇپ، شۇئەسنادا ئۇنىڭ بەترەڭ تازچىرايىغا ماس گازىردەك كۆزى يۇمۇلۇپ كالتە سىزىق بولۇپ قالغانىدى.

—كەچ… كەچ بولغاندا پاختا ساتقىلى كەلگەن قانداق لامزەللە دېھقانسەن، —دېدى ھېساپچى سايىت پوقاقنىڭ قولىدىن قەغەزنى خۇشياقماستىن ئېلىۋېتىپ.

—بۇ… بۇگۈن كەچ قالدۇق، تۇزىتىۋالمىز. تۇزىتەيلى ئەمدى، —دېدى سايىت پوقاق خۇشامەت بىلەن ھجىيىپ تۇرۇپ. ھېساپچى تازا ئەسنەپ ھۇرۇنلۇق بىلەن قىزىل تاشلىق قىلىن دەپتەرنى ئېلىپ ئالدىرىماي ۋاراقلاپ بىر يەرگە كەلگەندە

توختاپ قولىدىكى قەغەزگە قاراپ بىر نەرسىلەرنى يازدى. ئاندىن تامغىنى ئېلىپ قەغەزگە ۋاققىدا بېسىپ سايىت پوقاقنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. سايىت پوقاقنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالدى.

—پۇ…پۇل…پۇل كەلمەمدىكەن؟

—ۋەزىپەڭ توشمىسا، قەرزىڭ ئۆزۈلمىگەن تۇرسا پۇل دەي-سەنغۇ ئاكا… پۇل لازىم بولغان ئادەم پاختىنى جىق ئۆتكۈزسەڭ بولمامدۇ…

—ۋاي خېلى ھەلەم ئۆتكۈزدىم ئۇكام، قەرز يەنە تۈگىمەپ-تۇما؟

—تۈگىگەندە مەن ساڭا مانا پۇل دەيمەن. خاتىرەڭنى جەم قىل.

—ئوبدان ئۇكام…

تۆشۈكنىڭ بالا ئىشىكى جالاق قىلىپ ئېتىلدى. سايىت پوقاقنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ، بېشى مەيدىسى-گىچە ساڭگىلاپ كەتتى. ئۇ بالىلىرىغا يەر تېگىدىن گۇناھكاردەك قارىدى. بالىلار ئاتىسىغا غەزەپ، ئىچ ئاغرىتىش، نەپرەت ئارى-لاش جىممىدە قاراپ تۇرۇشتى.

—ئاتا ئاينا ئاۋۇ ئوغرى، بېرىپ دەپ باقە يەنە، —دېدى تۇرالا.

سايىت پوقاق بۇرۇلۇپ قارىدى. سوقاباش ھېسابچى ئۆر-دەكتەك ئىغاڭلاپ دوقمۇشتىكى مەززىلىك تاماق پۇرىقى تارىلىپ تۇرغان ئاشخانىغا ماڭغانىدى.

—قانچىلىك ئۆتكۈزدىڭ، قانچىلىك قالدى، قەرزىڭ قانچى-لىكتى، بېرىپ ھېسابلاشامسەن؟ سېنىمۇ ئاتا دېگىلى بولامدۇ.

قەرزىڭ بار دەپ بولغۇچە قورقۇپ تىترەپ تۇرىدىكەنسەن. تىك تۇرۇپ گەپ قىلساڭ ھاپ ئېتىپ يەپ كېتىدىغان ئەزرائىل ئەمەس ئۇ، — دېدى توختى قارى.

سايىت پوقاق پەلىپەتىش دەسسەپ يۈگۈرۈپ ئاشخانا ئالدىغا بارغاندا ھېسابچىغا يېتىشتى.

— ئوبدا... ئوبدان ئۇكام. مەن... مەن سىزدىن بىر خۇش بولاي. بۇ... بۇ دۆرەملىك پاختا پۇلىنى بېرىۋەتسىڭىز. بالىلى- رىم بۈگۈن كەچكىچە تاماق يېمىدى. ئۇنىڭ تاشايىنىدا قىشلىق ئۆتتۈكى يوقتى. مەن بالىلارغا سۆز بېرىپ قويۇپتىكەنمەن. بۈگۈن ئۇلارنىڭ غەلۋىسىنى بېسىۋالسام. ئەتىدىن باشلاپ ساتقى- نىمنى قەرزگە ھېساب قىلساق.

— ئاھاش... ئاكاۋاي تولا كاپىلداپ بېشىمنى ئاغرىتمىغىنا... ماڭا ھېساب ئۆگىتىمەن دەپ ئاۋارە بولما. مەن ئۇنداق نەخ-نې- سى مەكتەپتە ئوقۇمىغان.

— تۆگىمەيدىغان قانداق قەرزكەن ئۇ. ھېسابنى بىزگە ئو- چۇق دەپ بېرىڭ، — دېدى ئاتىسىغا ئەگىشىپ كەلگەن تۇرالا، ئاتىسى دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىغا كاچات بىلەن بىرنى سالدى.

— كەچ بولغاندا نەدىن كەلدى ئەمدى بۇ كۆك پىتلار ئادەمگە چاپلىشىپ.

— بىز كۆك پىت ئەمەس. ئاغزىڭىزغا بېقىپ سۆزلەڭ، — دېدى توختى قارى.

— زۇۋانىڭنى ئۆچۈرۈش دەيمەن جۇۋا ئېغىزلار، خاپا بول- مىسلا. خاپا بولمىسلا. مەن ناماقۇل، بۇ پوقلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىسلا ئۇكام، ھېچ بولمىسا بىرۋاق قوساق تويغۇزغۇدەك پۇل

بەرسىلە، — دېدى سايىت پوقاق ئېگىلىپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ.

— مەن ساڭا ئۇرغۇيچە گەپ قىلىۋاتىمەن ئاكا. ساڭا بېرىدىغان پۇل يوق. قەرزىڭ پۈتكەندە پۇل ئالىسەن. بولمىسا بېشىڭنى تامغا ئۇرساڭمۇ پۇل بەرمەيمەن.

سوقاباش بوغالتىر شۇنداق دەپلا ياغلىشىپ كەتكەن مەلدىزنى زەردە بىلەن قايرىپ ئاشخانا ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

— ئاتا نېمانداق تىلەمچىدەك يالۋۇرۇۋېرىسەن، بىز ئۇنىڭدىن تىلەۋاتمايمىز. ئۆزىمىزنىڭ پاختا ساتقان پۇلىنى بەر دەۋاتىمىز. مۇشۇنداق يالۋۇرمايدىغان ئىشقا يالۋۇرۇپمۇ مۇشۇ هالغا قاپتىكەنسەن، — دېدى تۇرالا.

— ئوبدان بالام، جېنىم بالام، مەن خۇش بولاي. مەن قانداق قىلسام قىلىپ ئۇنىڭدىن ئازراق بولسىمۇ پۇل ئېلىشنىڭ كويىدا بولاي. سىلەر تالادا بىردەم قوشۇق سالماي تۇرۇڭلار، —دېدى سايىت پوقاق ۋە ئاشخانا ئىچىگە كىرىپ، هېساباتچى ئولتۇرغان شىرە ئالدىغا كەلدى.

— ئوبدان ئۇكام، ئۇششاق سېرىق تۇكلەرنىڭ توك گېپىنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسلا، سىلىدىن ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا رازى بولاي، ئازراق بولسىمۇ پۇل بەرسىلە. بالىلىرىم بۈگۈن كەچكىچە تاماق يېمىدى. بىزگە بىرۋاقلىق ئاش-ناننىڭ پۇلىنى بولسىمۇ بەرگەن بولسىلا. ئەتىدىن باشلاپ ساتقان پاختىنىڭ پۇلىنى قەرزگە…

— قانداق گەپ ئۇقمايدىغان نېمىسەن. ساڭا پۇل بېرەلمەيمەن دېگەندىكىن گەپ تۈگىدى. تاماق يەمسەن، يېمەمسەن مېنىڭ نېمە كارىم. ياكى پاختىنى ماڭا ساتتىڭمۇ، ساتساڭ هۆكۈمەتكە ساتتىڭ، مەن هۆكۈمەتنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم.

مېنى تاماق يېگىلى قويامسەن قويمامسەن؟! قورسىقىم ئېچىپ ئاران قالدىم.

ھەش-پەش دېگۈچە ھېسابچىنىڭ ئالدىغا بىر تەخسە ئاشمانتا كەلتۈرۈلدى.

—"بىر ھارغانغا، بىر ئاچقانغا گەپ قىلما" دەپتىكەن، ئاۋۋال تائام ئاندىن كالام، گەپ بولسا سەل تۇرۇپ دېمەمسەن ئاكا، —دېدى خامسېمىز ئاشپەز سالاچىلىق قىلىپ.

—ھەي...ئوغرى بىزنىڭمۇ قورسىقىمىز ئاچ. ئەتىگەندىن بېرى قارنىڭنى ئىككى مەرتەم كەپلەپ تويغۇزغانسەن. بىز تۈنۈگۈن قورساق توقلىغانچە...بىز يىل بويى ئاچ-توق ئۆتىمىز، كېۋەز تېرىيمىز، ساتىمىز، يەنە قەرزىمىز تۈگىمەيدۇ. سەن يىل بويى كېۋەزلىككە دەسسەپ باقمايسەن. ھېسابخانىدا ئولتۇرۇپ گۆش پولۇ يەيسەن، قەرزىڭ يوق، پۇلۇڭ تۈگىمەيدۇ. بىزنىڭ رىزقىمىزنى سەن ئوغرىلاپ يېمىسەڭ، كېۋەز تېرىماي تۇرۇپ قانداق باي بولاتتىڭ؟......

چىچاڭشىپ سەكرەپ قوپۇپ كەتكەن ھېسابچى ھور چىقىپ تۇرغان ئاشمانتا سېلىنغان تەخسىنى ۋارقىراپ تۇرۇپ سۆزلىگەن پالتا بەگكە قارىتىپ ئاتتى. تەخسە تامغا تېگىپ پارە-پارە بولۇپ يەرگە چۈشتى. پولۇ، مانتا يەرگە چېچىلدى.

—ھەي ئىتنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن يېتىم ئوغلاق، زۇۋانىڭغا...سىيىپ دارغا تارتىمەن باكا...

ھېسابچى پالتا بەگكە ئېيىقتەك ئېتىلدى.

—ھاي...ھاي— ...سايىت پوقاق ھېسابچىنى توسۇپ ئارىغا كىرىشكە، مۆشت بىلەن بىر قويۇپ سايىت پوقاقنى ئوڭدىسىغا

چۈشۈرۈۋەتكەن ھېسابچى پالتا بەگنىڭ ساپاقتەك بويىنىدىن تۇ-
تۇپ بىر چۆرگۈدى، پالتا بەگ ئەسكى چاپانەك ئۇچۇپ بېرىپ
ئاشخانا ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز خىش سۇپىچاق ئۈستىدە گۈرۈل-
دەپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەشكە ئۇرۇلدى. مەش ئۈستىدىكى يوغان
رو قازاندا پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان قايناقسۇ ئۇرۇلۇپ پالتا بەگنىڭ
ئۈستىبېشىغا تۆكۈلدى. پالتا بەگ بىر ئۇنى ئاسماندا بىر ئۇنى
يەردە چىرقىراپ كەتتى. شۇ ئەسنادا گۆش چاپايدىغان يوغان
قىڭراق ھېسابچىنىڭ تۇرۇلۇپ كەتكەن بويىنىغا ئۇرۇلدى.

ھېسابچى كەينىگە ئۆرۈلۈشكە سايىت پوقاقنىڭ قولىدىكى
قىڭراق ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزىگە چېپىلدى. ئۇچىنچى قېتىم
چېپىلغان قىڭراق بوشقا كەتتى-يۇ، ھېسابچىمۇ ھۆركىرەپ،
ۋايساپ گۇپ قىلىپ يىقىلدى. بۇ ئىش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە
شۇنچىلىك تېز بولدىكى، ئاشپەزلەر ۋە خېرىدارلارھاڭ قېتىپ
تۇرۇپ قالدى، بۇ ئىشلارغا ھېچكىم ئۈلگۈرمىدى. سايىت پوقاق
قىڭراقنى تاشلاپ چىرقىراپ يىغلاپ يۇمۇلاۋاتقان پالتا بەگنى
قۇچىقىغا ئېلىپ ھورچىقىپ تۇرغان كىيىملەرنى يېشىشكە باش-
لىدى. بوينىدىن، يۈزلىرىدىن جىرغىپ قان ئېقىۋاتقان ھېساب-
چى يەردە يۇمۇلاپ، بىر قانچىنى ھۆركىرەپ جىم بولدى. سا-
يىت پوقاق پالتا بەگنىڭ بېشىدىكى ھور چىقىپ تۇرغان قىزىق
بۆكنى ئېلىۋىدى، باشنىڭ تېرىسى بۆك بىلەن بىرگە سويۇلۇپ
چىقىپ، بالىنىڭ بېشى پوستى سويۇلغان پىيازغا ئوخشاپ قال-
دى. بالىنىڭمۇ چىرقىراپ-چىرقىراپ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ
كەتتى. . .

1997-يىل 7-يانۋار، ئۈرۈمچى.

## نەسرلەر

# قۇياش تۇغۇلغان يەر



(ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا بېغىشلايمەن)

ئۇ ئەسلى ئۇلۇغ ئانا ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ھاياتلىقنى كېمىسىگە سېلىپ، جاپالىق قۇتقۇزۇشنى باشلاشتىن ئىلگىرى، بۇ يەر كۆك سۇمبۇل دېڭىز ئانا دەپ ئاتىلاتتى. نۇھ شىددەتلىك دولقۇن ئىچىدە كېتىۋېتىپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىر دېڭىزغا دۇچ كەلدى. غايەت زور بىر ئوت شىددەت بىلەن ئەرشكە ئېتى-لىپ چىقتى. قارا زۇلمەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان كائىنات يورۇق ئالەمگە ئايلاندى. غايەت زور ئوت چەمبىرىكى توختىماي ئەرشكە كۆتۈرۈلدى. سىياھدەك ئۇپۇق، قۇندۇزدەك دېڭىز زەڭگەر تۈس ئالدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام شادلىقتىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ئاللاغا شۈكۈر-سانا ئېيتتى.

—ئۇ ھاياتلىقنىڭ چىرىغىمىدۇ؟

—شۇنداق، ئىقلىم ھازىردىن باشلاپ زۇلۇمدىن ئازاد.

—بۇ چىراغنىڭ نۇرى يەتمەيدىغانلارمۇ بارمۇ؟

—قېتىغا نۇر ئۆتمەسلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ سىرتى قۇياش-نىڭ نۇرىدا يورۇپ تۇرىدۇ، ئەمما ئىچى مەڭگۇ قارا زۇلمەت بولىدۇ. ئۇلار دائىم زۇلمەت ئىلىكىدە بولۇپ قالىدۇ.

—ئاھ! ...زۇلمەتنىڭ سايىسى ھاياتلىقتا يەنە داۋاملىق بولىدىكەن - دە!

—ئۇ سايە مۇشۇ ھاياتلىق چىرىغى تۇغۇلغاندىن باشلاپ تاكى ئۆلگۈچە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ بولمىسا، ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت ئازغۇن، يورۇقلۇقنىڭ قەدرىنى بىلمەي، گۇناھقا پاتىدۇ.

—زۇلمەتنىڭ سايىسى قەيەرگە كۆپ چۈشەر؟

—يورۇقلۇققا ئىنتىلىپ قارىيالماس كۆزى خۇنۇك بولغان-لارنىڭ بېشىغا، ئاندىن قۇياشنى تەۋەللۇت قىلغان مۇشۇ دېڭىزغا.

—نېمىشقا ئۇنداق بولىدۇ؟

—چۈنكى ئۇلار قۇياشنىڭ ئۆز باغرىدىن سۇغۇرۇلۇپ چى-قىپ كەتكىنى ئۈچۈن، تاكى قۇياش ئۆلگۈچە يۈرەك-باغرى ئۆرتىنىپ ياشايدۇ.

—بۇنى كۆيۈك دېڭىز دەمدۇق؟

—شۇنداق، ئۇنى كۆيۈك دېڭىز دېگىن. ئۇ قۇياشنى مەڭگۈ ئۇنتالمايدۇ، ئۇنىڭ ئوتىدا مەڭگۈ كۆيىدۇ.

—قۇياش ئۇنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلەمدۇ؟

—چىداشلىق بېرەلىسە.

—ئەمىسە ئۇنى قۇتقۇزۇش كېرەكمۇ؟

—سېنىڭ ئادەملىرىڭ ئىچىدە يۈرەكلىك ئادەم بارمۇ، سو-راپ باق.

نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىدىكى ئادەملەرگە كۆز يۈگۈرتتى. ئىنسانلار كۆيۈۋاتقان دېڭىزغا قاراپ قورقىنىدىن كۆزلە-رىنى پارقىراتقىنىچە قېتىپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئۇلارغا نۇھ ئە-لەيھىسسالامنىڭ نەزىرى چۈشسە، قورقىنىدىن دىرىلدەپ تىت-رەپ كېتەتتى.

—كۆيۈۋاتقان بۇ دېڭىزنى كىم قۇتقۇزۇپ، ھاياتلىق ماكا-نىغا ئايلاندۇرالايدۇ؟

—تىرىك تۇرۇپ دوزاخقا كىرىش ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. ھېچكىمنىڭ دوزاختا ياشىغۇسى يوق.

—قۇتقۇزۇش دوزاخنى جەننەتكە ئايلاندۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزى بىر ئادەمنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇنىڭ زەڭگەر كۆزلىرىدىن زۇمرەتتەك ئۇچقۇن چاقنايتتى. يەلكىسىدە دېڭىز دولقۇنىدەك ئۆركەشلەپ تۇرغان ئالتۇن چاچلىرى كۆيۈۋاتقان مەشئەل يالقۇنىغا ئوخشايتتى، قاڭ-شىرىدىن چىقىۋاتقان بىر جۈپ زەڭگەر نۇر ئەرشكە قاراپ سو-زۇلغانىدى. ئۇنىڭ ھەممىدىن ھەيران قالارلىق يېرى، كۆك ياي-لىلىق سۇرلۇك بۆرىگە مىنىپ ئولتۇرۇشى ئىدى. ئۇنىڭ كىرپە تىكىنىدەك يىرىك قىزغۇچ ساقىلى بېگىزدەك تىك تۇراتتى.

—بالام، سەندىن مېھرىمنى ئۈزەلمەيۋاتىمەن.

—چۈشەندىم ئاتا، كۆيۈك دېڭىزنى مەن ھاياتلىق ماكانىغا ئايلاندۇرالايمەن.

—ساڭا نېمە بېرەي بالام؟

—مۇشۇ بۆرە بىلەن قوينى.

—نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟

—بىز ئۈچ مەخلۇق بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالساق غەپلەتتە قالىمىز.

—يەنە باشقا تەلەپلىرىڭ بارمۇ؟

—ياق، پەقەت بىر ئەندىشەم بار.

—نېمە؟

—كۆيۈك دېڭىز ھاياتلىق ماكانىغا ئايلانغاندىن كېيىن، تۆھپە تالىشىدىغان شېرىكىم چىقىپ قالامدۇ؟

—ئەنسىرىمىگىن، ئۇلار تالاشسا ئۇنىڭ جاجىسىنى ئاللا ئۆزى بېرىدۇ. پەرىشتە-مالائىكىلەر ساڭا مەدەتكار بولىدۇ.

—ئاتا، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، قۇياش ياتقان قورساق بولغاچقا، ئۇنىڭ ھارارىتىدىن ھەممە نەرسە كۈلگە ئايلىنىدۇ. كۆيۈۋاتقان لاۋاغا دەسسەش ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئەمما مەندە ئاللا ئاتا قىلغان ئەقىل بىلەن جاسارەت بار. قالغىنىغا تەۋەككۈل دەيمەن. لېكىن، سەۋر بىلەن چىدام ئارىسىدا جان تەلپۈز قىلىپ بۇ قوقاسلىقنى ھاياتلىق ماكانىغا ئايلاندۇرسام، مېنىڭ ئەجرىم باشقىلارنىڭ تۆھپىسى بولۇپ پۈتۈلۈپ قالسا، ماڭا ئۇنىڭدىن ئارتۇق دوزاخ بولماس. يەنە بىر سوراپ باقسىلا، ئەگەر ئىگە بولىدىغان قۇتقۇزغۇچى بولسا ھازىرلا چىقسا، مەن بۇ ئىشتىن ھازىرلا قول ئۈزۈپ، خۇدا بېرىدىغان باشقا ھاياتلىق ماكانىنى ئىزدەيمەن.

نۇھ ئەلەيھىسسالامغا بۆرىگە مىنىپ ئولتۇرغان ئوغلىنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق بىلىندى.

—قايسىڭلار قۇياش تۇغۇلغان بۇ يەرنى ھاياتلىق ماكانىغا

ئايلاندۇرالايسلەر؟

ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى، ئۇلار كۆزلىرىنى پىلدىرلى-تىپ قاراپ تۇرۇشتى.

—چىقىدىغان بولساڭلار ھازىر چىقىڭلار، كېيىن پىتنە-پا-سات تارقاتساڭلار، كۆز قىزارتساڭلار، مەن ئاللادىن تىلەپ سىلەرگە ساقالسىزلىق، ناجىنىسلىق كېسىلىنى يۇقتۇرۇپ جا-زالىتىمەن.

—بولدى، ئاشۇ بۆرىنىڭ دوستى مۇشۇ دوزاخقا لايىق. ئۇنى مەڭگۈ تالاشمايمىز. ئاللا بىزگە گۈزەل يايلاق، ھەيۋەتلىك تاغلارنى، جەننەتتەك باغلارنى بېرىدۇ، —دەپ چۇرقىراشتى ئىنسانلار.

—بولدى ئەمىسە، كۆيۈك دېڭىز مەڭگۈلۈك سېنىڭ بول-سۇن. ئاللانىڭ يارلىقى بىلەن بۇ ئۇپۇق پەرىشتىلەرنىڭ قولى ئارقىلىق سېنىڭ ئىسمىڭغا پۈتۈلىدۇ.

—رەھمەت ئاتا، مەن قاتتىق سۆڭەك ئادەممەن. بۆرە بىلەن قوي، يۇرۇڭلار.

زەڭگەر كۆز، مەشئەل چاچ ئادەم كۆيۈۋاتقان ئوت دېڭىزغا سەكرىدى.

—ئوغلۇم، نام شەرىپىڭ كىم ئىدى؟—دەپ ۋارقىرىدى نۇھ ئەلەيھىسسالام.

—نام-شەرىپىم بۆرە تۇتىملىق، قوي مىجەزلىك ئۇيغۇر...

—ئۇيغۇر... ئۇيغۇر...

—بالام، قوي گۆشى يېيىشتىن ھەزەر قىل، ئۇنىڭ توخۇ-چىلىك ئەقلى، چۇمۇلىچىلىك ئىرادىسى يوق، مىجەزىڭنى ئۆز-

گەرت، بولمىسا بۇ ئاتەش ماكاندا ياشىيالمايسەن.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. ئۇ پۈتۈن ھاياتلىقنى ماكانلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەرشتە ئۇچۇپ يۈرۈپ، مەخلۇقاتنىڭ تىرىكچىلىكىنى كۆزدىن كۆچۈردى. ئۇ بۆرە يىگىت ئۇيغۇرنىڭ ئوت دېڭىزىغا كېلىۋىدى، ئوت ئۆچكەن، ئەمما كۆيۈپ قوقاسقا ئايلانغان بىر زېمىنىنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆردى. قوقاسنىڭ يالقۇنىدا ئۇنىڭ يۈزى قىزىپ كەتتى. ئوتنى قانداق ئۆچۈرۈپ، بۇ ھاياتلىق ماكانىنى ئاچقاندۇ، دەپ ھەيران بولۇپ سىنچىلاپ قارىۋىدى، بۆرە يىگىت ئۇيغۇر قوقاس كولاپ چوغنىڭ ئاستىدىن بۇلاق ئېچىپ، ئۇنىڭ سۈيىنى قوقاسنىڭ ئاستىدىن ئېقتىپ ئوتنى ئۆچۈرۈپ، كۆلنى كۆچۈرۈپ تۇپراققا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

—ئوغلۇم بۆرە يىگىت ئۇيغۇر، بۇ نېمەڭ؟

بۆرە يىگىت ئۇيغۇر ئەرشكە قاراپ نۇھ ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سالام بەردى.

—ئۇلۇغ ئاتا، بۇنى كارىز دەيمىز. ئۆزى قوقاسنىڭ ئاستىدىن ئاققان بىلەن سۈيى مۇزدەك بولىدۇ.

—بۇ زېمىندا نېمە بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىڭ؟

—جەننەتنىڭ مېۋىسى ئۈزۈم، ئۈزۈم تېرىدىم. يەنە نۇرغۇن، ھەممە نەرسە بولىدۇ. قاراڭ، بۇ يىپەكنىمۇ چىقاردىم،

—ئۇ ئۇچىسىدىكى ئاق شايى يەكتەكنى كۆرسەتتى.

—سىز تېرە كىيىمنى تاشلاڭ. بۇ يىپەك كىيىم كارامەت راھەتلىك. مېنىڭ نېمەتلىرىمنى تېتىپ كۆرۈڭ.

—شەھەر قۇردۇڭمۇ؟

—ھەئە، كارامەت شەھەر قۇردۇم، شەھەردىن نەچچىنى قۇردۇم. بىرسىنىڭ ئىسمى يارغول، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئىدىقۇت.

—يەنە قۇرامسەن؟

—يەنە تۇرپاننى قۇراي دەيمەن.

—بوپتۇ، بۇ سېنىڭ ئازادە ماكانىڭ، نېمە قىلغۇڭ كەلسە قىل، قانداق شەھەر قۇرغۇڭ كەلسە قۇر. ئاللا ساڭا مەدەت قىلىدۇ.

—ئۇلۇغ ئاتا، پىتنە-پاسات يوقتۇر؟

—ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇبولمىسا، سەن قوغلىۋەتكەن دوزاخقا تۇترۇق تاپقىلى بولمايدۇ.

—قانداق پىتنە-پاسات؟

—قۇياش يۇرتۋازلىق قىلىپ، كۆپرەك نۇرىنى شۇ يەرگە بېرىدىكەن، دېگەن گەپ.

—ئۆز ئانىسىنى سۆيۈش ھەر بىر ۋىجدانلىق ئىنساننىڭ ئوغلىنىڭ بۇرچى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام بۆرە ئۇيغۇر يىگىت تەقدىم قىلغان يەپەك شايى تونىنى كىيىپ، قالتىس سالاپەتلىك بولۇپ كەتتى.

—بۇ سېسىق تېرىلەرنى تاشلىۋېتىڭ، ئەمدى شايى كىيەسىز ئاتا،—دېدى ئۇيغۇر بۆرە يىگىت.

—كونا پېتىشتا تېرە كىيىشنى بىلمەيدىغانلار بار، ئۇلار يالىڭاچ يۈرۈيدۇ. بۇلارنى شۇلارغا ئالغاچ باراي بالام، —نۇھ ئەلەيھىسسالام يىگىت سوۋغات قىلغان ئۈزۈم، پاختا، بۇغداي، شارابلارنى ئېلىپ، دۇئا بېرىپ يولىغا راۋان بولدى.




## ئوت دالىسى

سەندىن ئەيمىنىمەن، ئەمما سېنى ئۆزەمگە ئەڭ يېقىن ھېسابلايمەن. سېنى كۆرمىگەن چاغلىرىمدا تەپتىڭ باغرىمنىڭ بېغىشىدا دۇنيانىڭ ھارارىتىنى ھېس قىلدۇرۇپ كەلگەنىدى. كۆزۈمنىڭ كۆيۈشلىرى سېنىڭ ساھىبجامالىڭدىن، تىلىمنىڭ چاكىلداشلىرى لېۋىڭدىن چاچقان ئوتلىرىڭدىن بولدى. تومۇ- رۇمدا ئېقىۋاتقىنى سەن يادىكار قىلغان ھېلىقى كۆيدۈرگۈچ شۇ. كۆكسىمىزدە ئويناپ تۇرغانلىرى شۇنىڭ بىر پارىسى بولۇ- شى سەن بىلەن مېنى ھەيران قالدۇرماستىن، بىزگە تىكىلگەن شۇنچە كۆزلەرنى نېمە كويلارغا سالمىغاندۇ، ئۆزۈمنى تونۇشقا ئىنتىلىمەن. دېمەك سەن شۇمىدىڭ؟! قېنىڭدىن مەن ئۇنۇپ چىققاندا سەن مېنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىم ئىدىڭ. مانا ئەمدى

سەن كۆككە قاراپ سوزۇلۇپ سۈكۈت بىلەن ياتقىنىڭدا مەن
سېنىڭ كىچىكلىتىلگەن ھەيكىلىڭگە ئايلاندىم. ئۆزۈمنى، ئۆ-
زۈڭنى، تىكىلىپ چېقىۋاتقان كۆزلەرنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى ئوب-
دان يادلاپ بىلىۋېلىش ئۈچۈن كەلگۈسىدە ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ
قويۇپ تاپالماي كوچىلاردا سەرسان بولۇپ يۈرمەسلىكىم ئۈچۈن
ئۆزۈمگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدىم.

## قاتقان قىرغاق

جىلغىلارنىڭ ئەسىرلەپ ئاققان ياشلىرى كىرپىك-
لىرى شالاڭلاپ قالغان جىيەكلەردىن ئالدىراپ دومىلاپ چۈش-
تى. ئۇلارنى پايلاپ كەلگەنلەر كۆردىكى ئۇپۇقنىڭ ئۈستىدىمۇ
ئاستىدىمۇ سۇرلۇك قېتىپ تۇرغان زەڭگەر بوشلۇق كۆزنىڭ
ئىچىنى ئېرىتىپ تۇرىدۇ. ئاشۇ ئاق لېچەك ئاھۇ كۆزلەرنىڭ
يېشى مۇشۇ زەڭگەر بوشلۇقنى ياشنىڭ ئاخىرى نېمە بولىدىغانلى-
قىنى كۆرسەتكەندەك چەكسىز قات-قات زەڭگەر ئويۇتمىلار ئۇ-
پۇققا تاقىشىپ زېمىننىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرى بىلەن ئەرشنىڭ
قۇياشقا ئۇلاشقان جايىغىچە قىرغاق ھاسىل قىلدى. بۇنى يېڭى
تۇغۇلغان نۇرغۇن قۇياشلار بارلىق ھارارىتىنى يىغىپمۇ ياكى
ئەرشنىڭ قوغلاندىسى ياكى زېمىننىڭ پالاندىسى قىلىپمۇ قېقىۋې-
تەلمىدى. ئۇ قاتتىقلىقنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى ئەرشتە مالا-
ئىكلەرگە، زېمىننىڭ تەكتىدە مۇئەككەللەرگە كۆرسەتتى.

# كۆيۈك دېڭىزنىڭ سىرى

ئەرشتىن موللاق ئاتقان پېتى دېڭىزنىڭ تەكتىگە قاراپ شۇڭغۇۋەردىم. كۆك دېڭىز بۆرە كۈچۈكىنى ئەركىلەتكەندەك ئايدەك كۆكسىنى تۈمشۇقۇمغا پات-پات سۈركەپ كۆزۈمدىن زەڭگەر ئۇچقۇن سۇغۇرۇپ ئېلىپ كېلىۋەردى. سۆيۈشكە موھتاج بولغىنىمدىن تولغىنىپ پەسكە قاراپ شۇڭغۇۋەردىم. ئېچىرقاشتىن لىپىلداپ كەتكەن لەۋلىرىم ئىسسىق تىنىقلارغا ئۇرۇلدى. ئارىلىقنىڭ قىسقىراپ قالغىنىدىن بېلىقتەك ئويناقلاپ شۇڭغىدىم، ۋاھ... سۆيۈشمۇ شۇنداق بولامدۇ. يېلىنجاپ تۇرغان چوغنى سۆيدۈممۇ، مىليون ئوت لەۋلىك قىزلارنىڭ ئوتى يىغىلغانمۇ، كۆيدۈرگۈچ سۆيگۈ. ھۆل سوغۇق يىگىتنى سىمابتەك ئېرىتىپ، ئۇنىڭ مۇزتاغ سىڭدۈرگەن روھىدا نەم قالماي تولغىنىپ تۈگۈلۈپ قالدى. نىدا قىلدىم، ئۇھ، بولدى سۆيمە مىنى ئەركىلەپ، ئوماق چېۋىقلىرىڭ مېنى ئەگسۇن، سېنىڭ كۆيۈشلىرىڭگە بەرداشلىق بەرگۈدەك مۆجىزات جاھانغا تۆرەلمىگەندۇر.

نىدا كەلدى.

— مېنىڭ، كۆيگىنىممۇ، سۆيگىنىممۇ بار، ئەمما ھەر ئىككىمىز ھايات تۇرۇپ، بىر-بىرىمىزنى سۆيەلمەي مانا كۆرۈپسەن، كۆيۈكىنىڭ دەستىدىن چىرايلىق سۇمبۇل زەڭگەر دېڭىزدىن قوقاسقا ئايلاندىم. ئۇ ئازابىنىڭ دەستىدىن جۇت بولۇپ قاتتى.

— ئۇ كىم؟ قەيەردە؟
— ئۇ مېنى باغرىدا ساقلاۋاتقان كىشى مۇزتاغ ئاتا.
— سىلەر دىدارلاشساڭلار قانداق بولىدۇ.
— بىز دىدارلاشساق مەن ساھىبجامال كۆك سۇمبۇل دېڭىزغا ئايلىنىمەن. ئۇچاغدا سىلەر — بېلىقلىرىمنىڭ بەخت دېڭىزىدا — بىزنىڭ باغرىمىزدا مۇرادىڭلار ھاسىل بولىدۇ.
— بىز چوڭ بېلىق، ھەتتا ئاكۇلا بولالامدۇق؟
— ھەي بالا. دېڭىزنى كۆرمىگەنسەن-دە، بارلىق مەۋجۇداتنىڭ بەختى دېڭىزدا. دېڭىز بولسا ھەممە بولىدۇ. مەن كۆك سۇمبۇل دېڭىز چاغلىرىمدا ئەجدادىڭلار ئاكولامۇ، دىنوزاۋرمۇ، ئەجدىھامۇ يەنە قانچىلغان ئۇلۇغلارمۇ بولغان.
— ئەمىسە مۇزتاغ ئاتا بىلەن دىدارلىشىڭلار، بىزمۇ بەخت دېڭىزىغا موھتاج.
سادا سۇكۇتكە ئايلاندى.
— كۆيۈك دېڭىز ئانا... كۆيۈك دېڭىز ئانا... مۇزتاغ ئاتا... مۇزتاغ ئاتا... نەپسىم بوغۇلۇپ تىنىقلىرىمدىنمو ئوت ياندى.

## تۇرپان

كۆيۈك دېڭىزغا ئايلانغان كۆك سۇمبۇل دېڭىز ئانا شۇندىن بېرى ماڭا گەپ قىلمىدى. ئۇ مېنىڭ نادان، ئەخمەق بالا ئىكەنلىكىمدىن ماڭا ئىشەنمىگەندۇر. مەن ئوتلۇق نەپەسلىرىمنىڭ بوغۇشلىرىدىن بىھوش بولۇپ، ئۇنىڭ كۆكسىدە مەجنۇنلارچە

يىتىقلاپ يۈردۈم. بىر چاغلاردا ياشقا تولغان خىرە كۆزلىرىم كۆيۈك دېڭىزنىڭ هاياتلىقىدىن گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرغان كۆك سۇمبۇل دېڭىز ئانىنىڭ تېخىچە ئوچۇق، هايات تۇرغان يېشىل كىرپىكلىك تىنىق كۆزلىرىگە چۈشتى.

—ئانا … ئانا … كۆك سۇمبۇل ئانا … كۆزىڭىز هايات … راستىنلا هايات، شۇنداق چىرايلىق، مېھرىبان يېشىل كۆزلىرىڭىز ئوچۇق تۇرىدۇ……

—شۇنداق، مېنىڭ كۆزۈم ئوچۇق…ئۇ ھەرقانداق چىرايلىق ئانىنىڭ كۆزىدىنمۇ چىرايلىق. ساڭا—ئۆز ئوغلىغا تېخىمۇ مېھرىبان. قارا مېنىڭ كۆزۈمنىڭ ئىسمى تۇرپان. ئۇ سەن ئۈچۈن پۈتۈن مېھرىنى تۆكۈپ قارىدى.

—راست ئانا…كۆزىڭىز مېنى چەكسىز سۆيۈش بىلەن پەپىلىدى. مۇنداق مېھىر-مۇھەببەت سىزدەك ئانامدىنلا كېلىدۇ. مەن سىزنى سۆيىمەن ئانا…

—مەنمۇ سېنى سۆيىمەن ئوغلۇم. ئوغلۇم سەن ئاتا-بوۋاڭنىڭ قەبرىسىنى يوقلا. ئاكاڭ ئابدۇخالىقمۇ يۈرىكىمنى ئېزىپ بالدۇرلا ئايىغىمدا يېتىۋالدى. ئۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالما. مەن ئۇنىڭدىن رازى ئوغلۇم.

—شۇنداق قىلىمەن ئانا……

كۆزۈمدىن سىرغىغان ياش ئانىنىڭ تەپتىدىن توختاۋسىز هورغا ئايلىنىپ تۆگىدى. كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئانا مۇڭلانغىنىچە سۈكۈتكە چۆمدى.

## يارغول

ئاتا ياتقان يېرىڭىز شۇمۇ. سىز يارانقان بايلىقلارنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەتتى. ياق ئاتا، ئوغلىڭىز كەم ئەقىللىق قىلغىنى يوق. ئۇ بىر ئادەم، سىزنىڭ قېنىڭىزدىن تۆرەلگەن. ئۆزى ئىشلەپ تاپىدۇ. مەن مىراس دەۋاسى قىلىپ كەلمىدىم. پەقەت سىزنىڭ چەكسىز بايلىقىڭىزنى بىلگىنىمدىن تارتىپ، ئۇنى كىم ئۇچۇن توپلىغان بولغىيدى، كىمگە بېرىۋەتكەندۇ؟ دېگۈم كېلىدۇ. سىز ھەجگە چىققاندا تاپقان ئاكامنى خېلى ئىنساپلىق دەپ ۋەسىيەت قىپتىكەنسىز. ياتقان يېرىڭىز خارابە بولۇپ كېتىپتۇ. كۆڭلۈم بۇزۇلدى، روھىڭىز جەننەتتە بولسىمۇ، قورۇنۇپ دوزاخ ئازابى تارتمىغانسىز، ئاكام ۋاپاسىزلىق قىلغان بولسا، مەن كەنجىڭىز روھىڭىزغا ئاتاپ دۇئا قىلاي ئاتا. ياتقان يېرىڭىز جەننەت بولسۇن.

## ئاستانە

ھايات ۋاقتىڭىزدا ئىبادەتنى ئازقىلدىڭىزمىكىن دەيمەن-يۇ، ئۇنداق قىلدىغانلىقىڭىزغا زادى ئىشەنمەيمەن. ئېتىقاددا مەشھۇرئىدىڭىز، رەقىبلىرىڭىز جاھاندا يېگانە شۆھرىتىڭىزنى، ھاياتلىقىڭىزدا دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ چىدىماس ئازگاللىرىدىن يامىشىپ چىققانلار پاچاقلىرىڭىزنى بۇلغىماق بولغانىدى. ھاياتلىقىڭىزدا قىلالمىغان ئىشنى ئەمدى ئۆلگەندە پېشانىڭىزگە توقى-

ەنەت قىلدىمۇ؟ روھىڭىز قورۇندىمۇ. خارابە دىللىرىڭىز، ئۇ-
ۇلگەن قول-پۇتلىرىڭىز ئادەمنى يەنىلا سۈر باستۇرىدۇ، تىرىك-
لىكىڭىز قانچە سۈرلۈك بولغىيدى. تەسەۋۋۇر قىلمىقىم تەس.
چۈنكى مەن سىزنىڭ ئەۋلادىڭىزدىن سۈر باستۇرىدىغانلارنى ئە-
مەس، مىسكىنلەرنى كۆرۈپ چوڭ بولدۇم.

## يالقۇنتاغ

ئانامنىڭ يېشىل كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى ئالسام قاراپ تۇ-
رۇپسەن. كۆيۈۋاتقىنى كۆكسىكەن دەپ داد ئېيتتىم. ھايات
كۆيۈۋېتىپسەن. كۆكسىڭنىڭ مۇشۇ كۆيۈشلىرى بىلەن مۇز تاغ-
نىڭ كۆكسىگە سۈركەلسەڭ ئۇنى سىمابتەك ئېرىتىپ ئويۇپ
كىرىپ، يېڭى ھاياتلىقنىڭ ھامىلىسىنى پەيدا قىلىدىغىنىڭغا
ئىشەندىم.

## كارىز

ئانا بىلدىم، سەن سۈكۈتتە تۇرغىنىڭ بىلەن چۆجىلىرىڭنى
يىلىكىڭدە سۇ ئىچكۈزۈپ قاتارغا قوشۇدىكەنسەن. يىلىكىڭ قۇ-
رۇمىسۇن ئىلاھىم. سېنىڭدىن كېلىۋاتقان لەززەتنى، پاكلىق-
نىڭ لەززىتىنى ھېچكىم بىرەلمەس.

# بۇيلۇق

يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسۈڭدىن يەنە ئابىھاياتتەك بۇلاق شىرنىسى سىرغىپ، سۈزۈك سۇلارنىڭ ئېقىپ تۇرۇشىدىن ھاسىل بولغان بۇ مۆجىزىنى باغرىڭدا ساقلىدىڭمۇ. تەنتەكلىرىم راھەتلەنسۇن، دەپ كۆكسۈڭنى مۇجۇپ بىرنۋاتامسەن. ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانام قوغلاپ چىقىرىلغاندا ھەسرەتتىن بوغۇلۇپ چىرايىڭ كۆكىرىپ كەتكەنمىدى. مانا بىز يەنە كەلدۇق. پېشانەڭدە يېلىنجاپ تۇرغان دوزاخنىڭ يالقۇنى، باغرىڭدا ۋىلىقلاپ تۇرغان جەننەتنىڭ سۇلىرى سېنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىڭنىڭ شاھىدى ئەمەسمۇ، ئوتنى كىمگە، بۇلاقلىرىڭنى نەلەرگە يەتكۈزۈپ سۇكۇتكە پاتتىڭ.

ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانام يالىڭاچ ھەيدەپ چىقىرىلدى. شۇندىن بېرى سەن ئادەمنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئاقتىڭ. ئازاپىڭ سەن كۈتكەن ئادەمنى باغرىڭغا بىر كۈن تاڭىدۇ.

1991-يىل 17-ئاۋغۇست، تۇرپان.

# مەن ئۇنى ئاران ئىككى قېتىم كۆرەلىگەن

راست، مەن ئۇنى ئاران ئىككى قېتىم كۆرەلىدىم، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمىغان تەلۋە كىتاب مەستانىسى چاغلىرىمدا ھەر بىر ئەسىرىنى بېشىمچىلاپ كىرىپ كەتكىنىمچە تەكرار ئوقۇپ تاڭغا يېقىن كىتاب بەتلىرىنى مىجىقلىغانچە چۆشەكەپ ئويغانغان چاغلىرىمدا، بۇ سۆيۈملۈك كىتابنى پۈرلىۋەتكىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ كەتكىنىم ۋە "بۇ ھۆرمەتلىك زات قانچىلىك ئادەمدۇ، بەستى يوغان، تازا كېلىشكەن، چىرايلىق ئادەم بولسا كېرەك، ئۆمرۈمدە ئۇنى بىرەر قېتىم كۆرەلەرمەنمۇ؟..." دەپ ئويلىغانلىرىم... بۇ، بالىلىقتىكى سەبىي، پاك ھېسسىياتلىرىم ئىدى. بۇ — ئۇنىڭ مەن تويماي ئوقۇيدىغان ئەسەرلىرى سىڭدۈرگەن ھۆرمەت ھېسسىياتى ئىدى.

كۈتۈلمىگەن، تاسادىپىي چاغدا ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم. ئۆزىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئەسەرلىرىدىن سىڭگەن يازغۇچىغا — پىر ئۇستازغا بولغان ھۆرمەت، ئۆزىنى كۆرگەندىن كېيىن تې-

خىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ئۇنىڭ يازغۇچىلىق كامالىتىدىن ئادەم- لىك كامالەتىنىڭ كۆپ ئۈستۈنلۈكى، بەلكى يازغۇچىلىق ئورنى- دىن كۆپ يىراقلاپ-ئارتىپ كەتكەنلىكى مەندە ئۇنتۇلماس تەسى- رات قالدۇردى.

1986-يىلى، ئاۋغۇست، ساناقسىز ئۇنتۇلماس خاتىرىلە- رىم ئىچىدىكى ئەڭ سەرخىل خاتىرە. «تارىم» ژۇرنىلى غۇلجىدا چاقىرغان ئىسلاھات تېمىسىدىكى ئىجادىيەت يىغىنىغا قاتنىشىش شەرىپى مېنى خۇشاللىقتىن گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. مەن كۆرۈ- دىغان "تۇنجى"لار بۇ پۇرسەتتە ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئاۋۋال كىچىككىمدىنلا تولا ئاڭلاپ نامى ياد بولۇپ كەتكەن سادىر پالۋان يۇرتى —"ئىلىخو"نى كۆرىمەن، ئاندىن مەن ئەسەرلىرىنى سۆ- يۈپ ئوقۇيدىغان يازغۇچى-شائىرلىرىمىزنى كۆرىمەن، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئاشۇلارنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىمەن، ئۇلار قانداق ئادەملەر، ماڭا ئوخشايدىغان ئادەملەرمۇ ياكى باشقىچە سىياقتىكى ئادەملەرمۇ، بىر كۆرەي. مەن تېخىچە ئۆزۈمگە ئىشەنمەيتتىم.

تېڭىرقاپ يۈرۈپ، يىغىن ئورنىنى تەستە تاپتىم. غۇلجا شە- ھىرى شۇنداق چىرايلىق، ئازادە، باغچىغا ئوخشىسىمۇ مەن ئۇ- چۇن، شەھەر كۆرمىگەن سەھرا بالىسى ئۈچۈن ئوي-چوڭقۇرى تولا بولۇپ كەتكەنىدى. مېنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇپ ياتاق بوسۇغى- سىدىن ئاتلاپ بولغىچە "ئۇھ" دېگۇدەك ھالىم قالمىدى. بىرمۇن- چە ئادەملەرنى كۆردۈم. ئۇلار شۇنچە شوخ، پاراڭچى بولۇپ، خۇددى قەدىناسلاردەك ئەركىن پاراڭلىشاتتى. تەبىئىي سەزگۈم ھەم مەن كۆرگەن رەسىملەر ئۇلارنىڭ يازغۇچى-شائىرلىرىمىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. "ۋوي، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشايدىكەنغۇ،

مېنىڭ دادام مۆئەللىم. مەن كۆرگەن باشقا كىشىلەرگە، ھەتتا بەزىسىنىڭ تۈرقى، گەپ-سۆزى كوچىدىكى ئالىقاپلارنىڭ مەل ئۆزىگىلا ئوخشايدىكەنغۇ؟!» دېدىم. بىرقىسىملا بولۇپ قالدىم، دېمەك، ئوخشايدىكەنمىز. تەسەۋۋۇرۇمدا ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەردىن پۈتۈنلەي ئۆزگىچە، بىزگە ئوخشىمايدىغان، گەپلىرى چۈشىنىكسىز، ناھايىتى سىرلىق، قەيسەر ئادەملەرئىدى. ھەممىسى ماڭا ياتسىراپ قاراۋاتقاندەك «بۇ بالا بىرەرسىنىڭ غولجىنى كۆرسەتكىلى ئالغاچ كەلگەن بالىسىمىدۇ ياكى بىزنى كۆرگىلى، ئوينىغىلى كەلگەن بالىمىدۇ؟» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇلار ئۆز يولىغا كېتىۋاتسىمۇ، ئۆزگىچىنى قىلىۋاتسىمۇ، ئۆز خىيالى بىلەن بولسىمۇ، ماڭا شۇنداق تۇيۇلدى. شۇڭا تەرلەپ بېشىمنى ئۈستۈن قىلالماي، ياتاققا ئۇلاشقىچە روھىي جىددىيلىكتىن ھېرىپ كەتتىم. ھېلىمۇ ياخشى، ياتاققا كىرىپلا ئابلىمىت ھاجى ئاكا بىلەن سېغىنىش ئىچىدە كۆرۈشتۇق. ئابلىز ئۆمەر ئاكىمۇ كىردى. ئۇلارمۇ مېنى تونۇيدۇ، مەنمۇ ئۇلارنى تونۇيمەن. «ھېرىپ ئۆلەي دېدىم!» دەپ ھالىمنى دەپ بەرگەنىدىم، ئۇلار كۈلۈشۈپ كېتىشتى، يەڭگىللەپ قالدىم.

—ھەممىڭلار كارىدورغا چىقىڭلار!...

سىرتتىن قوپال چاقىرىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەپتىدىن سەپەر ھاردۇقى چىقىپ تۇرغان ئادەملەر ياتاقلاردىن چىقىپ، كۈلۈشۈپ تۇرغانىدى، ئېگىز بويلۇق، قاراقاش، ئوراكۆز بىرئادەم:

—ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن يازغۇچى-شائىرلار ئۆزۈڭلارنى رۇسلاپ، رەتلىك تۇرۇڭلار! مەشھۇر شائىر روزى سايىت سىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، —دېدى، ئۇنىڭ

قويۇق خوتەن شىۋىسىدىكى قىزىق چاقچىقى ھەممىمىزنى تېلىقتۇرۇپ كۈلدۈرۈپ، ئارىدىكى ياتسىراش، سىپايىلىقنى تۈگىتىپ، ھاردۇقىمىزنى چىقىرىۋەتتى.

— ئالدىمغا قالايمىقان كېلىۋەرمەي، رەتلىك تىزىلىپ قوبۇل قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار. مەن ئاۋۋال زۇنۇن قادىرنى قوبۇل قىلىشتىن باشلايمەن.

ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشتى. يۈرىكىم سېلىپ، كۆزلىرىم چوڭ ئېچىلغانچە، ئادەملەر قارىغان تەرەپكە نەزەر ئاغدۇردۇم، ئەخەت تۇردى ئاكا بىلەن ئابدۇساتتار ناسىرى كۆزەينەكلىك، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، خوش پىچىم بىر بوۋاينى قولتۇقلاپ كەلدى. ھەممە ئادەم بۇ ھۆرمەت ئىگىسىنىڭ قولىنى چەكسىز ئىپتىخار بىلەن تۇتاتتى. روزى سايىت ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى:

— ئاكا، ئەمدى ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرۈڭ، سىزنىمۇ سېغىندىم، ھەممىنى سېغىندىم ياتىقىڭىزغا كىرىپ كۆرۈشەي دېسەم، خوتەندىن كەلگىچە ھارغاندىمۇ بەك ھېرىپ كەتكۈدەكمەن، شۇڭا سىزدىن باشلاپ ھەممەيلەن بىلەن بىرلاۋاقتىتا كۆرۈشەي، قوبۇل قىلاي دېدىم...

ھەممىمىز يەنە كۈلۈشتۇق.

— مېنى راستىنلا قوبۇل قىلدىڭمۇ، گاداي! — دېدى زۇنۇن قادىرى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىز ئادەتتىكى يازغۇچى بولسىڭىزمۇ، قوبۇل قىلماي بولمىدى، چۈنكى مەن مەشھۇر بولسامۇ كەمتەر ئادەممەن...

تولا كۈلۈپ، زۇنۇن قادىر ئاكىنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش

چىقىپ كەتتى. مەن ئۇ كىشىنىڭ بوۋايلارغا خاس يۇمشاق قول-لىرىنى تۇتقىنىمدا پۈتۈن سەزگۈم يوقالغاندەك بولدى. دېمەك، مۇشۇ مىنۇتتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈۋرۈكىنىڭ قولىنى تۇتقان ئىدىم!

يىغىن جەريانى مەن ئۈچۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ قىيىن مىنۇت-لار بولدى. مەن ئولتۇرىغا قويغان «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» پوۋېستى مېنى بەس-مۇنازىرە تاش بورىنى ئاستىدا قويدى. مەي-داندا يالغۇزلۇق ھېس قىلدىم، ھەممە ئادەم بېشىمغا تاش ئېتى-ۋاتقاندەك تەرلەپ، بېشىمنى كۆتۈرەلمەي، يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى. خېلى كۆپ يىغىنغا قاتناشقان، لېكىن بۇنداق يىغىنغا قاتنىشىپ باقمىغانىدىم، بۇ يىغىنغا كەلگىنىمگە، پوۋېستىمنى "ئەسەر" دەپ ئوتتۇرىغا قويغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلدىم.

— شامالدۇرغۇچنى ئەختەمگە توغرىلاڭلار، بولالمىدى، — ئابلىكىم باقى چاقچاق قىلدى، كۈلمەكچى بولۇۋېدىم، ئاغزىم تارتىشىپ قېلىپ كۈلەلمىدىم، شۇنچە قورقۇنچلۇق گەپلەر ئى-چىدىن بىرىنچى بولۇپ مۇھەممەتجان راشىدىن ئاكا بومبا پارتلى-غاندەك ۋارقىرىدى:

— نەدە بۇنداق ئىش يوقكەن؟ بار، بىزدە، بىزنىڭ جەمئى-يىتىمىزدە بار! ئاندىن ئەخەت تۇردى ئاكا ۋە سىدىق ھاجى روزىلار جانسىزلىنىپ كەتكەن روھىمنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ-تارتىپ مېنى ئۆرە قىلدى، يۈرىكىمگە سۇ پۈركۈپ، ئېسىمگە كەلتۈردى، ئۇلار ئايىماستىن سۆزلەيتتى، ۋەزىيەت تىركىشىش ھالىتىدە ئىدى، دەل ئېلىش بولدى، شائىر نەسرۇللا ئابلەت ياتىقىمغا كىرىپ:

—سىزنى زۇنۇن ئاكام چاقىرىدۇ، —دېدى.

"نېمە دەر؟" —پۇت-قولۇمدا جان قالماي، ئورنۇمدىن تۇردۇم، قانداق مېڭىۋاتىمەن، قەيەردە ئۇچرىدى، نامەلۇم، زۇلپىقار ئۇچراپ:

—سىز ئۇچۇن دەشنەم يەپ، ئىچىم ئۆرتىلىپ كېتىۋاتىدۇ. راستىنى دېسەم، ئاچچىقىمدا كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى، ئەمما تۇگىشىپ كەتمەك! ئۇلار دەيدۇ، ئاغزى كۆنۈپ كەتكەن، بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، —دېدى.

بۇلاق سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ھاۋالىق بىر چۆپلۈكتە زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوپ ئاكا، تېيىپجان ھادى ئاكا، مەمتىمىن ھوشۇرلار ئولتۇرغانىكەن، بۇككىدە دەرەخ سايىسى ئادەمنى راھەتلەندۈرەتتى.

—كېلە، دولانلىق شا كىچىك، —دېدى تېيىپجان ئاكا چاقچاق قىلىپ.

—يېنىمغا يېقىن ئولتۇر، —دېدى زۇنۇن ئاكا مېنىڭ قورۇنۇپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ. مەن ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ كۆزەينەك ئاستىدىكى ئولتۇرۇشۇپ، قىزارغان كۆزلىرىدىن سۇنماس بىر كۈچنى كۆردۇم ھەم تېخىمۇ قورۇندۇم، ئۇ ماڭا خېلى ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى، نەپەس ئېلىشلىرى تېز-تېز ھەم كۈچلۈك ئىدى، قولۇمدىن كاپپىدە تۇتتى، قورقۇپ كەتتىم.

—يائاللا، قېرى ئادەمنىڭ قولىمۇ شۇنداق قاتتىق بولامدۇ؟ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم كەپسىزلىكىم ئۈچۈن قولۇمنى يېرىم غېرىچ سوزۇۋەتكەندىمۇ بۇنداق ئاغرىمىغانىدى.

—مەن سېنى ماڭا يېقىن ئولتۇر دېدىم، —دەپ تارتتى،

بوينۇم سوزۇلۇپ يېقىن سۇرۇلدۇم. كۆلۈشكە تىرىشتىم، لې-
كىن ئۈنۈم چىقمىدى. باشقىلار بولسا پاراقلاپ كۈلۈشۈۋاتاتتى.
ئۇ قولىقىمنى قويۇۋەتمەستىن:
— ئاڭلا، دولانلىق، مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، ئەسىرىڭنى
تېيىپجان، روزى گادايلار ئوقۇپ بەردى. سەن يازغۇچى بولۇش-
تىن ئاۋۋال خەت ساۋادىڭنى چىقار.
— خېتىڭنى ھېچكىم ئوقۇيالمىدى، روزى گادايمۇ ”مەن
تەھرىر، ھەرقانداق خەت بولسا شاما قىلىۋېتىمەن“ دەپ پو
ئاتقان، لېكىن ئوقۇيالماي چۆرۈۋەتتى. دولانلىق، دولان قوي-
نىڭ مۈڭگۈزىدەك خەت يازىدىكەنسەن، —دېدى تېيىپجان ئاكا
سۆز قىستۇرۇپ.
خىجىل بولغىنىمدىن يەرگە كىرگىدەك بولۇپ كەتتىم.
— كونا يېزىقنى ئۆزىڭىز ئۆگەنگەنمۇ؟ —سورىدى تېيىپجان
ھادى ئاكا.
— ھەئە.
— قانچە ۋاقىت بولدى؟
— يېزىشنى ئۆگەنگىلى بىر يىل بولدى.
زۇنۇنكامنىڭ قولى يەنىلا قۇلىقىمدا ئىدى.
— ماڭا قارا، سەن قورقۇپ كەتتىڭمۇ؟
— . . . . . .
يەرگە قارىۋالدىم، كۆزۈمگە ياش كەلدى، كۆرسەتمەسلىك-
كە تىرىشىپ، بېشىمنى ئۈستۈن قىلمىدىم.
— ھۇ، نان قېپى، تېخى يازغۇچى بولارمىش! سەن ئەرمۇ،
ئايال؟

بېشىمنى شاققىدە كۆتۈردۇم، تىترەپ كەتتىم، ھەممىسى كۆلدى، زۇنۇنكاممۇ كۈلدى:

—ساگا دەي، قورقما، ئېسىڭدە تۇت، ئىت يېرىم يىلدا يەتتە-سەككىزنى كۈچۈكلەيدۇ، ئىت بولىدۇ. يولۋاس ئون يىلدا بىرنى تۇغىدۇ، يولۋاس بولىدۇ. ئۇبدان يېزىپسەن، بۇزۇلۇپ كەتمەي ياز، تىرىش، كۆپ كۆر، بىز تۇگىدۇق، ھەممە ئىش ئەمدى سىلەر—ياشلارغا قالدى...

ئەكبەر غۇلام كېلىپ بىزنى سۈرەتكە تارتتى. ھەممەيلەن قوزغىلىپ ماڭدى، تېيىپجان ئېلىيوپ بىلەن يەنە بىرەيلەن زۇنۇنكامنى قولتۇقلاپ كىچىك ماشىنىغا چىقاردى. بوۋاينىڭ كەينىدىن تىكىلىپ قالدىم، شۇ مىنۇتتا ئۆزۈمنى باشقىچە روھ-لۇق ھېس قىلماقتا ئىدىم.

—ھاي تېيىپجان ئاكا، بۇ ماشىنىنى مەركەزدىن مەخسۇس سىزگە بەردىمۇ؟

ھە، نېمە دەيسەن، گاداي؟

روزى سايىت بىلەن تېيىپجان ئېلىيوپ ئاكا ئوتتۇرىسىدا چاقچاق باشلاندى.

—سىزدەك ئادەتتىكى شائىرغا پوبېدا بەرگەن بولسا، مەن روزى سايىتتەك مەشھۇر شائىرغا ھۆكۈمەت مەخسۇس ئايروپىلان ياساۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟!

ھەممىمىز پاراقلاپ كۈلۈشۈپ تېلىقىپ، كۆزىمىزدىن ياش چىقىپ كەتتى.

—گەپ قىلە، گاداي! —دېدى زۇنۇنكام سالماق ئولتۇ-رۇپ، —مەن بولمىساڭ سورۇن قىزىمايدۇ، جۇمۇ!

— بۇ ماشىنىغا مەنمۇ چىقىدىكەنمەن-دە، بوپتۇ، مەن مەشـ
ھۇر، سىلەر ئادەتتىكىچە بولساڭلارمۇ كەلگۈسىدە بىز روزى
سايىت بىلەن بىر ماشىنىدا بىرگە ئولتۇرۇۋالغان دەپ ئاغزىڭلار-
نى تاتلىق ئېتەرسىلەر.
— چىقە گاداي، كەلگۈسىدە ئايروپىلانىڭغا بىزنىمۇ ئولتۇر-
غۇزارسەن، — تېيىپجان ئېلىيوپ ئاكا روزى سايىتنىڭ قولىدىن
تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە كۈلكە-چاقچاقلار ئىچىدە ماشىنا
يۈرۈپ كەتتى.
ئىلقا يايلىقىدا تۇرۇپلا:
— ھەي دولانلىق، دولان ئۇسسۇلى ئويناپ بەر، — دېدى
زۇنۇنكام.
— راست بىر كۆرەيلى، — دېدى تېيىپجان ئاكىمۇ خۇشال
بولۇپ.
— يالغۇز ئادەم ئويىنغىلى بولمايدۇ، — دېدىم مەن.
— قورقماي ئوينا، مەن قېرى بار، ئېزىپ كەتسەڭ، تېپىـ
لىپ كەتسەڭ بىز يۆلىۋالىمىز، يالغۇز ئەمەسسەن...
مەن ئۇلارغا ھاياجان بىلەن قارىدىم. ئۇلار چاقچاق قىلغانىـ
دى ھەم چاقچاق قىلمىغانىدى. مەن ئۇلارنى دائىم ئەسلەپ
تۇردۇم. ھەربىر گېپىنى ئېسىمدىن قايتا-قايتا ئۆتكۈزدۈم.
ئىككىنچى قېتىم ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا ئۇ-
نى كۆرگىنىمدە، مەرھۇم ئۇستاز تېيىپجان ئاكا بىزنى تاشلاپ
كەتكىنىگە بىر قانچە كۈن بولغانىدى. مەن قايغۇ ھەم سېغىنىش
ئىچىدە زۇنۇن ئاكىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتۇم. ئەپسۇس، ئۇنى
تېيىپجان ئاكا ئەمەس، باشقا سەپداشلار قولتۇقلىغانىدى. بوۋاي

ئۆزىنىڭ كۆڭگەن قول-پۇتىدىن، يۈرىكىدىن ئايرىلغاندەك بەكمۇ شۈكلەپ جۈدەپ، ئاجىزلاپ كەتكەنىدى.

—ئاكا مېنى تونىدىڭىزمۇ؟ مەن ئەختەم.

—ھە، تونۇدۇم، —مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن شۇنداق دېدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن بىرسى ماڭا:

—ئەختەم، زۇنۇنكام ئىسمىڭنى ئاتاپ ئىزدەۋاتىدۇ، —دېدى. مەن يۈگۈرۈپ زۇنۇنكامنىڭ ياتىقىغا چىقىپ قولىنى تۇتتۇم.

—زۇنۇنكا مېنى ئىزدىدىڭىزمۇ؟

—ياق، —دېدى ئۇ، كۆڭلۈم يېرىم بولدى.

—بايا سورىغانىدى، —دېدى يېنىدىكىلەر.

زىياپەتتە تۆۋەن گرادۇسلۇق بىر رومكا ئۈزۈم ھارىقىنى زۇنۇنكامغا تۇتتۇم:

—ئاكا، ئادەتتە مەن پەقەت ئىچمەيمەن، ئەمما مۇشۇ بىر رومكا ھاراقنى سىزبىلەن ئىچىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

بوۋاي ئورنىدىن تۇرماق بولدى، ئوغلى بەختىيار بىلەن يەنە بىرسى يۆلەپ تۇرغۇزدى.


—دادام ئىچمەيدۇ...

زۇنۇنكام مەن ئۇزاتقان رومكىنى قولىغا ئېلىپ لېۋىگە تەگكۈزۈپ:

—ھازىر مېنىڭ ئاغزىم سەندە، سەن ئىچكىن، —دېدى.

مەن كۆتۈرۈۋەتتىم. بۇھاراق پۈتۈن تومۇرلىرىمغا قان بولۇپ سىڭىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

1990-يىل 13-ماي، لەنجۇ.



مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: لىيۇ جىيافېڭ
كىتاب ئىسمىنى ۋە نىجات ھوشۇر
ماۋزۇلارنى يازغۇچى دولقۇن قادىر

ISBN 7-105-02877-7

9 787105 028771 >

ISBN 7-105-02877-7/I · 700
民文(维 127) 定价: 8.60 元